شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال ، شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا ئائىل ژۇرنال

# BULAK

2005

2



# بۇلاق

ISSN 1005 0876

04>

9 771005 087006

源泉(布拉克)

دهر ایکی طرفدین کرامی طرفین سین و سینینگ اتا بابالارینگ جهانغه پادشاه بولوب کلیب دورلار و سینینگ اولوغ
بابانگ ملک شمس المعالی قابوس ابن وشمگیر که ارغش نینگ نبیره سی ایردی کیخسرو نینگ وقتیدا گیلان
پادشاهی ایردیکه ابوالمؤید بلخی انینگ ذکرینی شاهنامه‌دا کلتوروب دورلار گیلان و دیاری نینگ پادشاهلیغی سینینگ
بابالارینگغه انیکدین یادگار قالمیش دور و سینینگ مامانگ که مینینگ نام دور مرزبان ابن رستم سروین نینگ
قیزی ایردیکه مرزبان نامه کتاب مصنّف دور کابوس سینینگ اون اوچونجی بابانگ دور و سینینگ آتانگ که مینینگ
منکوحیم دور پادشاه غازی محمود دین ناصرالدین نینگ قیزی ایردی و مینینگ بابام حسین مردان دور که دیلمان ملکی نینگ
پادشاهی ایردی بس ای اوغول هوشونگ بیله بولغیل هرچند من سنگا خوبلوق نینگ نشانه سی و ادب دین بولماق
نینگ علامات لارینی سنگا آشکارا قیلدیم ای اوغول مینینگ بو جهاندین کتارگونوم یاوق ییتی و سین هم مینینگ ایزیم
کلکونگدور بیلگیل ای اوغول بو جهان زراعت گاه دور بخشی و یمان دین نه تاریسانگ انی اوراسین سینینگ
تاریغانینگ نینه برکتسی اوز تاریلغانسیغه توشوب یماسون و سین اثر آبادیرگا ایلتیب بیکیل آباد ایراول
سرای بانی دور بخشی ایرانلار بو جهاندا شیر همت لیک بولورلار و یمان لار سک همت لیک بولور
لار و سک لار مادنه دور نه بردا تاپ اندا اکوسی دور شیرلار رسمی ایلیب ینه بریردا اکوسی دور و سینینگ
شیکار قیلادورغان مکانینگ اوشبو ایش کونلوک عالم دور سینینگ شیکارینگ عالم ربله بخشی لیقی
قیلماقدور و بخشی آت کوتارماک بولور بیل ای اوغول شیکار قیلغل تا سرای باقی غه ایلتیب بکای
سین و خوبلوق نتیجه سی کورگای سین و هسانلیق غه بیکای سین بو ایش لارنینگ طریقه سی

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ


قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق



26 ـ يىل نەشرى

ئومۇمىي 101 ـ سان



بولۇر ھەر ئىشقا كۆز باشى ئارسلان،
بولۇر ئىتلار ھەمە ئارسلانسىمان.

ئەگەر بولسا ئىت ئۇ ئارسلانغا باش،
بولۇر ئارسلانلار ھەم ئىتتەك ھامان.

بىلىمسىز گەر تۆردە ئوردۇن بولسا، كۆز،
بۇ تۆر بولدى يەرگاھ، يەرگاھ بولدى تۆز.

بولۇپ قالسا يەرگاھ ئالىمغا ئوردۇن،
بۇ يەرگاھ بولۇر تۆر ئىشغى ئەڭ بۇجۇدۇن.

— يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ئابلىكىم زۇنۇن قىجەنى يازغان

# بۇلاق

2005- يىللىق 2- سان





باش مۇھەررىر: ئابلەت ئىمىن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن (كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)


## بۇ ساندا


### ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«سىددىقنامە» دىن ........................ مۇھەممەد سىددىق رەشىدى (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدى ........................ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (23)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### تىل، تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

«قۇتادغۇبىلىك» ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆزى ..............

........................ روبېرت. دانكوف (ئامېرىكا) (29)

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەكبەر ئەمەت

قاراخانىيلار ........................ ئۆمەلژان پىرتساك (گېرمانىيە) (42)

تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن



مەسئۇل مۇھەررىر: پەرىدە ئەمىن

ھەقىقەتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى — ئەمەلىيەت ۋە پاكىت ......................
........................................ ئابدۇسالام توختى (55)

## دىن ئەتىقاتى

دوست — دوستنىڭ ئەينىكى ........................ نەجىبە ئەمىن (77)

## بىزدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت

ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى كەسپىي ئەخلاق ......................................
........................................ ئەنۋەر سەمەد قورغان (81)

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

زۇلمەت ئىچىدە نۇر ........................................ مىركەرىم ئاسىم (102)
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ

* *

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: بارخان

* *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: نەي مۇڭى (رەسسام: نۇرمۇھەممەت ئابلىز)
مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتىدە: «سىددىقنامە»نىڭ قولىيازما نۇسخىسىدىن
ئۈچىنچى بېتىدە: ئېلشات تۇرسۇن ماي بوياق رەسىملىرىدىن
مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: ۋەسۋەسە («سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»گە سىزىلغان قىستۇرما رەسىم)

تەھرىر بۆلۈمىمىزنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827726 (0991)
E—mail: bulak7@Hotmail. com

# رىسالەتنامەدىن①

مۇھەممەد سىددىق رەشىدى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ

## بەشىنچى باب. ئاتا - ئانىنىڭ ھەققىنى تونۇماقنىڭ بايانى

— بىلگىل، ئەي ئوغۇل، تەڭرى بۇ جاھاننى ئاۋات قىلىشنى ئىرادە قىلىپ، [ئىنسانلارنىڭ] نەسلىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن شەھۋەتنى پەيدا قىلدى. ئاتا - ئانىنى پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب قىلدى.

بەس، پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشىگە سەۋەب بولغان ئاتا - ئانىنىڭ ھەققىنى بەجا كەلتۈرمەك پەرزەنت ئۈچۈن ۋاجىبتۇر. ئاتا - ئانامنىڭ مەندە نېمە ھەققى بولسۇن، پەرزەنتنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇلارنىڭ (يەنى ئاتا - ئانىنىڭ) نەفسى خاھىشىدىن بولغان، شۇڭا پەرزەنتلىرىگە شەپقەت قىلىش ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈش ئاتا - ئانا بولغۇچىنىڭ مەجبۇرىيىتى، دېمە. ئاتا - ئانىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي ھەققى شۇكى، ئاتا - ئاناڭ سەن بىلەن پەرۋەردىگارىڭ ئارىسىدا سېنىڭ دۇنياغا كېلىشىڭ ئۈچۈن ۋاستە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن پەرۋەردىگارىڭنى قانچىلىك ئۇلۇغ كۆرسەڭ، ۋاستە بولغۇچىنى (يەنى ئاتا - ئاناڭنى) شۇنچىلىك ھۆرمەت قىلغىن! ئاتا - ئاناڭ سېنى كىچىكىڭدىن تارتىپ مېھرى - مۇھەببەت، شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن پەرۋىش قىلدى. خۇدايىتائالا: «ئۇلۇل - ئەمر» دېگەن. ھەدىستە كۆردۈمكى، «ئۇلۇل — ئەمر» نىڭ بىر مەنىسى «ئاتا - ئانا» دېيىلگەن. ئەرەب تىلىدا «ئەمر» نىڭ مەنىسى ئىككىدۇر — ھەم پەرمان ھەم قۇدرەت ۋە قۇۋۋەت. ئاتا - ئانىدا قۇدرەت بولغانلىقى ئۈچۈن سېنى پەرۋىش قىلدى؛ پەرمان (يەنى پەرمان ئىگىسى) بولغانلىقى ئۈچۈن ساڭا ياخشىلىق ۋە ئەدەب - ئەخلاقنى ئۆگەتتى.

— ئەي ئوغۇل، ئاتا - ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشتىن ساقلان! ئاتا - ئاناڭنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرسەڭ، تەڭرىم ئاتا - ئاناڭنىڭ ھەققىنى غەزەپ بىلەن سەندىن سورايدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) دىن سورىدى:

— ئاتا - ئانىنىڭ ھەققى نېمە ۋە نەچچە؟

ھەزرىتى ئەلى دېدىكى:

---

① بېشى ئۆتكەن سانىدا.

ـــ ئاتا ـ ئانىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا ئۇشبۇ مەسىلە كۇپايىدۇر: ھەزرىتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا بولسۇن) ئاتا ـ ئانىلىرى ئۆز زامانىسىدا ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ سۆھبەتلىرىگە داخىل بولغانلىرىدا، ئۇل ھەزرەت (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆزىدىن يۇقىرى ئولتۇرغۇزۇپ، پەرزەنتلىك بۇرچىنى ئادا قىلىشنى ئۆزى ئۈچۈن ۋاجىب دەپ قارايتتى.

ـــ بەس، ئەي ئوغۇل، ئاتا ـ ئانىنى دىنىي ئىسلام سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ۋۇجۇدۇڭ (يەنى دۇنياغا كېلىشىڭگە ۋاستە بولغانلىق) سەۋەبىدىن بولسىمۇ ھۆرمەت قىل. ئاتا ـ ئاناڭ سېنى پەرۋىش قىلىپ، ياخشى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقانلىقى سەۋەبلىك ھۆرمەت قىل. ئاتا ـ ئانا ھەققىدە ھەرگىز قارا سانىما. ئەگەر ئۇلار ھەققىدە قارا سانىساڭ، ئۇلارنى ھۆرمەتلىمىسەڭ، ھېچبىر ياخشىلىققا لايىق ۋە سازاۋەر بولالمايسەن. ئاتا ـ ئانىنىڭ ياخشىلىقىنى بىلمىگەن، ھەققىنى ئادا قىلمىغان ئادەم باشقىلارنىڭ قەدرىنى ھەم بىلمەيدۇ. ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان ئادەمگە ياخشىلىق قىلىش دۇرۇس ئەمەس. شۇڭا سەن ھەم ئۆزۈڭگە دۇرۇس بولمىغان ئىشنى ئىزدىمە.

پەرزەنتلىرىڭدىن ھۆرمەت تەمە قىلساڭ، ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئاناڭغا ھۆرمەت قىل. چۈنكى پەرزەنت تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئاتا ـ ئانىنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ ئۆگىنىدۇ. مىسالى، ئاتا ـ ئانىنى بىر مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشاتساق، پەرزەنت شۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدۇر. دەرەخنىڭ تەربىيىتى قانچىكى كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى مېۋە بېرىدۇ. ئوخشاشلا ئاتا ـ ئاناڭنى قانچە كۆپ رازى قىلساڭ، ئۇلارنىڭ دۇئاسى بىلەن تەلەپ قىلغان نەرسەڭگە شۇنچە تېز ئېرىشەلەيسەن. ئاتا ـ ئاناڭ سەندىن رازى بولسا، تەڭرىمۇ سەندىن رازى بولىدۇ. مىراسنى دەپ ئاتا ـ ئاناڭنىڭ ئۆلۈمىنى تىلىمە. ئاتا ـ ئاناڭ ئۆلمىسىمۇ، ساڭا قىسمەت بولغان رىزىق ھامان ساڭا يەتكۈسىدۇر. رىزىق (مىراس) ئۈچۈن مۇشەققەتنى ئۆزۈڭگە لازىم تۇتما. ناۋادا شۇ رىزىق تەقدىر ـ قىسمەتتە ساڭا پۈتۈلگەنىكەن، ئۇ ئارتۇق ياكى كەم بولماي ساڭا تەگكۈسىدۇر. ھەرقانچە ھەرىكەت قىلغىنىڭ بىلەنمۇ كۆپىيىپ قالمايدۇ. شۇنداق دېيىلىدۇكى: قىسمەتتە پۈتۈلگەن رىزىق ئۆزگىرىپ قالماس ۋە ھەرىكەت قىلغان بىلەنمۇ كۆپىيىپ قالماس. ئەگەر تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشنى ئىرادە قىلساڭ، سەھەر تۇرۇپ ئۆزۈڭدىن تۆۋەن مەرتىۋە، تۆۋەن تۇرمۇشتىكىلەرنىڭ ھالىغا قارا. شۇندىلا ئاللىقاچان تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەنلىكىڭنى بىلەلەيسەن. گەرچە دۇنيا (پۇل ـ مال) نىڭ يوقلۇقىدىن كەمبەغەل بولساڭمۇ، ئەقىل ـ پاراسەتكە باي بولغىن. چۈنكى ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم ـــ مال ـ دۇنيادىن كۆپ ياخشىدۇر. ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئىلىمنى پۇل ـ مالغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. مالدار (پۇل ـ مال ئىگىسى) نادان، ئىلىمسىز بولسا، پات پۇرسەتتە مۇھتاج ۋە گاداي ھالغا چۈشۈپ قالىدۇ. ئاقىل (ئىلىم ئەھلى) نىڭ مېلىنى ئوغرى ئالالماس، ئوتتا كۆيمەس، سۇ ئاقتۇرۇپ كېتەلمەس! پەم ـ پاراسەتلىك ۋە ساھىبى ئاقىل بولساڭ، ھۈنەر (ئىلىم) ئۆگەنگىن. چۈنكى ھۈنەرسىز (ئىلىمسىز) «دانا» گويا كىيىمسىز تەن ۋە جانسىز سۈرەتكە ئوخشايدۇ. بۇنى «ئەدەب ـــ ئەقىلنىڭ سۈرىتى» دېگەن ئىبارىدىن چۈشەن!

## ئالتىنچى باب. ھۈنەرنىڭ قىممىتى گۆھەردىن ئارتۇق ئىكەنلىكىنىڭ بايانى

گۆھىرىڭ (پۇل ـ مېلىڭ) نىڭ كۆپ بولۇشىدىن ھۈنىرىڭ (بىلىمىڭ) نىڭ كۆپ بولۇشى ياخشىدۇر.

— ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، ھۈنەرسىز (ئىلىمسىز) كىشى مۇغىلان (چۆلدە ئۆسىدىغان تىكەنلىك ئۆسۈملۈك) دەرىخىگە ئوخشايدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ (مۇغىلاننىڭ) غولى بار، سايىسى يوقتۇر. نە ئۆزىگە پايدىسى تەگمەس، نە غەيرىگە.

ئالىي نەسەبلىك كىشىمۇ ھۈنەرسىز (ئىلىمسىز) بولسا، خەلق ئارىسىدا ئىززەت-ھۆرمەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. چۈنكى، كىشى ھۈنىرى (ئىلمى) بىلەن ئىززەت تاپىدۇ. ئەمما، گۆھىرى (پۇل ـ مېلى) نىڭ كۆپ بولۇشى سەۋەبلىك ئىززەت تېپىشى ناتايىن. نەسلى ـ نەسەب گۆھىرىڭ بولمىسا (نەسلى ـ نەسەبىڭ تۆۋەن بولسا)، بۇنىڭ كارى چاغلىق. تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىنسانلىق گۆھىرى (ئىنسانغا خاس ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم) نى ھاسىل قىلغىن. چۈنكى، ئىنسانلىق گۆھىرى نەسلى ـ نەسەب گۆھىرى (ھۈنەرسىز ئالىي نەسەبلىك، ئېسىلزادىلەر) دىن كۆپ ياخشىدۇر.

ئېيتىپتۇرلاركى: شەرەپ نەسەبتىن ئەمەس، بەلكى ئەقىل بىلەن ھۈنەر (ئىلىم) دىن؛ ئۇلۇغلۇق پۇل ـ مال ۋە ياكى ئاتا ـ ئانا قويغان كاتتا ئىسىمدىن ئەمەس، بەلكى ئىلىم بىلەن پاراسەتتىن ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، ئاتا ـ ئانا قويغان ئىسىم كىشىلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن تونۇشۇش ۋە سېنى چاقىرىشنىڭ نىشانىسى — ئالامىتىدۇر. ھەقىقىي نام-شەرەپ، ئۇلۇغلۇقنى ئىلىم ـ ھۈنەر ئارقىلىق ئۆزۈڭ قويغايسەن! شۇنى بىلگىنكى، ئىلىم-ھۈنەرنىڭ بىلەن ئۆمرۈڭ باقىيدۇر. قانداقتۇر كىتاب تەسنىف قىلغان، مەدرىسە بىنا قىلغانلارنىڭ ۋە ياكى ئەھمەد، مۇھەممەد، مۇسا، جەئفەر... دېگەنگە ئوخشاش ئۇلۇغلارنىڭ ۋە ياكى كامىل ھۆكۈمالارنىڭ ئىسىملىرىنى ئۆزىگە ئىسىم قىلىپ قويىۋالغان بىلەنمۇ، ئەھلىي نەسەبلىرىنىڭ ئىلكىدە ھۈنەر گۆھىرى بولمىسا، ھېچ كىشىنىڭ سۆھبىتىگە يارىمايدۇ.

— ئەي ئوغۇل، كىم بولسۇن، ئىلكىدە ھۈنەر گۆھىرى بولسىلا، ئۇنىڭ ئېتىكىنى مەھكەم تۇت، قولۇڭدىن چىقىرىپ قويما!

— ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، ھۈنەرلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ناتىقلىقتۇر. تەڭرىم ئىنسانىنى ھەممە مەخلۇقاتتىن كاتتا قىلىپ ياراتتى. باشقا جانلىقلاردىن ئادەمنىڭ بەدىنىدە ئون نەرسىنى زىيادە قىلدى. ئۇ ئون نەرسىدىن بەشى بەدەننىڭ ئىچىدە، بەشى بەدەننىڭ تېشىدا. بەدەننىڭ ئىچىدىكى بەش نەرسە: پىكىر قىلماق؛ يادىدا (يادقا) ئالماق؛ بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالماي، كۆڭلىدە ساقلىماق؛ خىيال قىلماق؛ سۆزلىمەك.

بەدەننىڭ تېشىدىكى بەش نەرسە: ئاڭلىماق؛ كۆرمەك؛ پۇرىماق؛ سىيلىماق (سىيلاش ئارقىلىق قاتتىق ـ يۇمشاقنى بىلىش)؛ تېتىماق (تېتىش ئارقىلىق ئاچچىق ـ تاتلىقنى بىلىش). بۇ نەرسىلەر ھايۋانلارغا نېسىپ بولغان ئەمەس. نېسىپ بولدى دېگەندىمۇ، ئادەمدە بولغان دەرىجىدە ئەمەس. ئۇشبۇ سەۋەبتىن ئىنسانلار ئۆزگە جانلىقلارغا پادىشاھتۇر. قاچانكى، بۇلارنى چۈشەنگەن بولساڭ، ئۇنداقتا ھۈنەر (ئىلىم) ئۆگەنگىن؛ تىل بىلەن ھۈنەر (سۆز ماھارىتىنى) ئۆگەنگىن، يەنى يېقىملىق سۆزلەشنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. تا سۆزنى

جاي - جايىدا — ئۆز ئورنىدا سۆزلە. ئورۇنسىز ئېيتىلغان سۆز كىشىنى بىزار قىلىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا — ئارتۇقچە سۆز بولۇۋاتقان ئورۇندا، سەن خامۇشلۇقنى ئىختىيار قىل. پايدىسى يوق سۆز ھەرۋاقىت زىيانلىقتۇر.

ھۈنەرنىڭ (ئىلىمنىڭ) ئەسىرى مەلۇم بولمىغان ھەرقانداق سۆزنى دېمىگەن ياخشى. ھۆكۈمالار سۆزنى شارابقا ئوخشىتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا ھەم خۇمار رەنجى (شاراب ئىچىپ ئادەتلەنگەن كىشىنىڭ يەنە ئىچكۈسىنى كەلتۈرىدۇ)، ھەم داۋا ھەم ئازار رەنجى (ئىچكەندىن كېيىن باش ئاغرىيدۇ) بولغانلىقىدىندۇر. شۇڭا سورىمىغان سۆزنى زىنھار ئېيتما. بىھۇدە ۋە ئورۇنسىز سۆزلىمەكتىن پەرھىز قىل. قاچانكىم، بىرى سەندىن سۆز سورىسا، راست ئېيتقىن. كۆرگەنلىكى كىشىگە پەند - نەسىھەت قىلىپ يۈرمە. ئېيتىپتۇرلاركى:

ئاشكارا قىلىنغان نەسىھەت، گويا تاشقا مۇشتلىغانغا باراۋەر.

ئەگەر بىر توپ دەرەخ ئەگرى ئۆسۈپ شاخ ۋە يوپۇرماق چىقارغان بولسا، ئۇنى تۈز ئۆستۈرۈشنىڭ چارىسى كەسمەك ۋە يونۇماقتۇر. يېقىملىق سۆزلەرنى قىلغاندا (ياكى سۆزنىڭ ئۆز ئورنى تېپىلغاندا) بېخىللىق قىلما. چۈنكى ئادەملەر مال - دۇنياغا قارىغاندا ياخشى سۆز، ماختاش، ئىنئام - ئېھسانغا بەكرەك قىزىقىدۇ. تۆھمەت تولا يەردە بولماقتىن، يامان نىيەتلىك ۋە ناچار قىلىقلىق دوستلار ئارىسىدا يۈرمەكتىن ئۆزۈڭنى قاچۇر. ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئالدىما، يەنى قىلغان يامان ئىشلىرىڭنى ياخشى دەپ گۇمان قىلما. مۇقىم بىر يەردە تۇرۇشقا ئادەتلەن. ئەگەر بىرسى سېنى ئىززەتلىمەكچى بولسا، شۇ يەردىن تاپسۇن. خالايىق غەم - قايغۇغا يولۇققاندا، سەن شادلانما. خەلق قايغۇرسا، سەنمۇ تەڭ قايغۇرغىن. شۇنداق قىلساڭ، باشقىلارمۇ سېنىڭ غەم - قايغۇلىرىڭغا ھەمشىرىك بولىدۇ. ئەل ئۈچۈن ئادالەتنى ياقىلا، تا ئۆزۈڭ ئۈچۈن ئادالەتنى ياقىلىغان بولىسەن؛ باشقىلارغا توغرا سۆزلىسەڭ، سەنمۇ باشقىلاردىن توغرا جاۋاب ئاڭلايسەن. شور ئارىلاش يەرگە ئۇرۇق سالما. ھوسۇلنىڭ قەدرىنى بىلمىگەن كىشىگە ياخشىلىق قىلىش، شورلۇق يەرگە ئۇرۇق چاچقان بىلەن باراۋەردۇر. ياخشىلىق قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرگە ياخشىلىقىڭنى ئايىما. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشتىن ئۆزۈڭنى قاچۇرما. ئېيتىپتۇرلاركى: «ياخشىلىققا دالالەت قىلغۇچى، شۇ ياخشى ئىشنى قىلغانغا ئوخشاشلا ساۋاب تاپىدۇ.»

— بىلگىلكى، ياخشىلىق قىلغۇچى ۋە ياخشىلىققا (ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغۇچى — بۇ ئىككىسى بىر تۇغقاندۇر. زامانە ئۇلارنى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. قىلغان ياخشىلىقىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلما. ياخشىلىقىڭ ياكى يامانلىقىڭنىڭ جازاسىنى ئۇشبۇ دۇنيادىلا كۆرىسەن. چۈنكى، سەن بىراۋغا ياخشىلىق قىلساڭ، ئۇ كىشى قانچىلىك راھەتلەنگەن ۋە خۇشال بولغان بولسا، سېنىڭ كۆڭلۈڭدىمۇ ھەسسىلەپ خۇشاللىق ۋە راھەت سەزگۈسى پەيدا بولىدۇ. ئەگەر بىر كىشىگە يامانلىق قىلساڭ، سېنىڭ كۆڭلۈڭدىمۇ ھەسسىلەپ پۇشايمان ۋە غەشلىك پەيدا بولىدۇ. دەر ھەقىقەت، نەزەر سالغىنكى، كىشىنى خۇشال قىلساڭ، ئۆزۈڭمۇ خۇشال بولىسەن. كىشىنى رەنجىتسەڭ، ئوخشاشلا ئۆزۈڭمۇ رەنجىيسەن. ھەرقانداق ئادەم ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ مۇكاپاتىنى ئۇ جاھانغا بارماستىن ئىلگىرى، ئۇشبۇ دۇنيادىلا كۆرگۈسىدۇر. بۇ سۆزنى ھېچ كىشى ئىنكار قىلالمايدۇ. سەن ۋە مەن ھەم بۇ سۆزدە بەرھەقدۇرمىز. شۇڭا، قۇدرىتىڭ يەتسىلا كىشىگە ياخشىلىق قىلىشتىن باش تارتما. قىلغان شۇ ياخشىلىقىڭ ھامان بىر كۈنى ساڭا مېۋە بېرىدۇ. شۇنداق ئېيتىپتۇرلاركى:

مۇتەۋەككىل خەلىپىنىڭ باغداتتىكى چاغلىرىدا فەتھ ئاتلىق بىر قۇلى بار ئىدى. ئۇ تولىمۇ بەختلىك ۋە سائادەتمەن ئىدى. ئۇ ياخشى خۇيلۇق، ئەدەبلىك ئوغۇل ئىدى. خەلىپە ئۇنى پەرزەنتلىككە قوبۇل قىلغانىدى. فەتھ سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىشكە ئىرادە قىلدى. فەتھ گۆدەك ئىدى. سۇ ئۈزۈشنى تېخى مۇكەممەل ئۆگىنىپ بولمىغانىدى. ئەمما ئۆزىنى كامىل كۆرسىتىش گۆدەكلەرنىڭ ئادىتىدۇر. فەتھ بىر كۈنى ئۇستازىغا بىلدۈرمەي، سۇ ئۈزمەك بولۇپ دەريا لېۋىگە باردى. سۇ ناھايىتى ئۇلۇغ ئىدى. فەتھ ئۆزىنى سۇغا تاشلىدى. سۇ غالىب كەلدى. فەتھنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى. سۇ بىلەن كۈچ ئېلىشالمىدى. ئۆزىنى سۇنىڭ ئېقىشىغا قويۇپ بەردى. سۇ يۈزىدە ئېقىپ، تا خالايىقنىڭ كۆزىدىن يۈتتى. سۇ فەتھنى دەريا لېۋىگە ئېلىپ كەلدى. دەريا لېۋىدە سۇ كولاپ كەتكەن تۆشۈكلەر بار ئىدى. تۆشۈكلەرگە يېقىن كەلگەندە، فەتھ ئۆزىگە ھەرىكەت بېرىپ، شۇ تۆشۈكلەردىن بىرىگە ئۆزىنى ئالدى ۋە كىرىپ يەتتە كېچە ۋە كۈندۈز شۇ چوقۇردا ئولتۇردى.

ئاۋالقى كۈنى: «فەتھ دەرياغا غەرق بولۇپ كەتتى» دەپ خەلىپىگە خەۋەر قىلىشقانىدى. خەلىپە تەختىدىن چۈشۈپ يەردە ئولتۇردى. كېمىچىلەرنى چاقىرىپ:

— ھەرقانداق كىشى فەتھنى يا تىرىك يا ئۆلۈك بولسۇن، مېنىڭ ئالدىمغا كەلتۈرسە، ئۇنىڭغا ئىنئام بېرىمەن ۋە مەن فەتھنى قايسى ھالەتتە بولمىسۇن، كۆرمىگىچە تائام يېمەيمەن، — دەپ پەرمان قىلدى.

كېمىچىلەر دەرياغا چۈشۈپ فەتھنى ئىزدەپ ھەر تەرەپكە ئۈزۈشتى. تا يەتتە كۈن ئۆتتى. بىر كېمىچىنىڭ كۆزى فەتھ ئولتۇرغان تۆشۈككە چۈشتى. كېمىچى فەتھنىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بىسىيار خۇشال بولدى ۋە: «مەن بېرىپ بىر نەچچە ئادەم باشلاپ كېلەي» دەپ خەلىپىنىڭ ئالدىغا كەلدى. دېدىكى:

— ئەي ئەمىر ۇل - مۇئمىنىن، ئەگەر فەتھنى تىرىك كەلتۈرسەم، ماڭا نېمە بېرىسىز؟

خەلىپە دېدى:

— بەش مىڭ ئاقچا (ئالتۇن) بېرىمەن. كېمىچى:

— مەن فەتھنى تاپتىم. تىرىك كەلتۈرىمەن، — دەپ چىقىپ كەتتى ۋە بىرنەچچە كىشى بىلەن بېرىپ، فەتھنى خەلىپە ئالدىغا سالامەت — تىرىك ئېلىپ كەلدى. خەلىپە كېمىچىگە ئاقچىكىم دەپ قويغانىدى. ئەمما لەۋزىدە تۇرۇپ ۋەدە قىلغان ئاقچىنى شۇ زامان بەردى ھەمدە ۋەزىرىگە:

— خەزىنىدە ھەر نېمە بولسا، نىسپىنى كەمبەغەللەرگە بەرگىن، — دېدى. ئاندىن:

— يەتتە كېچە - كۈندۈز بولدى، فەتھ ئاچ ۋە ئۇسسۇزدۇر، — دەپ [خىزمەتچىلەرنى] تائام كەلتۈرۈشكە بۇيرۇدى. ئەمما فەتھ:

— ئەي ئەمىر ۇل - مۇئمىنىن، مېنىڭ قورسىقىم توق، تائامغا مەيلىم يوق، — دېدى.

خەلىپە:

— سۇ بىلەن تويدۇڭمۇ؟ — دېدى. فەتھ:

— بۇ يەتتە كۈن ئىچىدە ھەر كۈنى بىر تاۋاق ئۈستىدە ئون نان ئېقىپ كېلەتتى. مەن قول ئۇزىتىپ شۇ ناندىن ئىككى - ئۈچىنى ئېلىۋالاتتىم. شۇنىڭ بىلەن تىرىكچىلىك قىلدىم. ھەربىر ناننىڭ يۈزىگە «مۇھەممەد ئىبىن ھۇسەن ئەل - ئەشكاف» دېگەن سۆز پۈتۈلگەنىكەن، — دېدى. خەلىپە پەرمان قىلدىكى:

— دەرھال جار سېلىڭلار! دەرياغا نان تاشلىغان كىشى كىم بولسۇن، ئالدىمغا كەلتۈرۈڭلار ۋە ئەمىرۇل - مۆئمىنىن ساڭا ئىنئام بېرىدۇ، خالىغان ھاجىتىڭنى ئورۇنلايدۇ، دەڭلار!

بىر كۈندىن كېيىن بىر كىشى پەيدا بولدى ۋە دېدىكى:

— دەرياغا نان تاشلىغان كىشى مەن ئىدىم. خەلىفە سورىدى:

— قانداق نىشان ۋە ئالامەت (بەلگە) بىلەن ئىسپاتلايسەن؟ ئۇل كىشى:

— نىشانە ۋە گۇۋاھىم شۇدۇركى، ھەربىر ناننىڭ يۈزىگە «مۇھەممەد ئىبن ھۇسەن ئەل - ئەشكاف» دېگەن سۆزنى پۈتكەندۇرمەن، — دېدى.

ھەممە «راست شۇكەن» دېيىشتى.

خەلىفە سورىدى:

— دەرياغا نان تاشلاۋاتقىنىڭغا نەچچە كۈن بولدى؟

— بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىلى بىر يىل بولدى.

— بۇنداق قىلىشىڭدىن غەرىزىڭ نېمە؟

— غايىبتىن: ياخشىلىق قىلغىل، دەرياغا نان تاشلا، بىر كۈنى ساڭا ھوسۇل بەرگۈسىدۇر، دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندىم، — دېدى خەلىفە:

— ھەر نەكىم قىلدىڭ، ھوسۇلىنى تاپتىڭ، — دەپ ئۇل كىشىگە باغداد دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن بەش پارچە يەر بەردى. ئۇل كىشى شۇ يەرنى باشقۇرۇپ تولا دۇنيادار بولدى.

مۇئەللىف شۇنى سەمىڭلارغا سالىدۇكى: خۇدانىڭ پەرمانى بىلەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋاقىت - سائىتى يېتىپ، مەن ھەجگە (ھەج تاۋپىغا) باردىم. ھەقتائاللا ماڭا خانەئى مۇبارەكنى تاۋاپ قىلىشنى نېسىپ قىلدى. ئۇل كىشىنىڭ نەۋرىلىرىنى باغدادتا كۆردۈم. بۇ ھەقتىكى ھېكايىنى شۇ يەردە ياشانغان كىشىلەردىن ئاڭلىغاندىم.

— ئەي ئوغۇل، قۇدرىتىڭنىڭ بارىدا ياخشىلىق قىلىشتىن توختىما. خالايىققا ئۆزۈڭنى ياخشىلىق ۋە ياخشى پېئىلىڭ بىلەن كۆرسەتكىن. يامانلىق بىلەن كۆرۈنۈشتىن ساقلان. تىلىڭدا بىر خىل، دىلىڭدا بىر خىل بولمىغىن. ھېچقاچان بۇغداي كۆرسىتىپ، ئارپا ساتما. ھەممە ئىشلاردا ئۆزۈڭنىڭ ھالىغا ئۆزۈڭ يەت. ھەر كىشى ئۆز ھالىغا ئۆزى يەتسە، كىشىگە ئېھتىياجى چۈشمەيدۇ. ئەگەر غېمىڭ ۋە شادلىقىڭ بولسا، كۆرگەنلا كىشى ئالدىدا ئاشكارا قىلىۋەرمە. غېمىڭگە غەم ۋە شادلىقىڭغا شاد بولىدىغان مۇڭداش تېپىپ ئاندىن ئېيتقىن. ياخشىلىق ۋە يامانلىق ھالىتىڭگە تېز سۆيۈنمە ۋە ھودۇقما. بۇنداق قىلىش، يەنى تېز سۆيۈنۈش ۋە ھودۇقۇش گۆدەكلەرنىڭ ئىشىدۇر. ئازغىنا بىر ئىش ئۈچۈن تەبىئىتىڭنى ئۆزگەرتمە. ئەقىل ئىگىلىرى بۇنداق ھالەتنى خوپ كۆرمەيدۇ. شۇنى بىلگىنكى، ھەرقانداق شادلىقنىڭ ئاخىرىدا قايغۇسى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇنى شادلىق دەپ بىلمە. ئۈمۈتسىزلىققا دۇچ كەلگەن ۋاقتىڭدا ئۈمىدۋار بول. ئۈمىدسىزلىك ئىشىكىنى ئۈمىد ئىشىكى بىلەن تاقا. ھەممە ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بۇ جاھاندىن ئۆتكۈلۈك ۋە بۇ ئالەمدىن كەتكۈلۈك دەپ بىل. ھەقىقانىي ۋە توغرا ئىشلارنى ئىنكار قىلىشتىن ساقلان. ئەگەر كىشى ساڭا ئاچچىقلىسا، سەن ئۇنىڭ ئاچچىقىنى خامۇشلۇق بىلەن پەس قىل. ئەخمەقنىڭ سۆزىگە جاۋاب بېرىشتىن ئۆزۈڭنى تارت ۋە ھېچ كىشىنىڭ ئەمگىكىنى زايا قىلما. خۇدا رىزاسى ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىل. ئۆز يۇرتۇڭدىكى يېشى چوڭ، قېرى كىشىلەرگە كۆپ ئىززەت قىل. رەسۇل ئەلەيھىس-

سالام: «ئۆز قەبىلىسىدىكى قېرىلار، شۇ قەبىلە ئۈممەتلىرى ئارىسىدا پەيغەمبەرگە ئوخشاشتۇر» دېگەن. قېرىلارنىڭ سۆھبىتىگە تولا ھېرىس بولما. ئۇلارنىڭ ئەيىب - نۇقسانلىرىنى بىلىپ قېلىشتىن ساقلىنالايسەن. ئەمما، قېرىلارنىڭ ھۈنەر - پەزىلەتلىرىگە نەزەر سال. ئەيىب - نۇقسانلىرىغا كۆز سالما. كىشىنىڭ ئەيىبىگە كۆز سېلىش ئەيىبتۇر.

خاتىرجەم — ئامان بولاي دېسەڭ، ناتونۇش كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولما. چۈنكى ناتونۇش كىشى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولساڭ، گۇمان - شۈبھىدىن خالىي بولالمايسەن. زەھەرنى مەنپەئەتلىك دورا دەپ گۇمان قىلىش — نادانلىقتۇر.

ھۈنەرۋەنلەرنىڭ (ئىلىم ئەھلىنىڭ) پەم - پاراسىتىگە باق. ھۈنەر (ئىلىم) ئۆگەنمەي، پەم - پاراسەتلىك بولماي تۇرۇپمۇ جان باقالايمەن دېيىش، ئەقىلسىزلىك، پاراسەتسىزلىكتۇر. شۇڭا ھۈنەر (ئىلىم) ئۆگەنگىن. ئۆگەنمەك، ئاڭلىماقتىن نومۇس قىلما. ئىلىم ئۆگەنسەڭلا، ئار - نومۇستىن خالىي بولىسەن. ھۈنەرۋەنلەرنىڭ (ئىلىم ئەھلىنىڭ) ھۈنىرىنى (ئىلمىنى) ئۆگىنىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىگە كۆزۈڭ چۈشۈپ قالسا، «پايدا - زىيىنى قانچىلىك، زىيىنى نەگىچە يېتىدۇ؟» دېگەنلەرنى سېلىشتۇرۇپ، ئارىدىن ئۆزۈڭنىڭ مەنپەئىتىنى ئىزدە. ئەگەر ئۇ خەلىققە پايدىسىز بولسا، سەن ھەم ئۇنىڭدىن يىراق بول. ئۆزۈڭنى ھۈنەر - ئىلىم ئۆگىنىشكە ئادەتلەندۈر. نېمىنى بىلمىسەڭ، شۇنى ئۆگەن. ھەرقانداق بايلىق ھۈنەردىن ياخشى ئەمەس. ھەرقانداق ئىززەت - ھۆرمەت ئىلىم ۋە بىلىمدىن ئۇلۇغ ئەمەس. ھەرقانداق زىبۇ - زىننەت شەرم - ھايادىن گۈزەل ئەمەس ۋە ھەرقانداق دۈشمەن يامان خۇيدىن يامان ئەمەس. ئۆگەنمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭغا ۋاقىت بەلگىلەپ قويما. ھەر ۋاقىت، ھەرقاچان، ھەرقانداق ئەھۋالدا تىرىشىپ بىرەر ئىلىمنى ئۆگەن. بىر سائەت ۋاقىتنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمە. ئەگەر ئىلىم ئۆگەنمەكچى بولغان ۋاقىتىڭدا بىرەر دانا كىشى، يەنى ئالىمنى تاپالمىساڭ، ناداندىن ئۆگەنسەڭمۇ بولىدۇ. چۈنكى كۆڭۈل كۆزى بىلەن نادانغا قارىساڭ، ئۇنىڭ يارىماس ئىشلىرىنى كۆرىسەن. ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئەقىل - ئەندىشىسىنى يۈرت، يەنى ئەقىل بىلەن ئىش قىلىشقا ئادەتلەندۈر. بىلگىل، نادان قىلغان ئىشنى قىلمىغۇلۇق، بولمىسا، نادان ساڭا يېقىمسىز كۆرۈنگىنىدەك، سەنمۇ باشقىلارغا نادان ياكى يېقىمسىز كۆرۈنىسەن. ئىسكەندەر (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين):

«مەن مەنپەئەتنى دوستلىرىمدىن ئەمەس، بەلكى تولاراق (تولا چاغلاردا) دۈشمەنلىرىمدىن تاپقانمەن. ناۋادا مەندىن بىرەر ناچار قىلىق كۆرۈلسە، دوستلىرىم شەپقەت - مېھرىبانلىق يۈزىسىدىن ئۇل يامان قىلىقلىرىمنى ياپىدۇ. مەن ئۇنى (مەندىن سادىر بولغان يامان ئادەتلەرنى) بىلمەي قالىمەن. دۈشمەنلىرىم بولسا، دۈشمەنلىك جەھەتتىن ئاشكارا قىلىدۇ. مەن ئۇ يامان قىلىقلىرىمنى ئۆزۈمدىن يىراق قىلىمەن. بەس، مانا بۇ نەپ - مەنپەئەتنى دۈشمىنىمدىن تاپقىنىمدۇر» دېگەن. دېمەك، بۇ دانالىقنى ناداندىن ئۆگەنگەنلىك بولىدۇ.

مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىكلەر بولسۇن، ھۈنەر ۋە بىلىم ئۆگىنىش ۋاجىپتۇر. چۈنكى ئۆزگىلەردىن ئۆزىدە بولمىغان ئارتۇقچىلىقنى، پەزىلەت ۋە ئىلىم - ھۈنەرلەرنى تاپقىلى بولىدۇ. قاچانكى سېنىڭ باشقىلاردا يوق بىرەر ھۈنىرىڭ بولسا، ئۆزۈڭنى ھەمىشە ئۆزگىلەردىن زىيادە كۆرىسەن. باشقىلار ھەم ھۈنەر ۋە پەزىلىتىڭگە بېقىپ سېنى تەڭتۇشلىرىڭدىن ئارتۇق ۋە ئۇلۇغ كۆرىدۇ. چۈنكى خەلق ئاقىل كىشىنى ئۆزگىلەردىن ئارتۇق — ئۇلۇغ كۆرىدۇ ئەمەسمۇ؟! تىرىشقان، ئىجتىھاد بىلەن ئۆگەنگەن كىشى كۈندىن - كۈنگە ئۇلۇغ

ۋە ھۈنەرۋەن، بىلىملىك بولىدۇ. بەرھەقكى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم ئۆگىنىش كويىدا يۈرگەن كىشى پات پۇرسەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرالايدۇ. ھۈنەر - ئىلىم ئۆگىنىشتىن قول يىغماق ۋە تىرىشچانلىق — جاھىللىق ۋە مۇھتاجلىقتا رازى بولغانلىق بولىدۇ. ھۈنەر ئۆگىنىش ۋە شۇ يولدىكى تۈرلۈك مەشغۇلات بىلەن بەدەننى چېنىقتۇرۇش تولىمۇ مەنپەئەتلىكتۇر. ئېيتىپتۇرلاركى: ھۇرۇنلۇق بەدەننى بوشاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەگەر بەدىنىڭ سېنىڭ پەرمانىڭغا بويسۇنمايدىكەن، سەن خاتىرجەم بولالمايسەن. چۈنكى بەدەنىڭنىڭ سۇس ۋە بوشاڭ بولۇشى خاتىرجەملىكىڭنى قوبۇل قىلالمايدۇ. بەدىنىڭ ئۆز مەيلىچە ئەمەس، بەلكى سېنىڭ خاھىشىڭ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. سەن خالىمىساڭ ياكى سېنىڭ ماقۇللۇقۇڭ بولمىسا، بەدەن ھېچبىر ھەرىكەتنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. بەس، سەن چېنىقتۇرۇش بەدىلىگە بەدىنىڭنى پەرمانىڭغا بويسۇندۇر. قەھرىڭ بىلەن ئىتائىتىڭگە كەلتۈر! ھەرقانداق كىشى ئۆز بەدىنىنى پەرمانىدا تۇتالمىسا، ھۈنەردىن بەھرە ئالالمايدۇ. قاچانكى بەدىنىڭنى ھۈنەر ئۆگىنىشكە — پەرمانىڭغا بويسۇندۇرساڭ، ھۈنەر بىلەن ئىككىلا جاھاندا سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىك تاپالايسەن.

ھەممە ياخشىلىق ۋە ئۇبدانلىقنىڭ سەرمايىسى — ئاساسى مۇنۇ سەككىز ئىش بىلەندۇر: بىرىنچى، ئىلىم ئۆگەنمەك؛ ئىككىنچى، نەفسىنى يىغماق، تائەت - ئىبادەت بىلەن بولماق؛ ئۈچىنچى، ياخشىلار، تەقۋادارلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولماق؛ تۆتىنچى، راست سۆزلىمەك (ئۆزىنى راستلىق بىلەن تۇتماق)؛ بەشىنچى، ئىخلاس ۋە ئېتىقادىنى دۇرۇست قىلماق؛ ئالتىنچى، كىشىلەرگە ئازار يەتكۈزۈشتىن يىراق بولماق؛ يەتتىنچى، باشقىلارنىڭ ئېغىرىنى كۆتەرمەك؛ سەككىزىنچى، شەرم - ھايالىق بولماق.

ئومۇمەن، بۇ سۈپەتلەرنىڭ ئاساسى يەنىلا شەرم - ھايادۇر. بىراق، «ھايا، يەنى ئارتۇقچە تارتىنچاقلىق رىزىقتا توسالغۇ بولىدۇ» دېگەن گەپمۇ بار. بەزىدە تارتىنچاقلىق چېكىدىن ئاشسا، ئۇۋالچىلىقتا قالىسەن، شۇڭا ئارتۇقچە تارتىنچاقلىق قىلمىغىنكى، ئىشلىرىڭدا يېتەرسىزلىك كۆرۈلمىسۇن ۋە پايدىلىق ئىشىڭدا زىيان بولمىسۇن. كۆپ ۋاقىتلاردا تارتىنىش تۈپەيلى مەقسىدىڭ ھاسىل بولمايدۇ. شۇڭا تارتىنماسلىق كېرەك. ئەمما، گۇناھتىن (گۇناھلىق بولۇپ قېلىشتىن)، بېخىللىقتىن، ئۇنۇتقاقلىقتىن، يالغانچىلىقتىن (يالغان ئېيتماقتىن) شەرم تۇتماق كېرەك. بىراق، مەنپەئەتلىك سۆز - ھەرىكەتلەردە ۋە پايدىلىق ئىشلاردا ھايا قىلىپ تارتىنىپ تۇرساڭ، يامان نەتىجىگە قالىسەن، مۇرادىڭغا يېتەلمەيسەن، مەقسىدىڭ ھاسىل بولمايدۇ. ھايا قىلىدىغان (تارتىنىدىغان) ۋە ھايا قىلمايدىغان (تارتىنمايدىغان) ۋاقىت ۋە ئورۇننى بىلىش كېرەك. ساۋابلىق ئىشلاردا ۋە شۇنداق ئورۇنلاردا تارتىنچاقلىق قىلىشقا بولمايدۇ. «ياخشىلىق ۋە ئۇبدانلىقنىڭ ئىپتىداسى شەرم - ھايادۇر، يالغانلىقنىڭ ئىپتىداسى ھاياسىزلىقتۇر.»

نادان ۋە جاھىللارنى ئادەم قاتارىدا ھېسابلىما. ئالىم ۋە ھۈنەرۋەنلەرنى ھەقىقىي ئادەم ۋە دانا دەپ بىل. تۇرۇك (بىلىمسىز) ۋە جاھىل پەرھىزكارلارنى تەقۋادار بىلمىگىن. تۇرۇك (بىلىمسىز) ۋە نادان كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولما. ياخشىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولساڭ، ياخشى ئاتاققا ئىگە بولىسەن. ئەمما ئۆزىنى دانا، بىلىملىك ھېسابلايدىغان، ئۆزىنىڭ جاھالىتىگە خۇرسەن بولىدىغان كىشىلەر بىلەن تېخىمۇ ھەمسۆھبەت بولما. ھەر ۋاقىت ياخشى نام بىلەن تونۇلغان ئىلىم ئەھلى بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇشقا تىرىش. ئېيتىپتۇرلاركى:

*يامانىنىڭ ياخشىسى بولغۇچە، ياخشىنىڭ يامانى بول،*
*قارامۇق [نىڭ] دانەسى بولغۇچە، بۇغدايىنىڭ سامانى بول.*

*كۆزۈڭدىن كەم بىلە قىلمە ياۋۇقلۇق،*
*سەن گاندىن كەم بولۇر [سەن]، گول سەندىن گارتۇق.*

*قوشۇلسە مۈشك گەگەر تۇفراغ بىلە،*
*بولۇر تۇفراغ مۈشك، مۈشك تۇفراغ.*

ناۋادا كۈنجۈت يېغى گۈلگە ياكى بىنەفشىگە قوشۇلسا ۋە نەچچە مەھەل بىر شىشە ئىچىدە تۇرسا، ئۇنى گۈل يېغى ياكى بىنەفشە يېغى دەپ ئاتايدۇ. بۇ خۇددى ياخشىلار بىلەن سۆھبەت قۇرغانغا ئوخشاشتۇر. ھەر قاچان ياخشىلىق قىلىدىغانلارنى ياكى ئۇلارنىڭ (ياخشىلارنىڭ) ياخشى ئىشلىرىنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما. ساڭا ھاجىتى چۈشكەنلەرگە ئىززا قىلما ھەم ئۇلارنى ھىممەتسىز ياندۇرما. خۇشخۇيلۇق بىلەن ئاتالماقنى ئۆزۈڭگە كەسپ قىل. كىشىلەر يامان دەيدىغان خۇيدىن يىراق بول. زىيانكار بولمىغىن، يەنى زىيانلىق ئىش قىلمىغىن. چۈنكى زىيانلىق ئىشتىن مۇھتاجلىق ھاسىل بولىدۇ ۋە مۇھتاجلىقتىن نامراتلىق ھاسىل بولىدۇ. ھەمىشە ياخشى ئىش قىلىشقا تىرىشقىن. ئاددىي خەلقنىڭ ۋە جاھىللارنىڭ سېنى ياخشى ۋە ئوبدان دېگىنى ھېساب ئەمەس، تا ئاقىللار ـ ئىلىم ئەھلى سېنى ئوبدان ۋە ياخشى دېگەي!

**ھېكايەت:**

بىر كۈنى، ئەفلاتۇن[①]ھۇجرىسىدا ئولتۇراتتى. خاس شاگىرتلىرىدىن بىر شېرى مەرد كىرىپ كەلدى ۋە ئولتۇرۇپ تۇرلۇك پاراڭلارنى قىلىشقا باشلىدى. ئۇ سۆز ئارىسىدا: «ئەي ھەكىم، مەن بىر كىشىنىڭ سۆھبىتىدە بولغاندىم، ئۇ سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلىپ: ئەفلاتۇن ئۇلۇغ كىشىدۇر. ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشى ئۆتكەن ئەمەس. مۇندىن كېيىنمۇ بۇنداق كىشى ئالەمگە كەلمەيدۇ، ـــ دېدى. سىزنىڭ بارىڭىزدا ئۇنىڭ سانا ۋە دۇئاسىنى سىزگە يەتكۈزۈپ قويۇشنى مۇۋاپىق كۆردۈم، ـــ دېدى.

ئەفلاتۇن شاگىرتىدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆپ بىئارام بولۇپ يىغلىدى. شاگىرتى:

ـــ ئەي ھەكىم، بۇ سۆزدىن سىزگە نېمە ئەلەم ۋە رەنج يەتتى، نېمە ۋەجىدىن يىغلايسىز؟ ـــ دەپ سورىدى. ئەفلاتۇن دېدىكى:

ـــ ئەي خاجە، سىزدىن ماڭا ھېچ رەنج ۋە ئەلەم يەتمىدى، لېكىن ماڭا شۇ تاپتا ئۆلۈم خەۋىرى يەتتى. بۇنىڭدىنمۇ ئەنسىز يەنە قانداق ئىش بولسۇن!؟ بىر جاھىل ـ نادان مېنىڭ تەرىپىمنى قىلىپ مېنى ياخشى، ئوبدان دەپ ماختاپتۇ، قارىغاندا مېنىڭ بىرەر ئىشىم ئۇنىڭغا ياراپتۇ. بىلمىدىم، ئۇنىڭ تەبىئىيتىگە ماس كەلگۈدەك ۋە ئۇ ياخشى كۆرگۈدەك قايسى جاھىلانە ئىشنى قىلغان بولغۇيتۇم؟ ئەگەر خاتا قىلغىنىمنى ـــ ئۇ نادان ياخشى كۆرۈپ ماختىغان ئىشنى بىلگەن بولسام ئىدىم، تۆۋە قىلغان بولاتتىم. شۇبۇ غەم بىلەن يىغلايمەن.

---

① ئەفلاتۇن ـــ پلاتون (مىلادىدىن بۇرۇن 427 ـ 347)، قەدىمكى يۇنانىنىڭ ئىدېئالىست پەيلاسوپى.

يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ھېكايە بار:

بىر كۈنى مۇھەممەد زەكەرىيا ھەكىم شاگىرتلىرى بىلەن [مەھەللە ئىچىدىن] ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا بىر دىۋانە ئۇدۇل كېلىپ: ھېچ كىشى مۇھەممەد زەكەرىيادەك ياخشى ۋە ئوبدان ئەمەس، دەپ كۈلدى. مۇھەممەد زەكەرىيا ئۆيىگە كېلىپ شاگىرتلىرىغا تەييارلانغان ھېلىلە ۋە ئەفتىمۇن①قايناتقۇزۇپ ئىچتى. شاگىرتلىرى:

— ئەي ئۇستاز، بۇ شەربەتنى نېمە ئۈچۈن ئىچىسىز؟ — دەپ سورىدى. ئۇستاز جاۋاب بېرىپ دېدىكى:

— ئۇ دىۋانە مېنىڭ تۇرقۇمدىن ئۆز ھالىغا مۇۋاپىق بىر نەرسە كۆرمىسە، ماڭا قاراپ كۈلمەسىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ شەربەتنى ئىچتىم. ھۆكۈمالار ئېيتقاندەك: «ھەربىر قۇش ئۆز جىنسى بىلەن پەرۋاز قىلىدۇ.»

— ئەي ئوغۇل، جاھىل ۋە ئاچچىقى يامان بولمىغىن. ھەر ئىشتا ئىتتىكلىك قىلما. سەبىرلىك ۋە يۇۋاشلىقنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىل. يۇمشاق بولساڭ، ھەر كىشى تىلى بىلەن يالار؛ يىرىك (قاتتىق) بولساڭ، ھېچ كىشى ئىلكى (قولى) بىلەنمۇ تۇتماس.

ھەممە تائىپە بىلەن چىقىشىپ ئۆتكىن. دوست بىلەن دۈشمەننى ئاربلاشتۇرۇۋەتمە. ھېچ كىشىگە يامانلىق قىلىشنى ئۆگەنمىگىن، بولمىسا، يامانغا يانتاياق بولۇپ قالىسەن. ناۋادا كىشى ساڭا ئورۇنسىز ئازار بەرسىمۇ، سەن ئازار بەرمەسلىككە تىرىش. ئەركەك بولساڭ، كىشىنى رەنجىتمە. تۇرقۇڭنىڭ قانداقلىقىنى بىلەي دېسەڭ، ئەينەككە قاراپ باق. ئەل ئارىسىدا «قىلىقى چىرايلىقنىڭ يۈزىمۇ چىرايلىق، قىلىقى سەتنىڭ يۈزىمۇ سەت» دېگەن گەپ بار. قىلىقى چىرايلىق، يۈزى چىرايلىق. قىلىقى سەتنى ھېچ كىشى ياخشى كۆرمەيدۇ. دوستلارنىڭ مۇۋاپىق نەسىھەتىنى قوبۇل قىل. دوستلىرىڭ بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ تۇر. مۇنۇ سۆزنى ساڭا يادىكار قالدۇرايكى، بىرەر ئىلىمنى ئوقۇغان ياكى بىرەر ھۈنەرنى ئۆگەنگەن بولساڭ، بۇ پەزىلەت ۋە ھۈنىرىڭ تۈپەيلى مەغرۇرلانمىغىن. ھەممىنى بىلىمەن دەپ بىلەرمەنلىك قىلما. بىلىدىغانلىرىڭ ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۆزۈڭنى بىلمەيدىغانلار قاتارىدا سانا. ئۆزۈڭنىڭ نادانلىقىنى - يېتەرسىزلىكىنى بىلەلىسەڭ، ئاندىن دانالار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايسەن.

**ھېكايەت:**

خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭ زامانىدا، بۈزۈر جۇمھۇر②نىڭ ۋاقتىدا رۇمدىن بىر ئەلچى كېلىپ خۇسرەۋ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئىلتىماس قىلدى. خۇسرەۋ ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى بويىچە ئەلچىگە كۆرۈنۈش بەردى. ئەلچى كىرىپ خۇسرەۋنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. خۇسرەۋ مېنىڭ دانا ۋە زىرەك ۋەزىرىم بار دەپ بۈزۈر جۇمھۇرنى ئەلچىگە بىلدۈرۈش خىيالىدا:

— ئەي دانا، بۇ ئالەمدىكى مەۋجۇت نەرسىلەرنى بىلەمسەن؟ — دېدى. بۈزۈر جۇمھۇر:

— ئەي جاھاننىڭ پادىشاھى، مەن قانداق بىلەي؟ — خۇسرەۋ بۇ سۆزدىن تېرىكتى ۋە ئەلچىدىن خىجىل بولۇپ بۈزۈر جۇمھۇرغا:

---

① سەۋدانا پايدىلىق سېرىق ئوت.

② ساسانى ھۆكۈمدارى نۇشرەۋاننىڭ ۋەزىرى.

— ئۇنداق بولسا، ھەممىنى (مەۋجۇت نەرسىلەرنى) كىم بىلىدۇ؟ — دېدى. بۇزۇر جۇمھۇر دېدىكى:

— ھەممىنى بىلگۈچى دەۋرداشلاردۇركى، ئۇلار تېخى ئانىسىدىن تۇغۇلمىدى.

— بەس، ئەي ئوغۇل، سەن ئۆزۈڭنى جامائەت ئارىسىدا ھەممىدىن نادانراق تۇتقىن. قاچانكى، ئۆزۈڭنى نادان تۇتتۇڭ، دانا بولغىنىڭ شۇ. بىلگىنكى، مەمەدانلىق قىلىپ، ھە دېسە ئۆزىنى بىلەرمەن چاغلىغان كىشى ئەمەلىيەتتە ناداندۇر. بۇقرات ھەكىم① شۇ قەدەر دانالىقى ۋە ئىلمى بىلەن: «مەندىن كېيىن كەلگەن ئالىملار ۋە ھۆكۈمالار بۇقرات پۈتكۈل ئالەمنىڭ ئىلمىنى بىلىمەن دەپ زور دەۋا قىلغانىكەن، دەپ مېنى ئەيىبلەشلىرىدىن قورقمىسام، ھېچنەرسە بىلمەيمەن، دەپ ئېيتاتتىم ۋە ئۆزۈمنى ئاجىز دەيتتىم. ئەمما نېمە دەيمەنكى، ماڭا ئوخشاش كىشىنىڭ سۆزى بۇ ئەمەس. چۈنكى بۇ سۆز زور دەۋادۇر.» دېگەنىدى.

ئەبۇ شۇكرى بەلخىمۇ بۇ ھەقتە:

«مەن دانالىقىم بىلەن ماختىنىپ، ئۆزۈمنى بىلىمىم شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بىلمەيدىغىنىم يوق، ئىلمىم كامالىغا يەتتى دەپ ھېسابلايتتىم، ئەمدى بىلدىمكى، مەن بىر بىلىمسىز نادان ئىكەنمەن» دېگەن.

— ئەي ئوغۇل، ھەرقانچە بىلىملىك بولساڭمۇ، ئۆز بىلىمىڭدىن مەغرۇرلانما. بىرەر ئىش ئالدىڭغا كەلسە، ئۇ ئىشنى ئۆزۈڭ پۈتۈنلەي ھەل قىلالايدىغان بولساڭمۇ، ئۆز خاھىشىڭغا بېرىلمە ۋە ئۆز بىلىمىڭگە ئىشىنىپ كەتمە. ئۆزىگە بەك ئىشىنىپ كەتكەن كىشى ھەمىشە پۇشايماندىن خالىي بولالمايدۇ. باشقىلار بىلەن كېڭەشىشتىن نومۇس قىلما. ئاقىل قېرىلار ۋە يېقىن دوستلىرىڭ بىلەن پىكىرلىشىپ تۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ۋە ھېكمەت ئۆگەتكۈچى بولسىمۇ، ھەقسۇبھانە ۋەتەئالا مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىشقا بۇيرۇپ: «يا مۇھەممەد، ئىشلىرىڭدا ساھابىلىرىڭ، سىرداش دوست - يارەنلىرىڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكىن، تەدبىرى سەندىن، نۇسرىتى مەندىن» دېگەن.

— ئەي ئوغۇل، بىلگىنكى، بىر كىشىنىڭ ئەقلى ئىككى كىشىنىڭ ئەقلى بىلەن باراۋەر بولالمايدۇ ۋە بىر كۆز ئىككى كۆز كۆرگەننى كۆرەلمەيدۇ. بىلىشىڭ كېرەككى، بىر تېۋىپ ئاغرىپ قالسا، ئۆزىگە ئۆزى داۋا قىلالمايدۇ. گەرچە تېۋىپلىق ئىلمى ئۆزىدىن تۆۋەن بولسىمۇ، باشقا بىر تېۋىپنىڭ تەدبىرى ۋە داۋالىشىغا موھتاج بولىدۇ. جىنىسداشلىرىڭنىڭ بىرەر ئىشى تۇيەيلى ساڭا ھاجىتى چۈشسە، ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ھەل قىلىشقا تىرىشقىن. ئەمما ئۇنىڭ پۇل - مېلىنى كۆزلىمە. ھاجەتمەن كىشى ھەتتا سېنىڭ ھەسەت قىلغۇچى دۈشمىنىڭ بولسىمۇ، ياردىمىڭنى ئايىما. ئۇنىڭ دەردىگە يەتكىنىڭ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلىكىڭ تۇيەيلى، مۇرادى ھاسىل بولۇپ، مۇشەققەتتىن خالاس بولسا، ئۇنىڭ دۈشمەنلىكى دوستلۇققا ئايلىنىشى مۇمكىن.

قاچانكى، ئوبدان سۆزلەرنى بىلىدىغان ۋە ئېيتىدىغان ئالىملار ئالدىڭغا سالامغا كەلسە، ئۇلارغا كۆپ ھۆرمەت بىلدۈر. ئىلتىپاتىڭنى ئايىما. تا سېنىڭ ئىلتىپاتىڭ ۋە سۆھبىتىڭگە ھېرىس بولغاي! چۈنكى، كىشىلەر ئارىسىدا باشقىلارنىڭ سالىمىغا ئېرىشەلمىگەن كىشى ئەڭ ناكەس كىشىدۇر.

① ئاتاقلىق يۇنان پەيلاسوپى ۋە ئالىمى.

كىشىلەرگە سۆز قىلساڭ تولا ئەزمىلىك قىلما. چۈنكى دانالار سۆز قىلغاندا ئەزمىلىك - سۇسلۇق قىلمايدۇ. گەرچە ھۆكۈما بولسىمۇ، سۇس - ئەزمىلىك بىلەن سۆز قىلسا، ئۇنىڭ ھېكمىتى ھېكمەت بولماي قالىدۇ، سۆزىنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ئابرۇي تاپاي دېسەڭ، سۆزلەشنىڭ شەرتلىرىنى بىل، ناتىقلىقنى ئۆگەن.

## يەتتىنچى باب. سۆزلىمەك ۋە سۆزنىڭ ياخشى - يامىنىنىڭ بايانى

— ئەي ئوغۇل، سۆز سۆزلىگىن، ۋە لېكىن يالغان سۆزلىمىگىن. ئۆزۈڭنى يالغانچىلىق بىلەن مەشھۇر قىلما. راست سۆزلۈك ۋە راستچىللىق بىلەن شۆھرەتلەن. ناۋادا، زۆرۈرىيەتتىن يالغان ئېيتىپ سالساڭمۇ، باشقىلار قوبۇل قىلىنىۋالىدۇ. شۇڭا، ئىمكان بار راست سۆزلىگىن. ھەتتا يالغانغا ئوخشايدىغان راست سۆزنى ھەم دېمە. چۈنكى يالغانغا ئوخشايدىغان راست سۆزدىن راستقا ئوخشايدىغان يالغان سۆز ياخشىراقتۇر. بەزى ھاللاردا كىشىلەر راست سۆزنى قوبۇل قىلماي، يالغاننى قوبۇل قىلىنىۋالىدۇ. شۇڭا ھەر ۋاقىت راستچىل بولۇشقا تىرىش. بولمىسا ئەبۇس - سەۋاد بىلەن مېنىڭ ئارىمىزدىكىدەك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىسەن:

شاھ بىنى ئەبۇل - فەزل رەھمەتۇللاھۇ ئەلەيھىنىڭ زامانىدا — مەن ھەج زىيارىتىدىن قايتىپ كېلگەن يىلى، غازات قىلغىلى گەنجەگە باردىم. ھىندىستان غازىتىنى تولا قىلغان، جەڭلەردە تولا يۈرگەنىدىم. شۇڭا رۇم غازىتىنى كۆرۈش ئارزۇسىدا بولدۇم (شۇ زامانلاردا رۇمنىڭ چېگرىسى گەنجە دېيىلىدىغان بىر مەملىكەتكە قەدەر سوزۇلاتتى).

ئەمىر ئەبۇس - سەۋاد ئۇلۇغ پادىشاھ، قەيسەر ۋە دانىشمەن، خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر، ئادىل ۋە باتۇر، ناتىق، يىراقنى كۆرىدىغان كىشى ئىدى (ئۆتكەن شۇ قەدەر ھۆرمەتلىك، ئۇلۇغ پادىشاھ ئەمىر ئەبۇس - سەۋادنىڭ بوۋىسى ئىدى). مەن ئۇ زاتنىڭ ھوزۇرىغا بارغانىدىم. مېنى كۆرۈپلا بىسيار ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئالدىمغا كەلدى. ئارىمىزدا نۇرغۇن سۆھبەتلەر بولدى. ئۇ تۈرلۈك سوئاللارنى سورايتتى. مەن جاۋاب بېرەتتىم. مېنىڭ بەرگەن ھەربىر جاۋابىم — قىلغان سۆزلىرىم ئۇ زاتقا تولىمۇ ماقۇل كېلەتتى. ئۇ كۆپتىن - كۆپ ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىپ مېنى قايتقىلى قويمىدى. مەن ھەم بۇ قاتارلىق ئېھسان، مەرھەمەت تۈپەيلى كۆڭۈل باغلاپ گەنجەدە نەچچە يىل تۇرۇپ قالدىم. ھەمىشە مەجلىستە، يېمەك - ئىچمەكتە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولاتتىم. بۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇ مەندىن تۈرلۈك سوئاللارنى سوراپ تۇراتتى. [ بىر كۈنى گەپتىن گەپ چىقىپ گورگان توغرىسىدىكى مۇنۇ ھېكايىنى] بايان قىلدىم:

— گورگان شەھىرىنىڭ سەھراسىدا بىر كەنت بار. ئۇ كەنتتىن يىراقراق بىر بۇلاق بار. ئاياللار سۇ ئۈچۈن شۇ بۇلاققا بىرىپ قاپاق ۋە سوغىلىرىدا سۇ ئېلىپ كېلىدۇ. سۇغا بارغانلار سۇ ئېلىپ قايتقۇچە دىققەت بىلەن مېڭىشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ زېمىندا يېشىل قۇرۇت كۆپ بولۇپ، سۇ ئېلىپ كەلگەن كىشى ھەر يەردە شۇ قۇرۇتنى كۆرسە، ئېلىپ يولنىڭ چېتىگە تاشلىۋېتىدۇ. ناۋادا قۇرت سۇ يۈدىگەن ئاياللاردىن بىرەرسىنىڭ ئايىغىغا دەسسىلىپ ئۆلسە، شۇ زامان ئۇچىسىدىكى سۇيى سېسىپ بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۈدۈپ

كەلگەن سۈيىنى تۆكۈۋېتىپ، بۇلاقتىن قايتا بېرىپ سۇ ئېلىپ كېلىشى لازىم.

قاچانكى، ئەمىر ئەبۇس - سەۋاد بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ چىرايىنى ئۆزگەرتىپ، مەندىن يۈزىنى ئۆرىدى. خېلى كۈنلەرگىچە ماڭا ئىلگىرىكىدەك ئىلتىپاتلىق مۇئامىلىدە بولمىدى.

[بىر كۈنى ئەمىرنىڭ] يېقىنلىرىدىن بىرى ماڭا:

— ئەمىر ئەبۇس - سەۋاد سەندىن بۇ ھېكايىنى ئاڭلاپ: «مېنىڭ سۆھبىتىمدە نېمە ئۈچۈن گۇدەكلەرگە ئېيتىپ بېرىدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ؟» دەپ كۆڭلى رەنجىپ قاپتۇ، — دېدى.

مەن دەرھال گەنجە شەھىرىدىن گورگان شەھىرىگە: «شەھەردە بارلىقى قازى، خەتىب ۋە ھاكىم، ئۆلىمالار ئۆزلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىنى بىلدۈرۈپ، شۇ كەنتنى، كەنتنىڭ چېتىدىكى شۇ قۇدۇقنى، قۇدۇقنىڭ ئەھۋالىنى نامە قىلىپ پۈتۈپ، مۆھۈرلىرىنى بېسىپ ئەۋەتسۇن» دەپ ئەلچى ماڭدۇردۇم. تۆت ئايدىن كېيىن نامە كەلدى. ئۇ كەنت، قۇدۇق (بۇلاق) ۋە قورۇتلار توغرىسىدىكى بايانلار مېنىڭ ئېيتقانلىرىم بىلەن ئوخشاش ئىدى. مەن تۆت ئايدا ئەمىرگە ئېيتقان سۆزۈمنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ مۆھۈرلۈك خەتنى ئەبۇس - سەۋادنىڭ ئالدىغا قويدۇم. ئۇ زات خەتنى ئوقۇپ كۆرۈپ، ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— ساڭا ئوخشاش كىشىنىڭ ھەرگىز يالغان ئېيتمايدىغانلىقىنى، خۇسۇسەن، مېنىڭ ئالدىمدا يالغان ئېيتمايدىغانلىقىڭنى ئوبدان بىلەتتىم. ئەمما شۇنداق راست سۆزنى نېمە ئۈچۈن ئېيتىسەن؟! شۇ سۆزنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن تۆت ئاي داۋامىدا نەچچىلىگەن ئىلىم ئەھلىنىڭ مۇشەققىتىنى قوبۇل قىلدىڭ ۋە بۇ قەدەر جاپاغا گىرىپتار بولدۇڭ، — دېدى.

— بىلگىن، ئەي ئوغۇل، سۆز تۆت قىسىم بولىدۇ: بىرى شۇكى، بىلگۈلۈك ھەم ئەمەس، ئېيتقۇلۇق ھەم ئەمەس (بىلمە ھەم سۆزلىمە)؛ ئىككىنچىسى، ھەم بىلگۈلۈك ۋە ھەم ئېيتقۇلۇق (بىلىۋال ھەم سۆزلە)؛ ئۈچىنچى، ئېيتقۇلۇق ئەمما بىلگۈلۈك ئەمەس (سۆزلە لېكىن بىلمە)؛ تۆتىنچىسى، بىلگۈلۈك ئەمما ئېيتقۇلۇق ئەمەس (بىلىپ قوي ئەمما سۆزلىمە). ھەم بىلگۈلۈك ۋە ھەم ئېيتقۇلۇق (بىلىۋال ھەم سۆزلە) دېگەنىدىم شۇكى، بىلىۋېلىشقا ھەم ئېيتىشقا تېگىشلىك سۆزلەر دىننىڭ ۋە ماكانىڭنى مەدھىيىلەيدىغان، ياخشى تەرىپىنى قىلىدىغان، بۇ جاھان ھەم ئۇ جاھاندا، يەنى ئىككىلا ئالەمدە پايدىلىق سۆزلەردۇر. بۇنداق سۆزلەر ئېيتقۇچىغىمۇ، ئاڭلىغۇچىغىمۇ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ.

بىلگۈلۈك ئەمما ئېيتقۇلۇق ئەمەس (بىلىپ قوي ئەمما سۆزلىمە) دېگىنىم شۇكى، بىرەر ئۇلۇغ كىشىنىڭ ۋە ياكى بىرەر دوستۇڭنىڭ ئەيىبى ساڭا مەلۇم بولسا، يەنى ئەقىل ۋە تەدبىر تۇپەيلى شەرىئەت ھۆكۈمىدىن تاشقىرى — ئالەم ئىشلىرىغا مۇخالىپ بىرەر ئىش يۈز بەرسە، ناۋادا باشقىلارغا ئېيتساڭ، ئۇلۇغلار سەندىن ئاغرىنىدۇ، دوستۇڭغا ئازار يېتىدۇ ياكى شۇ ئىش سەۋەبلىك غەۋغا - ئەنسىزلىك پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق سۆزلەرنى بىلگۈلۈك، ئەمما ئېيتقۇلۇق ئەمەس.

ئېيتقۇلۇق ئەمما بىلگۈلۈك ئەمەس (سۆزلە، لېكىن بىلمە) دېگىنىم شۇكى، خۇدايىتائالا تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان قۇرئان كەرىم ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالاملىرى ئۇنىڭغا بولسۇن) نىڭ ھەدىسلىرىگە قارىتا ئۆلىمالار ئۆز چۈشەنچىلىرى بويىچە شەرھىي يازغان ۋە تەپسىر قىلغان بولغاچقا، مەنىلىرىدە بەزى ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت. ئەسلىدە بۇ ئايەتلەرنىڭ مەنىلىرىنى تەڭرىدىن باشقىلار بىلمەيدۇ. شۇڭا بۇ شەرھىي ۋە تەپسىرلەرنى ئوقۇساڭ، ئېيتساڭ بولىدۇ، مەنىسىنى بىلمىسەڭ ساڭا ھېچ زىيىنى يوق،

تەڭرىمۇ غەزەپ قىلمايدۇ.

يۇقىرىدا تۆت تۈرلۈك سۆزنى بايان قىلدىم. بۇلاردىن ئەڭ ياخشىسى «ھەم ئېيتماق ھەم بىلمەكتۇر.» ھەر بىر سۆزنىڭ ئىككى يۈزى بولىدۇ: بىرى ياخشى (يېقىملىق)، بىرى يامان (قوپال). ھەرقاچان كىشىلەرگە سۆز قىلساڭ، ياخشى (يېقىملىق) تەرىپى بىلەن سۆزلە. ياخشى (يېقىملىق) سۆزلەرنى كىشىلەر ئاسان قوبۇل قىلىدۇ ھەمدە سېنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىڭنى سۆزۈڭگە قاراپ بىلىۋالالايدۇ. چۈنكى ئادەمزات — تىلى ئاستىدا مەخپىيدۇر. بىراۋنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى سۆزىگە قاراپ بىلگىلى بولىدۇ. سۆز شۇنچىلىك قۇدرەتكە ئىگىكى، بەزى سۆزلەر ئاڭلىغۇچىنىڭ روھىنى چۈشۈرۈپ، كۆڭلىنى پەرىشان قىلىۋېتىدۇ؛ بەزى سۆزلەر روھىنى كۆتۈرۈپ، كۆڭلىنى خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرۈۋېتىدۇ. شۇڭا كىشىنىڭ روھىنى چۈشۈرىدىغان، كۆڭلىنى پەرىشان قىلىدىغان ئىبارىلەرنىڭ ئورنىغا كىشىنىڭ روھىنى كۆتۈرىدىغان، كۆڭلىنى خۇشال قىلىدىغان لۇغەت (ئىبارە) لەرنى ئىشلەتمەك لازىم.

**ھېكايەت:**

ھارۇن رەشىد ئاغزىدىن ھەممە چىشى تۆكۈلۈپ چۈش كۆردى. ئەتىسى مۇئەببىر (چۈشكە تەبىر ئېيتقۇچى) نى چىللىتىپ، چۈشنىڭ تەبىرىنى سورىدى:

— ئەي ئەمىرۇل - مۇئمىنىن، — دېدى مۇئەببىر، — سىزنىڭ بارلىق ئۇرۇق - تۇغقانلىرىڭىز سىزدىن بۇرۇن ئۆلگۈسىدۇر، سىز ئۇلاردىن كېيىن تەنها قالغۇدەكسىز، سىزدىن كېيىن ھېچبىر تۇغقىنىڭىز قالمايدۇ.

ھارۇن پەرمان قىلىپ دېدىكى:

— ئانداقچى، مۇنداقچى، .... كۆڭۈلگە ئازار بېرىدىغان بۇ قاتارلىق سۆزلەرنى يۈزۈمدىن يۈزۈمگە ئېيتقىنىڭ نېمىسى؟! ھەممە ئۇرۇق - تۇغقىنىم كەتسە، مەن كىم بىلەن بارىمەن؟ بۇ گادايىنى يۈز تاياق ئۇرۇپ قوغلاڭلار!

ھارۇن رەشىد يەنە بىر مۇئەببىرنى چاقىرتىپ چۈشنىڭ تەبىرىنى سورىغانىدى، ئۇ:

— سىزنىڭ بۇ چۈشىڭىز شۇنىڭدىن بېشارەت بېرىدۇكى، بارلىق ئۇرۇق - تۇغقىنىڭىزنىڭ ئۆمرىدىن سىزنىڭ ئۆمرىڭىز ئۇزۇنراق بولغۇسىدۇر، — دەپ تەبىر ئېيتتى.

— بۇ ئىككى تەبىر، — دېدى ھارۇن، — ئەقىل يۇسۇنى بىرلە بىر مەنىدىدۇر، ئەمما، ئېيتماقتا پەرقى كۆپتۇر، بۇ كىشىگە يۈز ئالتۇن بېرىڭلار!

**يەنە بىر ھېكايەت:**

بۇ ھېكايىنى بايان قىلىش ئۇشبۇ كىتابقا لايىق ئەمەس ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاڭلىغانىكەنمەن، يەنىلا بايان قىلىشنى خوپ كۆردۈم:

ئاڭلىشىمچە، بىر كىشىنىڭ بىر دېدىكى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇ كىشى دېدىكىنى قۇچاقلاپ ياتقاندا دېدىكىگە:

— قوڭۇڭنى بۇيان قىلىپ ياتقىن، — دېدى. غۇلام (دېدەك) دېدىكى:

— ئەي خاجە، بۇ سۆزنى باشقىچەرەك لۇغەت بىرلە ئېيتسىڭىز ياخشى بولاردى. خاجە دېدى:

— قايسى لۇغەت بىرلە ئېيتسام ياخشى بولاتتى؟ غۇلام دېدىكى:

— يۈزۈڭنى ئۇيان قىلىپ ياتقىل، دېسىڭىز ياخشى بولاتتى. چۈنكى قوپال ئىشلىتىلە-

دىغان مەلۇم بىر سۆزنى باشقىچە شەكىلدە بايان قىلسىمۇ مەقسەت ھاسىل بولىدىغان بولسا، ئىمكان بار قوپال سۆزلىمىگەن تۈزۈك.

خاجە دېدەكىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئازاد قىلدى. بەس، سۆزنىڭ يۈزىنى ۋە ئارقىسىنى بىلمەك كېرەك. سۆزلىمەكچى بولساڭ، سۆزنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ، ئوبدان تەرىپى بىلەن سۆزلە، سۆزلىسەڭ، ئەمما مەنىسىنى بىلمىسەڭ، تۇتى قۇشتىن پەرقىڭ بولماي قالىدۇ. چۈنكى، تۇتى قۇش سۆزلىيەلەيدۇ، ئەمما مەنىسىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا سۆزلىگۈچى ھەربىر سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلىپ سۆزلىسە، ئاڭلىغۇچىلار ئۇنىڭ سۆزىدىن مەلۇم بىر نەرسىنى بىلىۋالالايدۇ. ئۇ ھالدا سۆزلىگۈچى ھەم كىشىلەر نەزىرىدە ئاقىللار قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، يەنى قىلغان سۆزۈڭنىڭ مەنىسىنى بىلمىسەڭ، ئاڭلىغۇچى سۆزۈڭدىن بىرەر نەرسە بىلەلمىسە، ئۇ ھالدا ھايۋانچىلىكمۇ بولالمايسەن. سۆز ئۇلۇغ. سۆزنى ئۇلۇغلا. سۆزگە ئېتىقاد قىل. سۆز شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغكى، ئۇ تەڭرىنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىنساننىڭ قەلبىدىن ئورغۇپ چىقىدۇ. گېپى كەلگەندە، ئۆز جايىدا بىلگەنىڭنى ئايىماي سۆزلە. ئورۇنسىز جايلاردا سۆزۈڭنى زايا قىلما. يەنى پۇرسەت بولمىسا، سۆزلىمە، تائەقلىڭگە، ئىلمىڭگە زۇلۇم قىلما. ئەمما ھەرنىمە دېمەكچى بولساڭ، توغرا سۆزلە. دەلىللىك بولمىسا، سۆز ھەققىدە ئىلمىي بولمىغان ئورۇنسىز دەۋالارنى قىلما. مەلۇم بىر ئىلىمدىن خەۋىرىڭ بولمىسا، يەنى بىلمەيدىغان ئىلىمگە نىسبەتەن بىلىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالما ھەم ئۇنىڭدىن نان (پايدا) تەلەپ قىلما. ئەگەر بىلگەن، ئۆگەنگەن بولساڭ، شۇ بىلگەن، ئۆگەنگەن ئىلىم ۋە ھۈنىرىڭنى ئەمەلدە كۆرسەت، مەقسىدىڭ ھاسىل بولىدۇ. بىلمىسەڭ، ئۆگەنمىسەڭ، ھېچنىمە ھاسىل بولمايدۇ.

ھېكايەت قىلىنىشىچە:

خۇسرەۋنىڭ ۋاقتىدا بىر ئايال مەسىلە سورىغىلى بۇزۇر جۇمھۇرنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە مەسىلە سورىدى. بۇزۇر جۇمھۇرنىڭ بۇ مەسىلىگە جاۋاب ئېيتقۇدەك ۋاقتى يوق ئىدى. شۇڭا «بىلمەيمەن» دېدى. ئايال دېدىكى:

ــ شۇنچىلىك مەسىلىگە جاۋاب ئېيتالمىساڭ، ئۇنداقتا پادىشاھ بەرگەن ئىنئام (مائاش) نى نېمە دەپ يەيسەن؟

ــ پادىشاھ بىلگىنىمگە بېرىدۇ، بىلمىگىنىمگە مائاش بەرمەيدۇ، ــ دېدى بۇزۇر جۇمھۇر.

ــ ئەي ئوغۇل، ئەگەر بىلمىسەڭ، كېلىپ سورىغىن. سوراشتىن نومۇس قىلما. سۆزلەش توغرا كەلسە، قىسقا سۆزلە. كۆپ سۆز ئۆزۈڭگە شۇملۇق ئېلىپ كېلىدۇ. كۆپ گەپ قىلىدىغانلارنى كىشىلەر ئەيرەڭۋاز دەيدۇ. ھەرقانداق ئىشتا ئوتتۇرا ھال ھالەتنى كۆزدە تۇت. چۈنكى، شەرىئەت ئىگىسى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام): «ھەر ئىشنىڭ ئوتتۇرا ھال بولغىنى ياخشى» دېگەن. سۆزلىگەندە ياكى بىرەر ئىشنى قىلغاندا ئېغىر بېسىق بول، يەڭگىللىك قىلما. كىشىلەر ئېغىر بېسىق خاراكتېرىڭنى ياقتۇرمىسا مەيلى، ئەمما ئۆزۈڭ بۇ خىل مىجەزىڭنى ئالدىراڭغۇلۇق ۋە يەڭگىللىكتىن ئوبدان دەپ بىل. ساڭا مۇناسىۋەتسىز ئىشلارنى بىلىشكە ھەۋەس قىلما. سىرىڭنى ئۆزۈڭدىن ئۆزگىگە ئېيتمىغىن. ئەگەر ئېيتساڭ ئۇنى سىر ياكى مەخپىيەتلىك دەپ بىلمە. جامائەت ئارىسىدا يېنىڭدىكى كىشىگە پىچىرلاپ سۆزلىمە. گەرچە ياخشى سۆزلەرنى قىلغان بولساڭمۇ، ئۆزگىلەر يامان

سۆز قىلدىمكىن، دەپ گۇمان قىلىدۇ. چۈنكى خېلى بىر قىسىم كىشى گۇمانخور كېلىدۇ. ھەرقانداق ئىشنى قىلساڭ ياكى سۆزلىسەڭ، تېگى - تەكتىنى بىلىپ قىل ۋە بىلىپ سۆزلە. قىلغان ئىشىڭنىڭ ۋە سۆزۈڭنىڭ ئاساسى بولسۇن، شۇندىلا خەلق سېنىڭ راست سۆزلۈك ئىكەنلىكىڭگە ئىشىنىدۇ. ئەگەر جامائەت ئارىسىدا ئەيىبكە قالماي دېسەڭ، بىرەر ئىش ئۈستىدە ئالدىراپ گۇۋاھلىق بەرمە. گۇۋاھلىق بېرىشكە توغرا كېلىپ قالسا، ئىمكان بار ئۆزۈڭنى چەتكە ئال. كىشىلەر نېمە دېمىسۇن، دىققەت بىلەن ئاڭلا. لېكىن قانداق قىلىشنى ئۆزۈڭ بىل. دېمەكچى بولغان سۆزۈڭ ئۈستىدە ئاۋۋال ئوبدان ئويلىنىپ، ئاندىن سۆزلە. يەنى ئويلانماي تۇرۇپ سۆزلىمە. ئويلاشنى سۆزلەشنىڭ مۇقەددىمىسى قىل. شۇندىلا قىلغان سۆزۈڭدىن پۇشايمان قىلمايسەن. ساڭا پايدىسى بولسۇن ياكى پايدىسى بولمىسۇن، ھەرقانداق سۆزنى زېرىكمەي - تېرىكمەي ئاڭلا. سەن تۈپەيلى دېيىلىۋاتقان سۆز ئۈزۈلۈپ قالمىسۇن. كىشىلەرگە سوغۇق سۆزلىمە، يەنى ئاچچىقلىما. سوغۇق سۆز دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ. گەرچە دانا (بىلىملىك) بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى نادان (بىلىمسىز) دەپ تونۇ. تاكى ئۆگىنەمەك يولى ساڭا ئوچۇق بولغاي!

بىراۋ سۆز قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلمە. ئالدىراپ ھەم ماختىما. سۆزلىگۈچىنىڭ ئەيىبىمۇ، ھۈنىرى (پەزىلىتى) مۇ ساڭا مەلۇم بولىدۇ. ئاۋامغا سۆز قىلغاندا چۈشىنىشلىك قىلىپ سۆزلە، ئەمما ھېكمەت (ئىلىم) دائىرىسىدىن چەتنەپ كەتمە. ئاڭلىغۇچىغا ئۇۋال بولمىسۇن. يەنى ئاڭلىغۇچى سۆزۈڭنى چۈشىنەلمەي قىينىلىپ قالمىسۇن. ئىمكان بار خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە سۆزلىگىن. تا ھەر قوۋمنىڭ ئارىسىغا كىرسەڭ سالامەت چىقالايسەن. ھەرقانچە سۆزمەن (ناتىق) بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى بىلگىنىڭدىن كەمرەك كۆرسەت. سۆزلەۋېتىپ توختاپ قالما. ھەرقانداق سورۇندا كۆپ ئاڭلا، ئاز سۆزلە. ئەمما ئاز ئاڭلاپ، كۆپ سۆزلەيدىغانلاردىن بولۇپ قالما. چۈنكى تولا سۆزلەش ئەيىبتۇر. ھۆكۈمالار: «خامۇشلۇق، يەنى سۈكۈتتە تۇرۇش — ئىككىنچى سالامەتلىكتۇر، تولا سۆزلىگەن — ئىككىنچى ئەخمەقتۇر» دېگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، تولا سۆزلۈك، يەنى كۆپ گەپ قىلىدىغان كىشىنى ھەرقانچە دانا، ئەقىللىق بولسىمۇ ئاددىي خەلق ئەقىلسىزلەر قاتارىدا سانايدۇ؛ ئەگەر نادان، كەم ئەقىل بولسىمۇ ئاز سۆزلىگەن كىشىنى، ئۇنىڭ سۈكۈتتە تۇرغانلىقىغا قاراپ ئاقىللار قاتارىدا سانايدۇ. ھەرقانچە پاك، تەقۋادار بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى ماختىغۇچى بولما. چۈنكى كىشى ئۆزى ئۈچۈن گۇۋاھلىق بەرسە، ھېچكىم ئۇنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل كۆرمەيدۇ. توختىماي تىرىش، ئەمما ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ مەدھىيىلىمە، سېنى خەلق مەدھىيىلىسۇن. ئەگەر بىلسەڭ، لازىملىق يېرىنى دېگىن. لازىمى يوق سۆزلەرنى دېمە. تاكى دېگەن سۆزۈڭ تۈپەيلى ئۇۋاللىق يەتمىسۇن.

سەئىدزادە زەنگان شەھىرىنىڭ مۇپتىسىغا دېدىكى:

— ئاڭلىشىمچە، ساھىب خەلىلنىڭ زامانىدا زەنگان شەھىرىدە بىر مەردى كەلان بار ئىدى. ئۇ ئىمام شافىئىنىڭ ساھابىلىرى ئىچىدىكى كاتتىلىرىدىن بولۇپ، مۇپتى (پەتىۋا بەرگۈچى) ۋە مۇدەررىس كىشى ئىدى.

شەھەر رەئىسى ۋە ئۇلۇغىنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇمۇ سەئىد — كاتتا مەرتىۋىلىك كىشى ئىدى. ھەمىشە بۇ ئىككى بۇزرۇك ئارىسىدا مۇنازىرە ۋە سۆھبەت (تالاش - تارتىش) بولۇپ تۇراتتى. بەزىدە بىر - بىرىگە غايىبانە (يوشۇرۇن) تەنىلەر قىلىشاتتى. بىر كۈنى

سەئىد مۇدەررىس دەرس ۋاقتىدا كۇرسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مۇپتىنى «كاپىر» دېدى. بۇ سۆز مۇپتىغا ئاڭلاندى. مۇپتىمۇ دەرس ۋاقتىدا كۇرسى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سەئىد مۇدەررىسىنى «هارامزادە» دېدى. بۇ سۆزمۇ سەئىدكە يەتكۈزۈلدى. سەئىد ئورنىدىن قوپتى ۋە مۇپتىدىن ئۆچ ئېلىش قەستىدە شىكايەت قىلىش ئۈچۈن ساهىب خەلىلنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغلاپ:

— مۇپتى مەندەك بىر پەرزەنتى رەسۇلىللاهنى «هارامزادە» دەپ تىللىدى. سىزدەك ئۇلۇغ كىشىنىڭ زامانىدا بۇنداق ئاتاش راۋامۇ؟! — دېدى.

ساهىب خەلىل بۇ سۆزدىن ئاچچىقلىنىپ:

— شەهەرنىڭ بارلىق ئۆلىما، ئالىم ۋە كاتتىلىرى يىغىلسۇن! — دەپ پەرمان قىلدى ۋە چىقىپ دىۋانخانىدا ئولتۇردى. ئاندىن مۇپتىنى چاقىرتىپ:

— ئەي شەيخ، سىز ئىمام شافىئىنىڭ ساهابىلىرى ئىچىدىكى كاتتا ئالىم ۋە قازى تۇرۇقلۇق، ياشىنىپ قالغىنىڭىزغا قارىماي پەرزەنتى رەسۇلىللاهنى «هارامزادە» دەپسىز. بۇ سۆزنى دېيىش سىزگە لايىق ئەمەسىدى. ئەمدى سىز بۇ سۆزنى دېگەن ئىكەنسىز، ئۇنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاڭ. ئېيتقان سۆزىڭىزنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىمىسىڭىز، شۇنداق قاتتىق ئازاب - ئوقۇبەت يەتكۈزىمەنكى، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئازاب بولمىغاي! بۇئەلۋەتتە شەرىئەتتە ۋاجىپتۇر. تاكى خالايىق ئىبرەت ئالسۇن. مۇندىن كېيىن كىشىلەر بۇنداق بىئەدەبلىكنى قىلمايدىغان بولسۇن! — دېدى. مۇپتى دېدىكى:

— بۇ سۆزنىڭ راستلىقىغا ئۇشبۇ سەئىدنىڭ ئۆز سۆزى ئۆزى ئۈچۈن ياخشى گۇۋاهتۇر. مېنىڭ سۆزۈم بويىچە بولغاندا، سەئىد پاك - هالالزادە ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ سۆزى بويىچە هارامزادەدۇر.

ساهىب خەلىل سورىدى:

— بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟

مۇپتى دېدىكى:

— شەهەر خەلقى بىلىپ تۇرۇپتۇ. سەئىدنىڭ ئاتىسىغا ئانىسىنى مەن نىكاهلاپ قويغانىدىم. ئۇ مېنى ئاشكارا «كاپىر» دېدى. ئەگەر بۇ سۆزنى ئېتىقادى بىلەن (چىن كۆڭلىدىن) دېگەن بولسا، «كاپىر» گۇۋاه بولغان نىكاه دۇرۇس ئەمەس. ئۇنداقتا ئۇ مۇشۇ سۆزى بىلەن شەكسىز «هارامزادە» دۇر. ئەگەر ئېتىقادى بىلەن ئېيتمىغان بولسا، ئۇ هالدا يالغان ئېيتقان بولىدۇ. پەرزەنتى رەسۇلىللاه يالغانچى بولسا، يەنى يالغان ئېيتسا بولمايدۇ. شۇنداق بولغاندا خەلق هەم ئۇنى يالغانچى دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ. شۇڭا بۇ ئىككىسىدىن بىرىگە توختاش كېرەك.

مۇپتىنىڭ بۇ سۆزىگە سەئىد زادە هېچ جاۋاب تاپالمىدى. خىجالەتتىن دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئويلانماستىن دەپ سالغان سۆزى ئۆزىنى ئۇۋالچىلىققا قويدى.

— ئەي ئوغۇل، سەن هەم سۆز قىل، ئەمما بىهۇدە سۆزلەرنى قىلما. بىهۇدە سۆزلەش دىۋانە ۋە مەجنۇنلارنىڭ ئىككىنچى مەرتىۋىسىدۇر. هەرقانداق كىشىگە سۆز قىلماقچى بولساڭ، ئاۋۋال ئۇنىڭ مىجەزىگە قارا. ئۇ كىشى سېنىڭ سۆزۈڭگە خېرىدارمۇ ياكى خېرىدار ئەمەسمۇ، يەنى سېنىڭ سۆزۈڭگە قىزىقامدۇ ياكى قىزىقمامدۇ؟ ئەگەر خېرىدار بولسا، يەنى قىزىقسا، «مېلىڭ»نى ئۇنىڭغا كۆرسەتكىن. ئەگەر خېرىدار بولمىسا، يەنى قىزىقمىسا، ئۇ هالدا ئۇنىڭغا خۇش كەلگۈدەك سۆزنى دە، تاكى سېنىڭ سۆزۈڭگە قىزىقىدىغان بولسۇن.

ئەل ئىچىگە كىرسەڭ ئەلدەك بول. ئەل ئىچىدە «ئەلگە كىرسەڭ ئىلىكچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىكچە» دېگەن مەسەل بار ئەمەسمۇ؟! ئادەمگە قوشۇلساڭ، ئادەمدەك بول. ئەل بۆلەكتۇر، ئادەمىيلىك (ئادەمگەرچىلىك) بۆلەكتۇر. غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان ھەرقانداق كىشى ئەل ئىچىدە مەن ئېيتقاندەك ھايات كەچۈرسۇن. ئىمكانىيىتىڭ بولسىلا، سۆز ئاڭلاشتىن زېرىكمە. كىشى سۆز ئاڭلىماق بىلەن سۆزمەن (سۆزگە ئۇستا، ناتىق) بولىدۇ. مىسالى، بىر گۇدەكنى ئانىسىدىن تۇغۇلۇشى بىلەنلا، كىشى يوق خىلۋەت يەرگە ئاپىرىپ قويۇپ، شۇ يەردە پەرۋىش قىلسا، ئاتا - ئانىسى ۋە ياكى ئىنىكئانىسى ئۇنىڭغا سۆزلىمىسە ياكى ئۇ ھېچ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باقمىسا، كامالىغا يېتىپ چوڭ بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ گاچا بولىدۇ. ھېچقانداق سۆزنى بىلمەيدۇ. پەقەت بىر مەزگىل خەلققە ئارىلىشىپ ياشىغاندىلا، ئاندىن سۆز قىلىشنى ئۆگىنەلەيدۇ. بۇ خۇددى ئانىسىدىن گاچا ھالەتتە تۇغۇلغان گۇدەكلەرنىڭ قۇلىقىمۇ پاڭ بولىدىغانلىقىغا ئوخشاشلا بىر ئىش. چۈنكى سۆزنى ئاڭلىيالمىغان بالا سۆزلەشنىمۇ بىلمەيدۇ.

ھۆكۈمالار: «پادىشاھلارنىڭ كۆزى ھۆكۈمالارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈنلا رۇشەندۇر، چۈنكى كۆڭۈل كۆزىنىڭ تۇتىياسى ۋە سۈرمىسى ھېكمەتتۇر» دېگەن. ھۆكۈمالارنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قۇلىقى، يەنى پۈتۈن زېھنىڭ بىلەن ئاڭلا. ھۆكۈمالارنىڭ سۆزلىرىگە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭ بىلەن كۆڭۈل بەر. نۇشىرۋان ئادىلنىڭ ئەنە شۇنداق ياخشى سۆزلىرىدىن نەچچە جۈملە ئېسىمدە بار ئىدى. شۇلاردىن ئېسىمگە كەلگەنلىرىنى بۇ كىتابتا بايان قىلدىم. شۇنى بىلگىنكى، پادىشاھلارنىڭ نەسىھەتكە ئەمەل قىلماق ۋاجىپتۇر.

مەن ئىلگىرى ئۆتكەن خەلىپىلەرنىڭ تارىخىي كىتابلىرىدىن مۇنۇلارنى ئوقۇغانىدىم:

«مەئمۇن خەلىپە نۇشىرۋان ئادىلنىڭ مازىرىغا باردى ۋە ئەزالىرىنى تامام كۆردى. ئەزالىرى پارچە - پارچە بولۇپ تەخت ئۈستىدە يېتىپتۇ. تەختنىڭ ئۇدۇلىغا — ئۆينىڭ تېمىغا پارس تىلىدا ئالتۇن ھەل بىلەن نەچچە قۇر خەت پۈتۈلگەنىكەن. مەئمۇن خەلىپە پەرمان بىلەن پارسچىنى بىلىدىغان ئالىملاردىن چاقىرتىپ پۈتۈلگەن ئىبارىلەرنى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلدۇردى. بۇ ئىش پۈتكۈل ئەجەم① دىيارىغا مەشھۇر بولدى. خەتنىڭ مەنىسى بۇ ئىدىكى:

ھايات ۋاقتىمدا خۇدايىتائالانىڭ بەندىلىرىدىن چوڭ - كىچىك ھەممىسى قېشىمغا كېلىپ، مېنىڭ ئادالىتىمدىن بەھرىمەن بولغانىدى. مۇندىن كېيىن ھېچ كىشى مېنىڭ خىزمىتىمگە كەلمەيدۇ ۋە مېنىڭ شەپقەت ۋە مەرھەمىتىمدىن بەھرىمەن بولالمايدۇ. چۈنكى ئاجىزلىق (يەنى، ئەجەل) زامانى يەتتى. ئامالسىزلىق ۋاقتى ماڭا چاپلاشتى. شۇڭا لەھەدنىڭ تېمىغا بىرنەچچە نەسىھەت سۆزلىرىمنى يازدۇرۇپ قويۇشتىن ئۆزگە ھېچ چارە تاپالمىدىم. ئەگەر مېنىڭ زىيارىتىمگە قەدەم قويغان ھەرقانداق كىشى ئۇشبۇ خەتنى ئوقۇسا، بىلسە، يادىغا ئېلىۋالسا ۋە ئەمەلدە كۆرسەتسە، تا مەندىن كېيىن بولسىمۇ، ئوخشاشلا مېنىڭ مەرھەمەتىمدىن مەھرۇم بولمىغان بولىدۇ.

(داۋامى بار)

(ئابلىمىت ئەھەد بۆگۈ: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنىستىتۇتىدا، دوتسېنت)

① ئەسلىدە، ئاسىيادىكى غەيرى ئەرەب مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، كېيىنچە پۈتۈن ئىران زېمىنىنىڭ ئومۇمىي نامىنى بىلدۈرىدىغان جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇ بولۇپ قالغان.

# تارىخى رەشىدى①

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

مولla مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزئەخمەت

### سۇلتان سەئىدخاننىڭ سارىغ ئۇيغۇرغا غازات يۈرۈشى قىلغانلىقى ۋە يەنە ئۇ غازاتتىن يېنىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنىڭ بايانى

بۇ قىش يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان تەرىقىدە ئەيش - ئىشرەت ۋە بەختىيارلىق بىلەن ئۆتتى. باھار ۋاقتى كېلىپ، تۆتىنچى پەلەك سۇلتانى ھەمەل②بۇرجى مەرتىۋىسى ئۈستىگە ئاياغ قويۇپ، سەۋر③تەختى ئۈزرە بەرقارار بولدى. دەل - دەرەخ ئەلەمدارلىرى گۈل - چېچەك بايراقلىرىنى نۇرلۇق زېمىن سەھنىسىدە بىراقلا كۆتۈردى. دەرەخ ئەلەملىرىنىڭ تۈۋىدە سەبزە④لەشكەرلىرى سەپ تۈزدى. بۇلۇت ئەسكەرلىرى ھەسەن - ھۈسەن يالىرىدىن يامغۇر ئوقلىرىنى ياغدۇردى. شەبنەم تامچىلىرى يوپۇرماقلار ئۈستىدە گۈمبەز شەكلىنى ھاسىل قىلىپ يالتىرىدى. ھەربىر گىياھ ئۈستىدە يامغۇر تامچىلىرى دۇبۇلغا شەكلىدە جىلۋىگەر بولدى. [تاڭ شامىلى ۋە سۇبھى ھاۋاسى ھەرنەپەستە سەپ تۈزۈپ، يارقىن دەرەخلەر ۋە يۇمران مايسىلارنى ھەرىكەتكە كەلتۈردى.] بۇ سەۋەبتىن ھەربىر بەدەن روھلاندى، ھەر كۆڭۈلدە شادلىق ھاسىل بولدى.[نەزم:

*نىشەستە گۈل زى غۇنچە دەر ئىمارى،*

*بىنەفشە نارۇەن دەر تاجدارى.*

*سەبا جەگدى بىنەفشە تاب دادە،*

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

② ھەمەل — قەدىمكى ئاسترونومىيەدىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ بىرىنچىسى. بۇ بۇرج قوي شەكلىدىن پەرەز قىلىنىشىدۇ ۋە قۇياش ئۇنىڭغا 3 - ئايدا كىرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

③ سەۋر — قەدىمىي ئاسترونومىيىدە ئاسماندىكى ئون ئىككى بۇرجنىڭ ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان يۇلتۇزلار ھۆكۈز شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىنغان، 4 - ئايغا توغرا كېلىدۇ.

④ سەبزە — مايسا، يېشىللىق، يېشىل رەڭ.

*گىرىپە گەز تۇررەگى سۇنبۇل كۇشادە.*

(گۇل غۇنچە تەختىدە ئولتۇردى، دەل ـ دەرەخلەر تاجلىرىنى كىيدى. تالڭ شامىلى بىنەپشە چاچلىرىنى ئەشتى، سۇمبۇل چاچلىرىنىڭ چېكىشلىرى يېشىلدى)]

دېمەك، غازىلار ۋە مۇجاھىدلارنىڭ ئالىي شان ـ شەرىپى ۋە يۈكسەك مەرتىۋىسى كىتاب ھۆكۈمى ۋە سۈننەت يوسۇنىدا شۇ دەرىجىدە ھەقىقىي ۋە مۇقەررەر قىلىنغانكى، بۇ ھەقتە ئىسپات، ھۆججەت، ئىككىلىنىش ۋە دەلىل كەلتۈرۈشنىڭ مۇتلەق ھاجىتى يوق. [«سىلەرگە ئۇرۇش ئاچقان ئادەملەرگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىڭلار، تاجاۋۇز قىلماڭلار، تاجاۋۇز قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ»[1]]. شۇڭا، خاننىڭ ئالىي ھىممىتى ۋە رىغبىتى غازات قىلىش پىكرىگە سەرپ قىلىناتتى ۋە مەشغۇل بولاتتى. شەرەپلىك خاتىرى بولسا غازات قىلىشقا مايىل ئىدى ۋە شۇنىڭغا كۈشىش قىلاتتى. بۇ ھەقتە ئەمىرلەر بىلەن كېڭەشتى. ئاخىر شۇنداق پىكىرگە كېلىشتىكى، خوتەن بىلەن خىتا ئارىسىدا بىر تائىپە كۆپپارلار بولۇپ، ئۇلارنى سارىغ ئۇيغۇرلار دەپ ئاتايتتى؛ شۇلارنىڭ ئۈستىگە لەشكەر تارتىش قارار قىلىندى. خان ھېسابسىز لەشكەرلەر ۋە ئۇلۇغ شەۋكەتلىك ئەمىرلەر بىلەن يەركەندىن يۈردى. خوتەنگە يەتكەندە خاننىڭ شەرەپلىك مىزاجىغا بىر ئاز ساقسىزلىق ئارىلاشتى. غازات ئىسلام ئەركانى (تۈۋرۈكلىرى) دىن بىر رۇكىن (تۈۋرۈك) بولۇپ، فەرزى كىفايە[2] دۇر. خان بۇ پەرزنى ئۆزى ئادا قىلماقچى بولغانىدى. لېكىن شەرەپلىك مىزاجى يار بەرمىدى. ئىلاجىسىز بىر قىسىم ئەمىرلەرنى غازاتقا بېرىشقا تەيىنلەپ، فەرزى كىفايەنى ئادا قىلدى ـ دە، ئۆزى يەركەنگە قايتىشقا يۈزلەندى. ئەمما، سەپەر ئۈستىدە ھەر كۈنى تالڭ ئېتىش بىلەنلا ئالتۇن قەدەھلەر ئالەمنى يورۇتقۇچى قۇياشتەك ئايلاندۇرۇلاتتى؛ تاكى زاۋال ۋاقتى بولغۇچە مەستلىك يۈقىرى چەككە يېتەتتى؛ كۈن كەچ بولۇش بىلەنلا خان مەستلىك ئۇيقۇسىدا سېزىمىنى يوقىتاتتى؛ جاننى كۆيدۈرگۈچى خۇمار بىلەن ئويغىنىپ، يەنە ھىلال ئاينى قىزغاندۇرغۇچى ئالتۇن جاملارنى شەپەقنى رەشك ئوتىدا كۆيدۈرگۈچى گۈل رەڭلىك شارابلار بىلەن ئايلاندۇراتتى. دېمەك، ئاشۇ مۇددەت ئىچىدە ھۇشيارلىقنىڭ ئىسمىمۇ مىڭە سەھىپىلىرىدىن ئۆچۈپ كەتكەنىدى؛ ھوشسىزلىق ساقچىسى ئەقىل ـ ئىدرەك كارىخانىسىغا تاجاۋۇز ۋە تەئەررۇز قوللىرىنى سوزغان ئىدى. [خان] كۆپىنچە ۋاقىتلاردا كېچىنى كۈندۈزدىن، كۈندۈزنى كېچىدىن پەرقلەندۈرەلمەيتتى. نەزم:

*كويۇڭغا مەست كېلىپ ئېردىمۇ مەجنۇن كەتتىم،*
*خەبەرىم يوقكى، نېچۇك كەلمىش ئىدىم، چۇن كەتتىم.*

شۇنداق قىلىپ [خان] بىر نەچچە كۈندە يەركەنگە يېتىپ كەلدى. شۇ يىلى كۈز ۋاقتىدا قىرغىزلار ئۈستىگە لەشكەر تارتتى.

---

[1] «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە بەقەرە، 190 ـ ئايەت.
[2] فەرزى كىفايە — ئىسلام شەرئىتى بويىچە بىرەر قۇۋم ئىچىدىن بىر قىسىم ئادەم بەجىرسە، شۇ قۇۋم ئىچىدىكى ھەممە كىشىنىڭ زىممىسىدىن ئادا بولىدىغان پەرز.

سارىغ ئۇيغۇرلار ئۇستىگە قازاتقا بارغان ئەمىرلەر خىتا بىلەن خوتەن ئارىسىدىكى جايلاردا ئىككى ئاي تۇرۇپ، قىدىرىپ كۆرگەن بولسىمۇ، ئۇ كۇففارلاردىن نام ـ نىشان تاپالمىدى، شۇڭا ئولجا ـ غەنىمەتلەرنى ئېلىپ، ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلدى.

## خاننىڭ قىرغىز ئۇستىگە لەشكەر تارتقانلىقى ۋە مۇھەممەد قىرغىزنىڭ قولغا چۈشكەنلىكىنىڭ بايانى

قەشقەرنىڭ ئىشغال قىلىنغانلىقى بايانىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، مۇھەممەد قىرغىز موغۇلىستاندىن چىقىپ كېلىپ، شۇ جەڭ مەيدانلىرىدا مۇناسىپ خىزمەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈپ، ئولجا ـ غەنىمەتلەرنى كۆپ ئالغانىدى. خانمۇ ئۇنىڭغا كەمەر، شەمشەر، مەي شىشىلىرى ۋە ئالتۇن پىيالىلەرنى ئىنئام قىلىپ، شاھانە ئىلتىپاتلار بىلەن ئەزىزلەپ، رۇخسەت بېرىپ قايتۇرغانىدى. نەزم:

*قىلىپ لۇتفۇ ئىنئام ئاڭا بىگەران،*
*كەمەرھايى شاھىيۇ تىغى سىنان.*
*قەبايى مۇزەھھەب، لىباسى ھەرىر،*
*ھەمە تەبئى خاھۇ، بەسى دىلپەزىر.*

دېمەك، مۇھەممەد قىرغىز مەمنۇنىيەت ۋە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن موغۇلىستانغا كەتتى، بارلىق قىرغىزلار ئۇنىڭغا تەۋە ۋە قاراشلىق بولدى. مۇھەممەد قىرغىز تۈركىستان، تاشكەنت ۋە سايرامغا بېرىپ ئالا ـ توپىلاڭ چىقىرىپ، شۇ يەردىكى شەيبانى سۇلتانلىرىنى تەڭلىكتە قويغانىدى. ئۇ ئاخىر تۈركىستان ئۇستىگە بېرىپ، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ ياندى. كۆچۈمخاننىڭ ئوغلى ئۇبەيدۇللاھ سۇلتان ئۇ ۋاقىتلاردا تېخى خان بولمىغانىدى ۋە تۈركىستانغا ھاكىم ئىدى. ئۇ دەرھال مۇھەممەد قىرغىزنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى؛ قوغلاپ شەھەردىن بىرمۇنچە يىراقلاشقاندا مۇھەممەد قىرغىز توساتتىن ئارقىسىغا يېنىپ، يۈزمۇ يۈز بولۇپ جەڭگە كىرىشتى ـ دە، بىر پەستىلا ئۇبەيدۇللاھ سۇلتاننى قولغا چۈشۈردى. بىر كۈن تۇتۇپ تۇرۇپ، ئەتىسى ھۆرمىتىنى ساقلاپ، ئۇبەيدۇللاھ سۇلتاننى تۈركىستانغا ماڭدۇرۇۋەتتى. بىر نەچچە ئېسىل ئات ۋە يارامىلىق قورال جابدۇقلارنى خانغا پىشكەش ۋە سوۋغات سۈپىتىدە ئەۋەتىپ: «ئەگەر سۇلتانلاردىن بىرەرسى مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپ قالسا، ئۇنى قويۇپ بېرىمەن دەپ ئەھدە قىلغانىدىم. مانا ئۇبەيدۇللاھ سۇلتاننى قويۇپ بېرىپ، شۇ ئەھدىمگە ۋاپا قىلدىم. ئۈمىدىم شۇكى، خان ئەپۇ قىلغاي» دەپ ئۆزرە ئېيتتى. بۇ خەۋەر خانغا يەتتى، خان ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن غەزەپلەندى.

بۇ ۋاقىت تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە ئۈچ[1] كۈز پەسلى ئىدى، خان موغۇلىستانغا

---

① ھىجرىيە 923 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1517 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.

بېرىپ، مۇھەممەد قىرغىزنىڭ ئەدىپىنى بېرىش ئۈچۈن لەشكەر تارتتى. نەزم:

*ئۇرۇپ مەۋج، دەريا كەبى قوزغالىپ،*
*زەمىنۇ زەمانغە ئەلالا سالىپ،*
*چۇ دۈشمەنلەر ئەتسە ئەلەمگە نەزەر،*
*بولۇپ ماتەم ئەھلى كەبى خۇن جىگەر.*

خان قەشقەردە لەشكەرنى جەملەپ يۈرۈش باشلىدى. خاجە ئەلى باھادىر بۇ لەشكەردە يەزەك① ئىدى. موغۇل تىلىدا قاراۋۇلنى «يەزەك» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلار كافىرىيارى② دېگەن يەرگە يەتكەندى، ئەمىنخاجە سۇلتان ئاقسۇدىن سارىغ ئات③ يولى بىلەن يېتىپ كېلىپ، بۇ غالىپ لەشكەرنىڭ چاڭ ـ توزانلىرىنى ئېتىقاد كۆزلىرىگە سۈرمە قىلدى.

كېچىسى پىكىر ـ تەدبىر ئىگىلىرى شۇنداق مەسلىھەت قىلىشتىكى، خان پارسقائۇن④ يولى بىلەن كىرىدىغان، ئەمىنخاجە سۇلتان جاۋقۇ يولى بىلەن كىرىدىغان بولدى. ئەمىنخاجە سۇلتان جاۋقۇ يولى بىلەن ماڭدى. خان پارسقائۇن يولى بىلەن راۋان بولدى. پارسقائۇن جىلغا يولىدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا، خاجە ئەلى باھادىر قىرغىزلاردىن ئىككى كىشىنى تۇتۇپ ئەۋەتتى. ئۇلار ئارقىلىق «مۇھەممەد قىرغىز تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىللە پارسقائۇن جىلغىسىنىڭ ئاغزىدا، ئىسسىقكۆل لېۋىدە بىخەۋەر ياتارمىش» دېگەن خەۋەر ئېنىقلاندى.

قەشقەردىن ئىسسىقكۆلگىچە بىر ئايلىق يولدۇر. شۇ كۈنى تېز سۈرئەتتە يۈرۈپ، ناماز دېگەردە جىلغا ئېغىزىغا يېقىن ھۇجرە⑤ دېگەن يەرگە كېلىپ چۈشتى. خان بىرىنچە مۆتىۋەر كىشىلەر بىلەن بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئائىئۆيلىرىنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ ياندى.

نەزم:

*مىھر قۇرسى ياتىپ سىياھىغە،*
*كىردى يۈنۇس دەھانى ماھىغە.*

تاۋاچىلار⑥: «ھەر ئون كىشىدىن ساۋۇت كىيگەن تۆت كىشى غول قوشۇندا قالسۇن، ئالتە كىشى چاپقۇن قىلىشقا بارسۇن» دەپ جار سالدى.

ھەممە كىشى جەڭ ۋە چاپقۇنغا تەييارلاندى. تەڭ كېچە بولغانىدى، مولجار تەرىقىسىدە [بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى] راۋان بولدى.

---

① يەزەك — كېچە قاراۋۇلى، قوروقچى، جەسەكچى.

② كافىرىيارى — بۇ سۆز موللا مۇھەممەد نىياز تەرجىمىسىدە، پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا ۋە تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «كافىربازى»، مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «كافىربازى» دېيىلگەن.

③ سارىغ ئات — بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەد نىياز تەرجىمىسىدە يۇقىرىقىدەك ئېلىنغان. تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە، پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «سارىغ ئات ئاخۇرى» دېيىلگەن؛ پارىسچە بىرىنچى نۇسخىدا «سارىغ ئاب ئاخۇرى» دېيىلگەن. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «ئات ئاخۇرى» دېيىلگەن.

④ پارسقائۇن — بۇ ئىسىم موللا مۇھەممەد نىياز تەرجىمىسىدە ۋە پارىسچە ئىككىنچى نۇسخىدا «پارسقائۇن» دېيىلگەن، پارىسچە بىرىنچى نۇسخىدا، تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «پارسقائۇن (بارسقۇن)» دېيىلگەن. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە ئىككى يەردە «پارسقائۇن»، بىر يەردە «فارسقائۇن» دېيىلگەن.

⑤ ھۇجرە — بۇ ئىسىم تاشكەنت رۇسچە نەشرىدە «ھەجەر» دېيىلگەن.

⑥ تاۋاچى — خاننىڭ بۇيرۇق ۋە تاپشۇرۇقلىرىنى تېگىشلىك ئورۇنغا يەتكۈزگۈچى ۋە ئىجرا قىلىشقا مەسئۇل بولغۇچى ئەمەلدار.

ۋاقتىكى، سۇبھى سادىقىنىڭ تۆمۈر كىيىملىك ياسالى نۇر چاچتى. شەرق سۇلتانى قوياش بايرىقىنى كۆتۈردى. ئۇ تۇتاش كەتكەن سەھرادا ياسال① تۈزۈلدى. بېكىتىلگەن قارار بويىچە ھېچكىم بىر قەدەمنى ئىلگىرى يۆتكىمەي: «... گاسلاردۇر، ... گاچىلاردۇر»② دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ تۇرۇشتى. بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن [ئېھتىيات بىلەن نەزەر سېلىنغانىدى]، ھەممە لەشكەر بىر - بىرىگە تۇتىشىپ، قۇيۇشۇپ بولۇپتۇ. شۇ ۋاقىتتا ئالنى ئەلەمنىڭ تۇغىدىن بىردىنلا كارناي - سۇناي ئاۋازى چىقىشقا باشلىدى. چاپقۇنغا بەلگىلەنگەنلەر شۇ ھامان سەۋر - تاقەت تىزگىنلىرىنى بىراقلا قويۇۋەتتى. نەزم:

*غۇبار ئۇلدى غەبراۇۇ بەس تۇتتى ئەۋج،*
*جەھان جۇملە دەريا بولۇپ ئۇردى مەۋج.*
*سىپەھ گەردى ئاسارىدىن ئافتاب*
*نىھان بولدى يايقان مەسەللىك سەھاب.*
*جەھانغە پۇر ئولدى فىغانۇ خۇرۇش،*
*غەرىۋ ئۆرلەدى تۇشتى لەشكەرگە جۇش.*

دېمەك، چاپقۇنغا تەيىنلەنگەنلەر دۈشمەنلەر ئۈستىگە گوياكى بوراندەك باستۇرۇپ باردى. غولدا قېلىشقا بەلگىلەنگەنلەر ھەممىسى توپلىشىپ، چاپقۇنچىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈرۈش قىلدى.

چاشكا ۋاقتى بولغان مەھەلدە خاجە ئەلى باھادىرنىڭ ئىنىسى③ خانغا نۇرغۇن خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى يۇقىرىدا ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەن تەكە [باھادىر] مۇھەممەد قىرغىزنى باغلاپ، خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. خان پەرمان قىلىپ:

— تۆرە قائىدىسى بويىچە سېنى ياساققا يەتكۈزۈش لازىم ئىدى. ئەمما، شەپقەت ۋە كەرەم يۈزىسىدىن خۇنۇڭنى ئۆزۈڭگە بەردىم، — دېدى. ئاندىن مۇھەممەد قىرغىزنى باغلاپ، تاغامغا تاپشۇردى.

لەشكەرلەر يىلقا، قوي ۋە تۆگىگە باي بولدى. ئەسىرگە چۈشكەن قىرغىزلارنى قويۇپ بەردى. نەزم:

*ئادەت ئۇلدۇركى ئەگەر مەملەكەتنى فەتھ ئولسە،*
*مال غارەت بولۇبان، قالغۇسى ئۆي جا بەرجا.*
*جاننىڭ ئىقبالىنى كۆرگىل بۇ ئۇلۇغ فەتھ ئىچرە،*
*مالۇ ئۆي، ئۆي ئىگەسى جۇملەسى بولدى يەغما.*

① ياسال — سەپ تارتىش، جەڭ سېپى تۈزۈش.
② «قۇرئان كەرىم» 2 - سۈرە بەقەرە 18 - ئايەت؛ 6 - سۈرە ئەنئام 39 - ئايەت.
③ بۇ سۆز پارسچە نۇسخىلاردا «بەرادەرى خاجە ئەلى» (جاجەئەلىنىڭ قېرىندىشى) دېيىلگەن، موللا مۇھەممەدنىياز تەرجىمىسىدە «خاجەئەلى باھادىرنىڭ ئىنىسى» دېيىلگەن. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسىدە «خاجەئەلى باھادىرنىڭ ئاغىسى» (ئاكىسى) دېيىلگەن.

خان تولۇق بەختىيارلىق ۋە غەلىبە نۇسرەت بىلەن بىر نەچچە كۈن تۇردى. ئاندىن پاراغەت بىلەن قەشقەر دىيارىغا قاراپ يۈردى. ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەڭرىنىڭ تىنچ - ئامانلىقتا ساقلىشى بىلەن قىشنىڭ ئاۋۋىلىدا قەشقەرگە كېلىپ چۈشتى.

## يۇنۇسخاننىڭ قىزى دەۋلەتسۇلتان خانىمنىڭ بەدەخشاندىن قەشقەرگە كەلگەنلىكى

بىلمەك كېرەككى، سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ بايانىدا يۇنۇسخان پەرزەنتلىرىنىڭ كىچىكى دەۋلەتسۇلتان خانىم ئىكەنلىكى ئەسكەرتىپ ئۆتۈلگەنىدى. ئۇ تاشكەنت ۋەيرانچىلىقى مەزگىلىدە شاھىبېكخاننىڭ ئوغلى تېمۇر سۇلتانغا چۈشكەنىدى. بابىر پادىشاھ سەمەرقەنتنى ئالغان ۋاقتىدا دەۋلەتسۇلتان خانىم پادىشاھقا قوشۇلدى. چۈنكى پادىشاھ دۆلەت سۇلتان خانىمنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. بابىر پادىشاھ كابۇلغا كەتكەن چاغدا، دەۋلەتسۇلتان خانىم پادىشاھتىن ئايرىلىپ، بەدەخشاندا، مىرزاخاننىڭ قېشىدا قالغانىدى. چۈنكى مىرزاخانمۇ دۆلەتسۇلتان خانىمنىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. شۇڭا، مىرزاخان دەۋلەتسۇلتان خانىمنى ئانىسىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ، ناھايىتى ئەزىزلەيتتى ۋە تەۋەررۈك بىلەتتى.

خان ئاقسۇدىن يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ مۇبارەك كۆڭلىگە دەۋلەتسۇلتان خانىمنى ئېلىپ كېلىش ھەۋىسى چۈشتى. چۈنكى، دەۋلەتسۇلتان خانىم خاننىڭ ئاتىسىنىڭ سىڭلىسى ئىدى. شۇڭا، نەپىس ماتالار، ئۇنچە - جاۋاھىرلار ۋە ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلاردىن سوغات راسلاپ، دەۋلەتسۇلتان خانىمنى تەكلىپ قىلىپ كېلىشكە كىشى ئەۋەتتى.

ۋاقتىكى، خان مۇھەممەد قىرغىز ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى. ئاشۇ كۈنلەردە خانىم بەدەخشاندىن چىقىپ يەركەنكە چۈشكەنىدى. دېمەك، خان ئۇ سەپەردىن يېنىپ كېلىپ، خانىمنىڭ جاھانغا زىننەت بولغۇچى جامالىغا مۇشەررەپ بولدى ۋە خانىمنىڭ قالغان ئۇرۇق - توغقانلىرى — ئۇلارنىڭ ھەربىرى پېقىرغا هاما ۋە خالە بولاتتى — ھەممىسى خانىمنىڭ مۇبارەك دىدارىغا مۇشەررەپ بولدى.

خانىم تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خاننىڭ ھۇزۇرىدا ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆتتى. ئاخىرقى ئەھۋالى خاننىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرىنىڭ باياندا زىكىر قىلىنغۇسى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر)

## «قۇتادغۇبىلىك» ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆزى[1]

### روبېرت. دانكوف (ئامېرىكا)

### ئىنگلىزچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: ئەكبەر ئەمەت

### زاھىدلىق ۋە[2]جەمئىيەت

ئىلگىرىكى نۇرغۇن تەقۋادار كىشىلەرنىڭ باشقىلارغا ئارىلاشماسلىقى ئىسلامدا بىر پۈتۈن دىنىي ھاياتنىڭ تەنھا ياشاش ياكى ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بۇرادەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ياشاش ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئۆزۈنغا سوزۇلغان مۇنازىرە قوزغىغان. بىز سۇفى ئەدەبىياتى (Sufiliterature) دا بۇ مۇنازىرىنىڭ تەسىرىنى بايقايمىز. سۇفىلار زاھىدلىق تۇرمۇشىنىڭ خەتەرلىرىنى كۆچلۈك ھېس قىلغان[92]. ئەمما ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ھېچ بولمىغاندا ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمىدا شۇ خىل تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان ھەم ياقلىغان. ئادەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغىنىدەك، بۇ مەسىلە دۇنيادىن ئۆزىنى تارتىش (ئەرەبچە ئۆزلە uzla؛ يەنە خىلۋەتى xalwa، ۋەھدە Wahda، تەرك ئەل ـ دۇنيا tark al—dunya قاتارلىقلار) ۋە «ئارىلىشىش» (ئەربچە، مۇخالىتە muxalata) ئوتتۇرىسىدا ئىدى.

تۆۋەندىكىسى ئەل مۇھاسىبى (al—Muhasibi) نىڭ «ۋەسىيەتلەر» دىن ئېلىنغان 8 ـ باب «دۇنيادىن ئۆزىنى تارتىش توغرىسىدا» (فىل ئۆزلەتى Fial uzla):

*مەن سىلەرنى، قېرىنداشلىرىم، باشقا كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشتىن ئاگاھلاندۇردۇم (مۇخالاقەت ئەل ـ نەس muxalatat al—nas). چۈنكى ھەربىر گۇناھ، ھەم بارلىق يۈك ۋە غەم ـ ئەندىشىلەر ئۇلار بىلەن ئارىلىشىش ھەم مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن كېلىدۇ. ئەمما سىلەر ئۇنى ھېس قىلالمايسىلەر؛ پەقەت پەرز تۇتىدىغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ۋىجدانىنى تەكشۈرىدىغانلارلا بىلىپ يېتەلەيدۇ. (ئەھلۇل ۋەر ۋە مۇھاسەبە ahl alwara wa, muhasaba). ئەگەر بىز ھاكاۋۇرلۇق ۋە ساختىپەزلىك سۆزلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە زەربە بېرىدىغان ئادەم ۋە جىنلارنىڭ شەيتانلىرى — بىزمۇ شۇلارغا ئوخشاش!— بىلەن ئارىلاشساق، دىنىمىزنى ساق ھەم مۇستەھكەم ساقلاپ قالالايدىغان خىلدىكى كىشىلەردىن ئەمەس. بەس، ساڭا تەقۋادارلىق ۋە خۇدادىن قورقۇشتا ياردەم قىلىدىغان ۋە سېنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىشلىرىڭنى قىلىشىڭغا ھەمدەم بولىدىغان ئىككىلا ئادەم بىلەن مۇناسىۋەت ئورنات. ئەگەر خۇدا سەن ئۈچۈن دىنىي ياردەم ۋە دۇنياۋى ئىشلاردا ھەمدەم بولۇشنى بىرلا ئادەمدە بىرلەشتۈرگەن بولسا ئۇنىڭغا چىڭ ئېسىل، باشقىسىدىن ئۆزۈڭنى تارت. چۈنكى تەقۋادارلىقتا ياردەم قىلىدىغان ئادەمدىن باشقا ھەممىسى دىنىڭغا زىيانلىق.*

*بەس، ئەڭ چوڭ ئامانلىق باشقىلاردىن پۈتۈنلەي ئۆزىنى قاچۇرۇش (مۇجانە بەتۇن*

① بېشى ئۆتكەن ساندا.
② ئەسلى تېكىست Solitude versus Society بولۇپ بۇ يەردىكى versus ئىككى ئادەم ياكى ئەترەتنىڭ مۇسابىقىدە، ياكى مەلۇم ئەنزە توغرىسىدىكى سوتتا بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. بۇ يەردە ۋاقىتىچە «ۋە» دەپ ئېلىندى.

ناسى mujanabat al—nas) ، بۇنىڭ پايدىسى ئەڭ كۆپ، ئۇ سېنىڭ قورقۇنچلىرىڭدىن زور دەرىجىدە ييىسىپ چۈشىدۇ. بىزگە شۇنداق ئېيتقانكى: ئىبادەت بىر ئۆلۈش سۈكۈت، توققۇز ئۆلۈش باشقا كىشىلەردىن قېچىشتىن تەركىب تاپىدۇ؛ ئەگەر قوبۇل كۆرسەڭ مەن ساڭا شۇنداق نەسىھەت قىلىمەن. ئەمما قوبۇل قىلالايدىغانلار ئاز. تەنھالىقتا بەرداشلىق بېرىش مۇشكۇل. ئۇ خۇدانىڭ بىر ھىممىتى. خۇدا ئۇنى كىمنى خالىسا شۇنىڭغا بېرىدۇ— خۇدا سىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەي ھەم ئۆز شاپائىتى بىلەن سېنى ھەربىر ياخشىلىقلارغا يولۇقتۇرغاي! بەس، يۈرىكىڭدە باشقا كىشىلەردىن ئايرىل، ئەمما بەخت ـ سائادەت ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەجبۇرىيەتلىرى ئۈچۈن ئۇلارغا قېتىل[93] .

ئەل قۇشەيرى (al—Qushayri) نىڭ «رىسالە» (Risala) سىدە سۇفى ئۆلىمالىرىنىڭ بۇ تېما توغرىسىدىكى سۆزلىرى توپلانغان بىر «بابۇل خىلۋەتى ۋەل ئۇزلەتى» (Babal—xalwa wa—l—uzla) بار. شۇ بابنىڭ ئاخىرىدا ئەل قۇشەيرى تۆۋەندىكىلەرنى نەقىل ئالىدۇ:

خۇدا بىر قۇل (مەسىلەن، بىر ئادەم) نى بويۇنتاۋلىقنىڭ رەسۋاچىلىقىدىن ئىتائەتمەنلىكنىڭ ئالىيجانابلىقىغا يۆتكىگەندە ئۇ (خۇدا) ئۇ يالغۇز قالغاندا ھەمراھ بولىدۇ ھەم قانائەتلىنەرلىك بايلىقلار بىلەن ئۇنى باي قىلىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئۆز مۇكەممەلسىزلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنىڭدىن بەھرىمەن قىلىنغۇچى بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيانىڭ مەنپەئەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىنىدۇ[94] .

غەزالىنىڭ «زاھىدلىقنىڭ يۇسۇنلىرى ھەققىدە كىتاب» («كىتابۇ ئادابۇل ئۇزلەتى» (Kitab Adabal—Uzla) «ئىھيا ئۇ ئۇلۇمىددىن» (Ihya Ulum al— DiN نىڭ 16 ـ جىلدى) دا بىز پۈتكۈل تېمىنىڭ ئىنچىكىلىقتا ۋە سىستېمىلىقتا ئىگە ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى بايقايمىز[95] .

غەزالى «مۇخالىتە» («ئارىلىشىش») دىن كۆرە «ئۇزلە» (زاھىدلىق، بۇ دۇنيادىن ئۆزىنى تارتىش) نى خالىغان سۇفى ئۆلىمالىرىنى تىزىش ئارقىلىق مۇھاكىمىسىنى باشلايدۇ. ئاندىن ئۇ «مۇرىدلار» نىڭ كۆپ قىسمى (ئەل شافىئى al—Shafii ۋە ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل Ahmad ibn Hanbal نى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا) «مۇخالىتە» نى، تونۇشلار ۋە ھەمراھلارنى كۆپەيتىش، ئۆزئارا مۇھەببەت ئىچىدە باشقا مۇرىدلار بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش ھەم ئۇلارغا دىنىي ئىشلاردا ياردەم قىلىشنى ياقىلىغان، دەيدۇ. ئاندىن ئۇ ئىككىلا تەرەپ مۇراجىئەت قىلغان نوپۇزلۇق كىتابلارنى، بولۇپمۇ ھەدىسلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. «ئۇزلە» نى ياقىلىغان سۆزلەر ۋە قىزىقارلىق ئىشلار ئارىسىدىكى ئىشلارنى تۆۋەندىكىدەك ئوتتۇرىغا قويغان: «مالىك ئىبىن ئەنەس ئىلگىرى ماتەم مۇراسىملىرىغا قاتنىشاتتى، كېسەللەرنى يوقلايتتى ۋە بۇرادەرلىرىگە سالام بىلدۈرەتتى. كېيىن ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلىشنى بىر ـ بىرلەپ توختىتىپ ئاخىرى ھەممىسىنى تاشلىۋەتتى. ئۇ ھەم شۇنداق دەيتتى: بىر ئادەم توختىماي باھانە كۆرسىتەلمەيدۇ.» غەزالى يەنە مۇنداق ھەدىسلەرنى نەقىل ئالىدۇ: «كىمكى جامائەتتىن بىر مەزگىل ئايرىلىدىكەن، ئۇ ئىسلامنىڭ بويۇنتۇرۇق (lasso) نى بويىنىدىن ئېلىۋەتكەن بولىدۇ» ؛ ئەمما ئۇ بۇنى ئېتىقادلىق جامائەت ۋە ئىمامغا بولغان ساداقەتمەنلىكنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يەنى «كىمكى بۇرادەرلىرى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈچ كۈن ئۈزىدىكەن، ئوتقا كىرىدۇ» ؛ بۇنى ئۇ بىراۋنىڭ كىشىلەرگە نىسبەتەن ئاچچىقىدىن يانماسلىقى ۋە شۇ سەۋەبلىك كىشىلەر بىلەن سۆزلەش-

مەسلىكى ياكى سالام قىلماسلىقى ياكى ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئىشى قالماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يەنە بىر ئادەمنىڭ تاغقا بېرىپ ئۆز ئىبادىتى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەم پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا ئاپىرىلغانلىقى توغرىسىدىكى ھەدىستە، پەيغەمبەر «ھېچقايسىڭلار بۇنداق قىلماسلىقىڭلار كېرەك؛ ئىسلامنىڭ بىرەر تۇرالغۇ جايى ( ماۋاتىن mawatin ) دا سەۋرچانلىق بىلەن ياشاش سىلەرگە نىسبەتەن يالغۇز قىرىق يىل ئىبادەت قىلغاندىن ياخشى» دېگەن؛ ئەمما غەزالى بۇنى ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە جىھادنىڭ جىددى بولۇشىغا قارىماي ئادەمنىڭ جىھادنى تاشلىشىنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ئىزاھلايدۇ. يەنە ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: «شەيتان خۇددى ئېزىققان ياكى لاغايلاپ يۈرگەن قويلارنى يەيدىغان بۆرىگە ئوخشاش، ئادەملەرنىڭ بۆرىسى؛ تاغ ئارىسىدىكى كىچىك ئېرىقلاردىن ساقلىنىپ تۇرالغۇ ۋە مەسچىتلەرگە چىڭ يېپىشقىن» ؛ غەزالىغا ئاساسلانغاندا، بۇ تولۇق دىنىي بىلىم ئىگىلەشتىن بۇرۇن جەمئىيەتتىن ئۆزىنى تارتقان كىشىنى كۆرسىتىدىكەن. ئۆز ئەتراپلىرىدىكى ئادەملەردىن مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن ( ئىتىزال itizal ، ھىجرىيە hijra ) ئىبراھىم، ئۈڭكۈر ئادەملىرى ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەرمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ؛ بۇلارنىڭ ھەممىسى بىدئەتلەرنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلىشىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ ئۇلار بىلەن ئالاقىنى ئۈزۈشكە مۇناسىۋەتلىكتۇر؛ بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى «ئۇزلە»گە قارشى مۇنازىرە سۈپىتىدە قوللىنىشقا بولمايدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن بىزدە يەنە مەسىلەن، شۇنداق تەسىرگە ئىگە ھەدىس باركى، ئابدۇللاھ ئىبىن ئەمىر ( Abdallah ibn Amir ) پەيغەمبەردىن سوراپتۇ: «نىجادلىققا ئېرىشىش ( Salvation ) دېگەن نېمە؟» پەيغەمبەر ئاندىن شۇنداق دېگەن: «ئۆيۈڭدەك چىڭ تۇر ۋە تىلىڭنى تىزگىنلە ھەم گۇناھىڭ ئۈچۈن يىغلا» ؛ ئەمما غەزالى ئۇنىڭ ھەممە بۇرادەرلىرىنىڭ شۇنداق قىلىشىنى بۇيرىمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇ پەيغەمبەرلىك نۇرى ئارقىلىق ئابدۇللا ئىبىن ئەمىرگە — چۈنكى ئۇ ئۇنى بىلگەنلىكتىن — شۇنداق بۇيرىغان. چۈنكى، بۇ ئادەمگە نىسبەتەن ئۆيدە چىڭ تۇرۇش باشقىلارغا ئارىلىشىشقا قارىغاندا تېخىمۇ مۇۋاپىق ھەم تېخىمۇ بىخەتەر، «كۆپلىگەن شەخسلەرنىڭ ئامانلىقى» دەپ مۇنازىرە قىلىدۇ. غەزالى «‹مۇخالىتە› دە ئەمەس بەلكى ‹ئۇزلە› دە، بۇ خۇددى ئۇنىڭ ئامانلىقى جىھادقا بېرىشتا ئەمەس، بەلكى ئۆيدە ئولتۇرۇشتا بولغانغا ئوخشايدۇ.» ( «ئامانلىق» — بىرىنىڭ ئېتىقادىنىڭ ئامانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ «قۇتادغۇبىلىك» 3338 - بېيتقا سېلىشتۇرۇڭ. ) ئوخشاش ھالدا «خۇدا تەقۋادارلىقى يوشۇرۇن ئادەمنى ياخشى كۆرىدۇ» ( «قۇتادغۇبىلىك» 3919 - 20 - بېيتلارغا سېلىشتۇرۇڭ) دېيىلگەن ھەدىس نام - شۆھرەتتىن كۆرە نامۇ - نىشانسىزلىقنى خالاشنى كۆرسىتىدۇ — «تەنھالىقتا ياشىغان قانچىلىغان زاھىد بارلىق كىشىلەرگە تونۇلغان، ھەم قانچىلىغان نامسىز <ئارىلاشقۇچى>لار پەقەتلا تونۇلمىغان! » — ئەمما بۇ «ئۇزلە» نىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز بىر نەرسىگە قارشى تۇرۇشتۇر.

غەزالىنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ كۆپ قىسمى «ئۇزلە» نى ياقلايدىغان ۋە ئىنكار قىلىدىغان تەرەپلەر توغرىسىدىكى مۇھاكىمىسىدىن تەركىب تاپقان. دەسلەپتە ئۇ ئالتە ماۋزۇ ( ئالدىنقى ئىككىسى «دىنى» dini ، باشقىلىرى «دۇنياۋى» dunyawi ) ئاستىدا «ئۇزلە» نىڭ ئەۋزەللىكلىرى ئۈستىدە توختىلىدۇ.

1. ئىبادەت ۋە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە ئۆزىنى بېغىشلاش ئۈچۈن دىققىتى چېچىلىش-

تىن خالىي بولۇش. «پەقەت پەيغەمبەرلىك قۇدرىتىلا بىراۋنى باشقىلار بىلەن ئاشكارا ئارىلىشىش ۋە خۇداغا يوشۇرۇن ئۆزىنى بېغىشلاشنى بىرلەشتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ» — گەرچە ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى بۇ مەقامغا يەتكىلى ئازلا قالغان بولسامۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمى شۇ دەرىجىگە يېتىش ئۈچۈن زاھىدلىقنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج.

2. ئارىلىشىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاشۇ گۇناھلاردىن قېچىش. تۆھمەت ۋە غەيۋەت، ساختىلىق، ياخشىلىق قىلىش ۋە يامانلىقتىن ساقلىنىشتا (بۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خەتەرلەر سەۋەبلىك) مەغلۇپ بولۇش، ھەم دۇنياۋى ئىنتىلىشلەر ۋە ناچار ھەمراھلار سەۋەبلىك پەيدا بولغان ناچار ئادەملەر.

3. جېدەل ۋە ئۇرۇشۇشتىن قېچىش. ھەدىس: «شۇنداق بىر ۋاقىت كېلىدۇكى، بىر ئادەم ئېتىقـادى بىلـەن خۇددى ئۇۋلانغـان تۈلكىدەك سەھرادىن - سەھراغا، تاغ چوققىسىدىن - تاغ چوققىسىغا، ئۆڭكۈردىن - ئۆڭكۈرگە قاچمىغىچە ئېتىقادى ساق قالمايدۇ.» ئادەم خۇداغا بويسۇنمىغىچە كۈننى ئالالمايدىغان شۇنداق ۋاقىتتا ئاشۇنداق كۈنلەر كېلىدۇ؛ شۇنداق ۋاقىتتا تەنھالىقتا يول قويۇلىدۇ. غەزالىغا ئاساسلانغاندا، تەنھالىق بۇ كونتېكىستتا «ئۇزلە»نى بىلدۈرىدىكەن.

4. باشقىلارنىڭ يامانلىقىدىن قېچىش. غەزالى ئەبۇد دەردا (Abul—darda) نىڭ سۆزىنى نەقىل ئالىدۇ: «كىشىلەر بىر چاغدا تىكىنى يوق يوپۇرماقلار ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار يوپۇرمىقى يوق تىكەنلەردۇر». غەزالى يەنە ئەگەر ئۇنىڭ ۋاقتى (ئىسلامنىڭ بىرىنچى ئەسىرىنىڭ ئاخىرى) دا ئەھۋال شۇنداق بولغان بولسا گۇمانلىنىشقا ئىمكان يوقكى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەھۋال تېخىمۇ بەتتەر، دەيدۇ.

5. باشقىلارنىڭ ساڭا بولغان ئاچكۆزلۈكى ۋە ئۆزۈڭنىڭ باشقىلارغا بولغان ئاچكۆزلۈكىنى تۈگەت.

6. ھاماقەت ۋە ئەخمەقتىن قېچىش. يەنى بىر تەرەپتىن «مۇخالىتە»نىڭ ئەۋزەللىكلىرى يەتتە:

1) ئۆگىتىش ۋە ئۆگىنىش. ئەگەر بىراۋ ئاللىقاچانلا دىنىي بىلىم ئىگىلىگەن بولسا، ئەگەر ئۇ بىر ئالىم (alim) بولسا، غەزالىغا ئاساسلانغاندا، ئەگەر ئۇ ئېتىقادىنى ساق ساقلاپ قالىمەن دەيدىكەن، نۆۋەتتىكى ئەھۋال ئۇنىڭ دۇنيادىن ئۆزىنى تارتىشنى تەلەپ قىلىدىكەن. ئەمما «ساۋاتسىز ۋە نادانىنىڭ ‹ئۇزلە› سىدە ھېچقانداق ياخشىلىق يوق»، بىلىم ئىگىلەش پەقەت «ئارىلاشقان» لارغىلا مۇمكىن بولىدۇ. ئەمما ئۆزلىرىنىڭ ئىلمى ئارقىلىق دۇنياۋى مال - مۈلۈك ۋە ئىمتىيازنى كۆزلىگەن ئالىملارغا دۇنيانى تاشلاش نەسىھەت قىلىنغان.

2) باشقىلارغا پايدا يەتكۈزۈش ھەم ئۇلارنىڭ پايدىسىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئۇ خەيرى - ساخاۋەت قىلىش ئۈچۈن پۇل تېپىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھتاجلىقىنى قاندۇرۇش ئارقىلىق ساۋاب تېپىشنى تىلغا ئالىدۇ. ئەگەر مۇشۇلار بىراۋنىڭ مەقسىتى بولىدىكەن، ھەم بىراۋ شەرىئەتنىڭ چەكلىمىسىدە ياشايدىكەن، ئۇ ھالدا «ئارىلىشىش» ياخشىراق؛ ئەمما بۇ بىراۋنىڭ دۇنيادىن ئۆزىنى تارتىشى ئوشۇقچە ئىبادەت قىلىش ۋە بەدەن چېنىقتۇرۇشتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ، دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر بىراۋنىڭ دۇنيادىن ئۆزىنى تارتىشى، ئۇنىڭ روھى چېنىقىشىنىڭ توختىماي خۇدانى ئەسلەش ۋە

خۇداغا سېغىنىشقا يېتەكلەيدىغان يول ئاچىدىغانلىقىنى بىلدۈرسە، ئۇ ھالدا بۇ بىر ئالىي مەقامدۇر.

3) ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ خاراكتېرىنى تەربىيىلەش. «پۈتكۈل ھاياتىنى ئۆزىنى تەربىيىلەش بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى خۇددى بىر ئاتنى پۈتۈن ئۆمرىدە تەربىيىلىگەن، لېكىن زادى مىنمىگەن كىشىگە ئوخشايدۇ».

4) بۇزادەرچىلىك. ئۇ ئىبن ئابباس (Ibn abbas) نى نەقىل ئالىدۇ: «شەيتاننىڭ پىچىرلاشلىرىدىن قورقمىغان بولسام، باشقىلار بىلەن ئارىلاشمىغان بولاتتىم» (لاۋلا ماخافاتۇل ۋەسۋەس لام ئۇجالىس lawla maxafat al—waswas lam ujalis).

5. دەپنە مۇراسىملىرىغا قاتنىشىش ۋە كېسەللەرنى يوقلاش ھەم ئىككى چوڭ ھېيتنىڭ مۇراسىملىرىغا ۋە جۇمە كۈندىكى كوللېكتىپ ناماز قاتارلىقلارغا قاتنىشىش ئارقىلىق ساۋاب (tawab) قا ئېرىش ۋە بېرىش («قۇتادغۇبىلىك» 3236 ـ ۋە كېيىنكى مىسرالارغا سېلىشتۇرۇڭ). غەزالى بىراۋ شۇنداق «ئارىلىشىش» نىڭ ئۇ كۆرسەتكەن پايدىسىز تەرەپلىرىگە قارىتا پايدىلىق تەرەپلىرىنى مۆلچەرلىشى ۋە ماس ھالدا تاللىشى كېرەك، دەيدۇ. ئىلگىرى مۇشۇ ئىشلارنى راستىنلا تاشلىغان ھەم جۇمە نامىزىغا قاتنىشىش ئۈچۈنلا ئۆيىدىن ئايرىلغان مالىك (يۇقىرىدىكىگە قاراڭ) قا ئوخشاش بىر تۈركۈم كىشىلەر دەسلەپكى مۇسۇلمانلاردىن بولغانىدى؛ «ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئاھالىلەر ياشايدىغان شەھەرلەر (amsar) دىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەن ۋە تاغ چوققىلىرىغا قايتىپ ئۆزلىرىنى ئىبادەتكە ۋە دىققىتى چېچىلىشتىن خالىي بولۇشقا بېغىشلىغان».

6) تۆۋەنچىلىك. «چۈنكى مەنمەنچىلىك قىلىش ئۈچۈن ... ياكى (ئارىلاش) سا يېتەرسىزلىكلىرى ئاشكارىلىنىپ قېلىپ كىشىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ زاھىد (Zuhd) لىقى ۋە ئىبادەتلىرىگە ئىشەنمەي قېلىشىدىن قورقۇپ (ئۇزلە) نى تاللايدىغانلار بار ...: بۇ خىلدىكىلەرنى پايقاشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، ئۇلار زىيارەت قىلىشنى ئەمەس، بەلكى زىيارەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاۋام ۋە سۇلتانلار ئۇلارنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشىك ئالدىلىرى، يوللىرىدا توپلىشىپ تۇرغاندا ۋە ئۇلارنىڭ قوللىرىنى سۆيگەندە ئۇلار قىن ـ قېنىغا پاتماي قېلىشىدۇ ...».

7) تەجرىبە. «خاراكتېرى تاۋلانمىغان ۋە ئۆزگىرىشلەر تەرىپىدىن سىنالمىغان كىشىنىڭ (ئۇزلە) سىنىڭ ھېچقانداق قىممىتى يوق».

غەزالىنىڭ خۇلاسىسى شۇكى، بىر ئادەم «ئۇزلە» توغرىسىدا مۇتلەق ھۆكۈم چىقىرالمايدۇ: پايدىلىق ۋە پايدىسىز تەرەپلەر شەخسنىڭ مىجەز خۇلقى ۋە ئەھۋالىغا ئاساسەن پەرقلىنىدۇ.

گەرچە مۇنازىرە ئىككىنچى خىل ئەھۋالغا[1] يان باسقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما غەزالى ناھايىتى ئادىل ھالدا تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ تاللىنىشى شەخسنىڭ ئۆزىنى ئاساس قىلغان ھالدا قارار قىلىنىشى كېرەك، دەپ خۇلاسىلايدۇ، قانداقلا بولسۇن، تەجرىبىسىز كىشىگە نىسبەتەن زاھىدلىق تۇرمۇشى شۇنچىۋالا خەتەر ۋە توسالغۇلارغا تولغان بولۇپ روشەن ھالدا ئىنتايىن كۆپ كىشىلەرگە ماس كەلمەيدۇ؛ گەرچە خۇدا بىلەن ھەقىقىي بىرلىشىشتەك ئىدىيال شەكىلدە بولسىمۇ، ئۇ ئارزۇدىن ئىبارەت، خالاس.

---

① «مۇخالىتە» (ئارىلىشىش) نى كۆرسىتىدۇ ـ تەرجىماندىن.

شۇنىسى تاسادىپىي ئەمەسكى، غەزالىنىڭ بۇ ئىھيا (Ihya) كىتابى① بەئەينى مۇنازىرە شەكلىدە تۈزۈلگەن. ئەگەر بىز ھەربىر تەرەپتىكى مۇنازىرىگە قارايدىغان بولساق زاھىدلىقنى ياقىلايدىغان ئالتە نۇقتىنىڭ ھەممىسى پاسسىپ (negative) ، ئارىلىشىشنى ياقىلايدىغان يەتتە نۇقتىنىڭ بولسا ئاكتىپ (positive) ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. ئەمما ھەربىر خىل ئەھۋالدا غەزالى ئارىلىشىشنىڭ مەنپەئەتلىرىدىن ئاللىقاچانلا بەھرىمەن بولغان ۋە ئاندىن تەنھا ئىبادەت قىلىش تۇرمۇشىغا قەدەم قويۇشنى تاللىغان. ھەقىقىي بىلىملىك ۋە تەقۋادار كىشىگە پايدىلىق ھالدا قانداق قىلىپ مۇنازىرىنى كەينىگە قاراتقىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئەلۋەتتە، غەزالىنىڭ بۇ تېما توغرىسىدىكى بايانى مۇسۇلمان ئۆلىمالىرى ئارىسىدا بولغان ھەقىقىي سۆھبەتلەرنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدۇ، ھەم بۇ تېما توغرىسىدا بۇرۇنقى مول ئەدەبىياتنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئىسلام ئەدەبىياتىدا «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ئۇدغۇرمىش ۋە ئۆگدۈلمىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىگە ئەڭ يېقىن بىر پاراللېلدۇر[96] . مۇنازىرىلەر ۋە خۇلاسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقلار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش مۇمكىنكى، پارىسچە ھۆكۈمرانلار ئەينەكلىرى ئىچىدە غەزالىنىڭ «نەسىھەتۇل مۇلك»ى ئاھاڭى ۋە ئەخلاقىي مەزمۇنى جەھەتتە «قۇتادغۇبىلىك»كە ئەڭ ئوخشايدۇ.

## ئەسەر ھەققىدە تەھلىل ۋە چۈشەنچە

يۇسۇپنىڭ ئورىگىناللىقى تۈركىي تىل ۋە ھۆكۈمرانلىق ئەنئەنىسىنى ئىسلامچە ھۆكۈمرانلار ئەينىكى ژانىرىغا ماسلاشتۇرغانلىقىدىلا ئەمەس، ئۇ يەنە بۇ ژانىرغا يۇقىرى ئورىگىناللىق تۆھپە قوشقان. ئۇ بۇ مەسىلىلەرنى ھېكايە قۇرۇلمىسى ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان دىئالوگلار شەكلىدە درامىلاشتۇرغان؛ ئۇ ئاساسلىق پېرسوناژلارغا ئەھمىيەتلىك ئاللېگورىيىلىك ئىسىملارنى قويغان؛ ئۇ ھەم ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا سوپى زاھىدلىقى (Sufi ascetism) نى ئىسيانكىرانە ھەم ئەڭ ئاخىرىدا تولۇقلىما ئىدىئال سۈپىتىدە كەڭ تارقالغان جەمئىيەت ۋە ھۆكۈمرانلىق سەنئىتى ئېتىكىسى (statecraft ethics) بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشقان. (كېيىنكى نۇقتىدا ئۇنى غەزالىنىڭ ئالدىدا ماڭغۇچى 〈precursor〉 دېيىش مۇمكىن).

ئەسەر بۆلۈنۈش نۇقتىسى 38 ـ بابنىڭ ئاخىرىدىكى 3120 ـ بېيىتتا كۆرۈلگەن ھالدا تەبىئىيلا ئىككى بۆلەككە ئايرىلىدۇ.

بىرىنچى بۆلەك ئەنئەنىۋى ھۆكۈمرانلار ئەينىكى شەكلىدە بولۇپ، پادىشاھ كۈنتۇغدى ۋە ۋەزىر ئايتولدىنىڭ خاراكتېرلىرى ئۈستىگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن. باشتىكى بابلاردا يۈسۈپ خۇداغا، پەيغەمبەرگە ۋە چاھارىيارلارغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئاندىن (4 ـ بابتا) شائىرنىڭ ھىمايىچىسىغا بولغان مەدھىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ھالدا باھارغا ھەدىيە — ئىسلام ئىللىگىيىسى (Islamic eulogistic poetry) نىڭ ئەنئەنىۋى ئالاھىدىلىكى[97]— ۋە ئاسمان جىسىملىرى ئۈستىدىكى مۇھاكىمە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ (5 ـ باب) . بىلىم، ئەقىل، تىل ھەم پەزىلەتنىڭ پايدىلىرى ئۈستىدىكى قىسقا بۆلەكلەر بىلەن بىرگە ئاپتور ئۆز ئۆزرە

① «ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» (دىنى ئىلىمنىڭ گۈللىنىشى) نى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن.

خالىقنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەسەرنىڭ نامىنى چۈشەندۈرىدۇ (11 ـ باب)، ۋە پادىشاھ كۈنتۇغدىنى تونۇشتۇرىدۇ (12 ـ باب، 405 ـ مىسرا).

پادىشاھ بىر ياخشى ۋەزىرنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشەنچلىك خاس ھاجىپى ئۇنىڭغا ئايتولدىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئايتولدى پادىشاھنىڭ ئادىللىقىتىكى داڭقى سەۋەبلىك ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن، يىراق يەردىن ئوردىغا كەلگەن كۆپ پەزىلەتلىك كىشى ئىدى. ئاندىن (15 ـ 18 ـ باب) ئايتولدى ئۆزىنىڭ «قۇت» ئىكەنلىكىنى، پادىشاھ ئۆزىنىڭ «ئادالەت» ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدىغان «تىرىك رەسىم» (tableaux vivants) دەك ئىككى سەھنە كۆرۈنىشى بارلىققا كېلىدۇ. توغرىلىق ۋە پەزىلەت ھەم تىلىنىڭ پايدىسى ھەققىدىكى سۆھبەتلەر ئەگىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاخىرىدا پادىشاھ ئايتولدىنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەيدۇ (1036 ـ مىسرا). ئاندىن (20 ـ باب) ئايتولدى ئۆزى «قۇت»نىڭ يۈز ئۆرۈشكە دۇچ كېلىدۇ. ئۇ تېۋىپلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىمۇ كارغا كەلمەيدىغان بىر خىل كېسەللىككە مەھكۇم بولىدۇ (1057 ـ ۋە كېيىنكى مىسرالار).

بىز ئەمدى (21 ـ باب) ئايتولدىنىڭ ياش ئوغلى ئۆگدۈلمىش بىلەن تونۇشىمىز. دادىسى بالىسىغا نەسىھەت قىلىدۇ ۋە پادىشاھقا ۋەسىيەت شەكلىدە بىر پارچە خەت يازىدۇ (23 ـ باب)، شۇ جەرياندا ئۇ ئوغلىنى پادىشاھنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرىدۇ (1484 ـ ۋە كېيىنكى مىسرالار)، ئايتولدى ئۆلگەندىن كېيىن پادىشاھ ئۆگدۈلمىشنى بېقىۋالىدۇ (1552 ـ مىسرا). بۇ مەزگىلدىن كېيىن پادىشاھ ئايتولدىنى سېغىنىپ ئۆگدۈلمىشنى ئەسكە ئالىدۇ ۋە ئۇنى ھوزۇرىغا چاقىرتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئەقلىنى سىناقلار ئارقىلىق سىنىغاندىن كېيىن، ئۇ بۇ بالىنى تەربىيىلەش قارارىغا كېلىدۇ؛ ئۆگدۈلمىشمۇ تېزلا پادىشاھنىڭ باش مەسلىھەتچىسى بولىدۇ. ئۇ بىلىم ۋە ئەقىل تېمىلىرىدا ناھايىتى كاتتا ناتىق ئىدى. ئەقىل ئۈستىدىكى تەسۋىرلىرى (27 ـ باب) دە، قارىماققا ئۇ ئۆزىنى تەسۋىرلەيدۇ.

بىرىنچى بۆلەكنىڭ قالغان قىسمى ئۆلچەملىك ھۆكۈمرانلار ئەينىكى تېمىسىغا بېغىشلانغان. يۈسۈپ پادىشاھنىڭ سوئاللىرىغا جاۋابەن ئۆگدۈلمىش بەگ، ۋەزىر، لەشكەر بېشى، خاس ھاجىپ، ئىشىك باقار، ئەلچى، كاتىپ، خەزىنىچى، ئاشپەز ۋە ساقى قاتارلىق ھەرخىل ئوردا خادىملىرىنىڭ لاياقەتلىرى ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ (28 ـ 37 ـ بابلار)، ئاخىرىدا (38 ـ باب) ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆز پۇقرالىرى ئالدىدىكى مەجبۇرىيەتلىرىنى چۈشەندۈرىدۇ. پادىشاھ ئۆگدۈلمىشنىڭ نەسىھىتى بويىچە ئىش قىلغانلىقتىن ھەم خانلىقنى ئادالەت بىلەن سورىغانلىقتىن خانلىق گۈللىنىدۇ ۋە خەلق باياشات ھەم خۇشال ـ خۇرام بولىدۇ (1032 ـ 8).

ئەسەرنىڭ ئىككىنچى بۆلىكى يېڭى تېما: جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ئىدىئاللىرى (political ideals) ۋە شەخسنىڭ دىنىي ۋىجدانى (religious conscience) ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ زىددىيەت ئۆگدۈلمىش ۋە ئۇنىڭ «قېرىنداش»ى ئودغۇرمىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە شەكلىدە دراممىلاشتۇرۇلىدۇ.

پادىشاھ ئۆگدۈلمىشتىن ئىنتايىن رازى بولۇش بىلەن بىرگە تېخىمۇ ئىسىل بىرسىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ۋە ئۆگدۈلمىشتىن تۇغقانلىرىنىڭ بىرەرىنى تەۋسىيە قىلىشىنى سورايدۇ. ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىش ئىسىملىك «ئۆزىدىن يۈز ھەسسە پەزىلەتلىك شۇنداق بىرى» (1350 ـ مىسرا) نى بىلەتتى. ئەمما ئۇ ئادەم تاغدا يالغۇز

ياشايدىغان زاھىد بولۇپ، ئۆگدۈلمىش ئۇنىڭ ئوردىغا كېلىپ خىزمەت قىلىشىنى جەزملەشتۈرەلمەيتتى. پادىشاھ ئۆگدۈلمىشنى بىر پارچە خەت بىلەن ئۇنى ئەكېلىشكە ئەۋەتىدۇ (39 ـ باب) ۋە بۇنىڭ بۇيرۇق ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىدۇ (1377 ـ مىسرا).

ئۆگدۈلمىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاشقا ئاتلىنىدۇ. ئەمما ئودغۇرمىش دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئاكتىپ ھاياتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ دىنغا بېغىشلانغان ئىستىقامەت ھاياتىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمايدۇ. ئۇ مۇنازىرە جەريانىدا دۇنيانىڭ نۇقسانلىرىنى ئەيىبلەيدۇ (42 ـ باب) ۋە ئادەمنىڭ ئۆز ھاياتىنى خۇداغا بېغىشلىشى ھەم ئۇ دۇنيادىكى بەختنى ئىزلىشىنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئۆگدۈلمىش ئۇ دۇنياغا بۇ دۇنيا ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقى ھەم ئودغۇرمىشنىڭ ياخشى ئىشلارغا ئۆزىنى بېغىشلاش ئارقىلىق ساۋابقا ئېرىشىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ مۇنازىرە قىلىپ بۇنىڭغا رەددىيە بېرىدۇ (43 ـ باب). بۇ ئىش توغرىلىق ئويلانغاندىن كېيىن ئودغۇرمىش ئاخىرى بويسۇنۇشنى رەت قىلىدۇ ۋە ئۆگدۈلمىشنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ كۆز قارىشىنى چۈشەندۈرۈپ پادىشاھقا خەت يازىدۇ (44 ـ باب).

ئىرادىسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقىدىن خاپا بولغان ھەم يەنىلا بۇ ئۇلۇغ ئادەمنىڭ خىزمەت قىلىشىنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان كۈچلۈك ئارزۇ ئىلكىدە قالغان پادىشاھ ئۆگدۈلمىشنى بىرىنچىسىدىنمۇ كەسكىن تىل بىلەن يېزىلغان خەت بىلەن قوراللاندۇرۇپ ئىككىنچى قېتىم ئەۋەتىدۇ (45 ـ باب). بۇ قېتىم ئودغۇرمىش دۇنيانىڭ ئىشلىرى، بولۇپمۇ ئوردا ئادەتلىرى ۋە قائىدە ـ يوسۇنلىرىدىن بىخەۋەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتۈنۈپ تۇرۇۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆگدۈلمىش پادىشاھقا خىزمەت قىلىشنىڭ توغرا ئۇسۇلى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەرخىل تەبىقىلەر: ئوردا خادىملىرى ۋە پۇقرالار، ئالىملار، تېۋىپلار، پالچىلار، چۈش ئۆرۈگۈچىلەر، مۇنەججىملەر، شائىرلار، دېھقانلار، سودىگەرلەر، چارۋىچىلار، ھۈنەرۋەنلەر ۋە تىلەمچىلەر بىلەن مۇئامىلىدە بولۇش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا ئىنچىكە كۆرسەتمە بېرىدۇ (47 ـ 61 ـ بابلار). بۇنىڭغا ئۇ باشقا تىپىك ھۆكۈمرانلار ئەينىكى تېمىلىرى — خوتۇن تاللاش ۋە بالا چوڭ قىلىش، ئۆي باشقۇرۇش ۋە ساھىبخان ھەم مېھمان بولۇش قاتارلىقلارنى قوشىدۇ (62 ـ 66 ـ بابلار). جەمئىيەتتىكى تۇرمۇشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى توغرىسىدىكى تېمىدىن بەكلا چەتنىگەن بۇ بايانلاردىن كېيىن ئودغۇرمىش ئۆزىنىڭ خۇدا بىلەن پادىشاھ ئىككىسىگە تەڭ خىزمەت قىلالمايدىغانلىقىدا چىڭ تۇرۇۋالىدۇ (67 ـ باب).

بۇ نۇقتىدا (4874 ـ مىسرا) ئۆگدۈلمىشنىڭ قەلبىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ ۋە ئوردىغا قايتىپ پادىشاھقا سۆھبەتنى بايان قىلغاندا پادىشاھمۇ ئودغۇرمىشنىڭ كۆز قارىشىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ۋە ئۆزىنىڭ ئادالەتسىزلىكىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. گەرچە ئۇ ئودغۇرمىشنى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرۇش پىلانىدىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا بۇ ئۇلۇغ كىشىنى ھېچ بولمىغاندا بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىش ئىستىكىدە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆگدۈلمىش ئۇنىڭ يېنىغا ئۈچىنچى قېتىم بارىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ خەت ئېلىۋالمايدۇ (68 ـ باب). ئودغۇرمىش بۇ تەلەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھاللا ماقۇل بولىدۇ؛ چۈنكى «بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشىغا قېرىنداش، زىيارەت قىلىش توغرىدۇر» (4991 ـ بېيت). ئۇ كېچىدە ئېھتىيات بىلەن ئوردىغا كېلىدۇ؛ ۋە پادىشاھقا سالام قايتۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇنى ئۆزىگە سالام قىلغۇزۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ (70 ـ باب). گەرچە ئودغۇرمىش ئۆزىنىڭ پەزىلىتى ۋە تەقۋادارلىقىنى

ئىنكار قىلىسىمۇ، ئەمما پادىشاھ ئۇنىڭ پەند - نەسىھەت بېرىشىدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ. ئۇ دىنىي ئىشلارنى (گەرچە پۈتۈنلەي دەپ كەتكىلى بولمىسىمۇ) تەكىتلەپ ئۇنىڭغا پەند - نەسىھەت بېرىدۇ؛ ئاندىن ئۆگدۈلمىشنى پادىشاھنىڭ لەشكەر توپلاش توغرىسىدىكى شۇبھىلىرىنى يېشىش ۋە پادىشاھنىڭ ۋەزىپىلىرى ھەم ھۆكۈمران بىلەن پۇقرالارنىڭ ئۆز'ئارا مەجبۇرىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈشكە قالدۇرۇپ ئۆزىنىڭ تېغىغا قايتىدۇ (72 - باب).

پادىشاھ ياخشى ھاكىمىيەت يۈرگۈزىدۇ، خانلىقمۇ گۈللىنىدۇ. ئۆگدۈلمىش بولسا قېرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئۆتكەن ئۆمرىگە ئېچىنىش ۋە روھىنى پاكلاپ ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىش مۇددىئاسىدا بولىدۇ (73 - باب). ئەمما ئۇ ئالدى بىلەن ئودغۇرمىشنىڭ يېنىغا بېرىپ بۇ ئىش توغرىلىق مەسلىھەت سورايدۇ. ئودغۇرمىش گەرچە ئۇنىڭ بۇ ياخشى ئويىنى ماختىسىمۇ، ئۇنىڭ خانلىقتا يەتكۈزۈۋاتقان زور مەنپەئەتى ۋە ئۇنىڭ دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندە ئۇنى بېقىۋالغان پادىشاھقا بولغان مەجبۇرىيىتى نۇقتىسىدىن ئۇنى ئوردىدىكى ئورنىغا قايتىشقا نەسىھەت قىلىدۇ (74 - 75 - بابلار). ئۆگدۈلمىش خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ نەسىھىتىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن ئۇ ئۆزىنى دۆلەت ئىشلىرىغا بېغىشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ پادىشاھدىن ئۇنىڭغا قارشى ھەرقانداق تۆھمەتلەرگە پىسەنت قىلماسلىق توغرىسىدا لەۋزە ئېلىۋالىدۇ (1571 - ۋە كېيىنكى بېيتلار).

ئەسەرنىڭ ئاخىرقى ۋەقەلىكىدە ئودغۇرمىش سەكراتتا يېتىپ «قېرىنداش» ى ئۆگدۈلمىشنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ. كېيىنكىسى كېسەللىكنىڭ ئادەمنىڭ گۇناھىنى يۇيۇش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئالدىنقىسىنى ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەيدۇ. ئەمما ئودغۇرمىش يامان چۈش كۆرگەن بولۇپ، ئۇ دانا سىياسىيوننىڭ چۈشكە تەبىر بېرىش توغرىسىدىكى ئۇزۇن بايانلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن چۈشىنى ئۆرۈيدۇ. ئۆگدۈلمىش بىلىمدانلىق ۋە چۈشكە خەيرلىك مەنە تېگىشقا ئۇرۇنسىمۇ، ئەمما ئودغۇرمىش چۈشىنىڭ ئۇنىڭ ئۆلۈمگە تەييارلىنىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا خۇدادىن كەلگەن بېشارەت ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ رەددىيە بېرىدۇ (79 - 80 - بابلار). ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن ئۆگدۈلمىش ئودغۇرمىشنىڭ قۇمارۇ ئىسىملىك مۇرىتىدىن ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىدۇ (82 - باب). ئودغۇرمىش ئۆزىنىڭ ھاسا ۋە ئۈزۈكتىن ئىبارەت بۇ دۇنيالىق مۈلۈكىنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ[98]. ئۆگدۈلمىش بۇلارنىڭ بىرىنى يادىكار سۈپىتىدە پادىشاھقا سۇنىدۇ؛ پادىشاھ بولسا ھاسىنى تاللايدۇ (85 - باب، 6325 - بېيت).

كىتاب زاماننىڭ بۇزۇلغانلىقى توغرىسىدىكى مۇلاھىزە (6451 - ۋە ئاخىرىدىكى بېيتلار) ۋە ئاخىرقى مەدھىيە بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. مەدھىيىدە ئاپتور يەنە بىلىم ۋە دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ خۇداغا بۇرۇلۇش تېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ (6605 - بېيت ۋە كېيىنكى بېيتلار).

ئاللېگورىيىلىك دەرىجە (allegorical level) دە ئەسەرنىڭ «ۋەقەلىكى»نى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ: ئادالەت توغرا يۈرگۈزۈلۈش ئۈچۈن قۇت، بىلىك ۋە «ئاقىۋەت»— بۇنى غەزالى «ئاخىرقى نەپەس توغرىسىدىكى بىلىش» (Knowledge of the last breath)[99] دەپ ئاتايدۇ ياكى بىز بۇنى «دىن» دەپ ئاتىشىمىز مۇمكىن — نى تەلەپ قىلىدۇ. پادىشاھ كونتۇغدى دەسلەپتە ئايتولدى ياكى قۇتنىڭ خىزمەتلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. ئەمما ئىشەنچسىز بولۇش قۇتنىڭ تەبىئىتى: ئايتولدى ئۆلۈپ كېتىدۇ. كېيىنكى

قېتىم پادىشاھ ئۆگدۈلمىش ياكى بىلىك (تېخىمۇ كەسكىن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەقىل ‹Intellect›) نى تاپىدۇ. ئۇ ئۇنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم خىزمەتكارى بولۇپ چىقىدۇ. پادىشاھ يەنىلا رازى بولمايدۇ؛ ئۇ ئودغۇرمىش ياكى «ئاقىۋەت» نىڭ نەسىھەتىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەمما بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئوڭشايلىغىچە كېلىشتۈرگىلى بولمايدۇ. ئاخىرىدا ئودغۇرمىشمۇ ئۆزىنىڭ مۇكاپاتىغا① ئېرىشىپ «ئادالەت» بىلەن ئۆزىنىڭ خانلىقىنى ئىدارە قىلىشقا ياردەملىشىشكە «بىلىك» نى يالغۇز قالدۇرۇپ كېتىدۇ.

بۇ تۆت ئاساسلىق پېرسوناژدىن باشقا يەنە ئۈچ كىچىك پېرسوناژ بار بولۇپ ئۇلارغىمۇ مەنىلىك ئاتلار قويۇلغان.

ئايتولدى پايتەختكە يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا «كۆپ ئارزۇ قىلىنغان» (Much desired) (تۈركچە كۆسەمىش: 502 ـ مىسرا) ئىسىملىك بىر كىشى ياردەم قىلىدۇ. قارىماققا ئۇ ئايتولدىنىڭ پادىشاھقا خىزمەت قىلىش ئارزۇسىدىن باشقىنى بىلدۈرمەيتتى. كۆسەمىش بۇ رولىنى ئۇنى پادىشاھنىڭ «ئەركەك» (Manly) (تۈركچە ئەرسگ: 505 ـ بېيت) ئىسىملىك خاس ھاجىپقا تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئادا قىلىدۇ. خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى توغرا ئورۇنلايدۇ. ئايتولدىنىڭ ئېسىل ئارتۇقچىلىقلىرىنى تونۇپ يەتكەن ۋە پادىشاھنىڭ شۇنداق بىر ئادەمنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلگەنلىكتىن ئۇ پادىشاھ بىلەن كۆرۈشۈشنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ، ئاندىن ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق ماڭىدۇ.

ئەڭ مەنىلىك بولغىنى ئۈچىنچى كىچىك پېرسوناژ، ئودغۇرمىشنىڭ شاگىرتى «ۋەسىيەت» (Testament) (تۈركچە، قۇمارۇ). Disciple (شاگىرت) سۆزى سۇفى يولىدىكى شەيخ (Shaikh) نىڭ شاگىرتى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئالاھىدە ئاتالغۇ بولۇپ، ئەرەبچە مۇرىد (murid) (6286 ـ مىسرا) نىڭ تەرجىمىسى بولۇشى ئېھتىمال. بەختكە قارشى، ئەسەردە مۇشۇ نۇقتىدىكى تېكىست تولۇق ئەمەس، ھەم ئاپتور ئۇنى چالا قالدۇرغان دېيىدىغان قاراشلارمۇ بار (تەرجىمىگە بېرىلگەن 190 ـ ئىزاھاتقا قاراڭ)②. ئەمما ئىسمىنىڭ مەنىسى ناھايىتى ئېنىق: ئودغۇرمىش ئۆزى ۋەكىللىك قىلىدىغان قىممەت قاراشلارنى داۋاملاشتۇرىدىغانغا بىرىنى قۇمارۇ سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن.

تۈركچە سۆز قۇمارۇ ئىنگلىزچە «legacy» (مىراس)، inheritance (ۋارىسلىق)، testament (ۋەسىيەت)، memorial (يادىكارلىق)» قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ مەنىلەرگە ئىگە، ئۇ يەنە ئەرەبچە ۋەسىيە (wasiyya) گە تەڭداش[100]. ئايتولدى ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا كەمبەغەللەرگە ئالتۇن ۋە كۈمۈش سەدىقە قىلىدۇ، دوستلىرىغا (ياكى تۇغقانلىرىغا؛ 1150 ـ بېيت، يەنە 1517 ـ بېيت) «نۇرغۇن ئەستىلىك قۇمارۇلار» نى قالدۇرىدۇ. ئۇ سەكراتتا يېتىپ تۇرۇپ ئوغلىغا قىلغان پەند ـ نەسىھەتلىرىنى «قۇمارۇ» دەپ ئاتايدۇ (1341 ـ بېيت)؛ ئۇ يەنە بىر «قۇمارۇ بىتىك» (Kumaru bitig) نى پادىشاھقا قالدۇرىدۇ (23 ـ باب) ئوغلى ئۆگدۈلمىشنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ. ئۇ ئوغلىنى «ھاياتىمنىڭ قېنى» (my lifes lood) (ئەدەبىي: «باغرىم ئوتى» bagrimoti، 1482 ـ بېيت) دەپ ئاتايدۇ ۋە ئۇ ئۇنى خۇداغا (باياتقا تۇتۇزدۇم bayatka tutuzdum، 1483 ـ

---

① بۇ يەردىكى مۇكاپات ئۆلۈمنى كۆرسىتىدۇ — تەرجىماندىن.

② تەرجىمىگە بېرىلگەن 190 ـ ئىزاھاتنىڭ تېكىستى مۇنداق: «چوقۇم 6303 ـ بېيتنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن قىسىم كەم. بۇلار تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: ئۆگدۈلمىشنىڭ ئودغۇرمىشنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلغانلىقىنىڭ ئاخىرى؛ ئۇنىڭ قەبرىسىدە ئىنىڭ مۇرىدى بىلەن قىلغان يەنە سۆھبىتى؛ قەبرىسىدە قالدۇرغان ۋەسىيەت ۋە ئىگىرىق ھەم ھاسىنى تاپشۇرۇۋېلىشى؛ ئۇنىڭ ئۆيگە قايتىشى؛ پادىشاھقا ئەھۋالىنىڭ ئۇقتۇرۇلۇشى» (ئاراتنىڭ تەھرىرى ئىزاھاتىنىڭ تەرجىمىسى، 624 ـ بەت). 6304 ـ 51 ـ بېيتلار پەقەت C نۇسخىدىلا ئۇچرايدۇ.

بېيىت) ۋە پادىشاھنىڭ خەۋەر ئېلىشىغا تاپشۇرىدۇ.

ئۆگدۈلمىشكە كەلسەك، ئۇمۇ پەند - نەسىھەت سۆزلىرى (كېرەكلىك تۇتۇزدۇم ساڭا بارچە سۆز Kereklig tutuzdum sanga barca soz، 6184 - بېيىت) نى؛ ۋە ھاسا ۋە ئۆرۈقنى «ئەستىلىك قۇمارۇ» (قۇمارۇ، 1622 - بېيىت؛ ۋە ۋەسىيەت vasiyyat، 6321 - بېيىت) سۈپىتىدە قالدۇرىدۇ. ئۇلاردىن پادىشاھ «ماڭا ياخشى بەخت - سائادەتنىڭ مەنبەسى بولسۇن» (قۇتادسۇ kutadsu) دەپ ھاسىنى ئالىدۇ؛ ئۇدغۇرمىش يەنە مۇرىدى قۇمارۇنى قالدۇرۇپ كېتىدۇ.

مەيلى سۆزلەرگە مۇجەسسەملەنگەن بولسۇن ياكى كونكرېت ئوبيېكتلار (ئۆگدۈلمىش ۋە قۇمارۇغا كەلگەندە) غا مۇجەسسەملەنگەن بولسۇن، قىممەتلىك بولغىنى، بىلىم ۋە پەزىلەتنىڭ مىراسى. ئاپتورمۇ ئوخشاشلا «قۇتادغۇبىلىك» نى مەڭگۈلۈك مىراس سۈپىتىدە قالدۇرغان (113 - ، 6506 - بېيىتلار).

يۇقىرى دەرىجىلىك ئوردا ئەمەلدارى بولۇش سۈپىتىدىكى، ياشانغان چېغىدا دۇنيا ۋە دەۋردىن ئۈمىدسىزلەنگەن (ئەسەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈچ مەدھىيىگە قاراڭ)، ھەم زاھىدلىق ھاياتىغا (6570 - ۋە كېيىنكى بېيىتلار) ئىنتىلگەن يۈسۈپ ئۆزى ئەسەردە تەسۋىرلىگەن توقۇنۇشنىڭ دەردىنى تارتقان. شۇڭا بىر ھۆكۈمرانلار ئەينىكىنى يېزىش جەريانىدا ئۇ ئاشۇ ژانىرنىڭ ئەنئەنىۋى چېگرىلىرىنى بۇزۇپ تاشلىغان. بولۇپمۇ 2 - قىسمىدا، سىياسىيون ۋە سۇفى زاھىد (Sufi ascetic) ئودغۇرمىشنىڭ توقۇنۇششى ۋە كېلىشىشىدە ئۇ ئىسلام ئەدەبىياتىدىكى بىردىنبىر دراماتىك تەسۋىر (dramatic portrayal) نى ياراتقان.

كلاسسىك ئىسلامدا سۇفى (Sufi) ۋە سىياسىيون (statesman) قارىمۇ قارشى قۇتۇپلاردا تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ توقۇنۇشىمۇ مول دراماتىك مۇمكىنچىلىكلەرگە ئىگە. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، «قۇتادغۇبىلىك» دراما كاتېگورىيىسىگە ئاساسەن چۈشمەيدۇ — پلاتونچە دىئالوگ (Platonic dialogue) تېخىمۇ ئەمەس — ئۇ تولىمۇ تىنچ، تولىمۇ فورمال. يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، گەرچە قۇرغاق ئاللېگورىيىلىك پوستى (dry allegorical overlay) بولسىمۇ، شۇ ۋەقەلىكنىڭ دراماتىك توقۇنۇشى روشەن ھالدا تاشقى يۈزىنىڭ ئاستىدىدۇر: زاھىدنىڭ پەقەت خۇداغىلا خىزمەت قىلىش ئارزۇسىغا قارشى ھالدا پادىشاھنىڭ زورلۇق بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىگە خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىشى؛ خۇدانىڭ دوستى (the friend — of — Gods) نىڭ ھاياتىدىن خۇدا بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ئارزۇسىغا قارشى ھالدا ئۆگدۈلمىشنىڭ قېرىندىشىنىڭ تۇغقانلىرىغا قېتىلىشى ۋە پەزىلەتلىرىدىن جەمئىيەت بىلەن تەڭ بەھرىمەن بولۇشنى ئارزۇ قىلىشى؛ روھى ئۆزلۈك (spiritual self) نىڭ بۇ دۇنيادىكى مۇناسىۋەتلەردىن ۋاز كېچىش ۋە بارلىق (being) نى بۇ دۇنيادىكى ھاياتقا مەركەزلەشتۈرۈش تەلىپىگە قارشى ھالدا جەمئىيەتنىڭ ئاممىۋى ۋە ئائىلىۋى مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا قىلىش تەلىپى.

بۇ قارىمۇ قارشى ئىنسان تىپلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغىنى قارىمۇ قارشى دۇنيا قاراشلاردۇر. ئۆگدۈلمىشكە نىسبەتەن خۇدانىڭ بۇ دۇنيانىڭ نەرسىلىرىنى ھالال (ئەرەبچە، ھالىل halal) قىلىپ ياراتقانلىقى بىزنىڭ ئۇلاردىن بەھرىمەن بولۇشىمىز كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ خۇدانىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى تەرتىپكە سالىدىغان قانۇنلارنى ئورناتقانلىقى بىزنىڭ بۇ مەجبۇرىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلىش ئۈچۈن كوللېكتىپ تۇرمۇش كەچۈرۈشىمىز كېرەكلىكىنى بىلدۈرىدۇ؛ خۇدانىڭ جەننەت ۋە دوزاخنى ياراتقانلىقى ئۇنىڭ ئادەمنى گۇناھ-

نىڭ خەتىرىگە ۋە ئېزىقتۇرۇشلار ئىچىدە توغرا ياشاش مەجبۇرىيىتىگە يۈزلەندۈرمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە — گەرچە بۇ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بولسىمۇ — كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە موھتاج ئىكەنلىكى، ئادەمنىڭ سىياسىي ھايۋان (political animal) ئىكەنلىكى يالغۇز ياشاشنىڭ ئاقىلانە ئەمەس، ساغلام ئەمەس ۋە ئەڭ ئاخىرىدا ئادىمىي ئەمەس (unhuman) لىكىنى بىلدۈرىدۇ.

ئۇدغۇرمىشقا نىسبەتەن خۇدا بۇ دۇنيانى ئۇ دۇنيا ئۈچۈن سىناق مەيدانى، ئادەمنىڭ ئوغۇللىرى (sons of Adom) ئۈچۈن بىر تۈرمە قىلىپ ياراتقان؛ ئەمما يەنە بۇ دۇنيانى ئادەم ئۆزىنى پاكلاش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆلگەندىن كېيىن ھۆرمەتكە لايىق ئورۇنغا ئېرىشىش — ھەم مۇمكىن ھالدا — بۇ ھاياتتا ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىغا يېقىنلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە سەھنە قىلىپ ياراتقان. باشقا ھەممىسى ساختا.

«قۇتادغۇبىلىك» تە بۇ زىددىيەت دىئالوگ شەكلىدە قانائەتلىنەرلىك ئۇسۇلدا ھەل قىلىنغان. زاھىد سىياسىيوننى پادشاھ ۋە خەلققە بولغان مەجبۇرىيىتىنى تاشلىماسلىققا دەۋەت قىلىدۇ؛ سىياسىيون بولسا زاھىدنىڭ يۈكسەك دىنىي مەجبۇرىيەت (Calling) نى ئادا قىلىۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇدغۇرمىش خەتەرلىك (خۇددى بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇنىڭ ئەسەردىكى رولىنى ئىزاھلىغاندەك) بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇ دۇنيالىق نىشان ۋە ئىدىئاللارنىڭ خېمىر تۇرۇچى (leaven) بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇلارسىز ھۆكۈمرانىنىڭ ھاياتى بىھۇدە كېتىدۇ. پادشاھنىڭ ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى بۇ «قېرىنداشلار» نىڭ كېلىشىشى، ئىران - ئىسلام ھۆكۈمرانلىق سەنئىتى ئەنئەنىسى (Irano—Islmic state craft tradition) نىڭ يىلتىزى چوڭقۇر تېمىلىرىنىڭ بىرىنى چۈشەندۈرىدۇ: ئادىل ھۆكۈمرانلىق ۋە توغرا دىن ئوخشاش بالىياتقۇدىن تۆرەلگەن قوشماقلار بولۇپ، ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ (يۇقىرىدىكى «ھۆكۈمرانلار ئەينەكلىرى» گە قاراڭ).

ئىنسانلارنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنىڭ «دىن» (din) ۋە «دۇنيا» (dunya) دىن ئىبارەت تىپىك ئىسلامچە بۆلۈنۈش (typical Islamic division) بىدە «دىن» «ئاخىرەت» (axira) («ئۇ دۇنيا the otherworld، ئاخىرەت the hereafter») نىڭ ئورنىنى ئالىدۇ. «ئاخىرەت» قۇرئاندا «دۇنيا» غا قارىشىدۇر. ئىسلامدا «دۇنيا» نىڭ ئورنىنىڭ تۆۋەنلىتىلىشى (قۇرئان 86: 12، 16: 87) ۋە «دۇنيا» نىڭ «دەۋلەت» (dawla) («بۇ دۇنيالىق ھۆكۈمرانلىق temporal rule، خانلىق ھوقۇق ۋە ئىمپېرىيىنىڭ بەخت - تەلىيى») بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى — بۇ خىل بىرلەشتۈرۈلۈش تەڭداش پارسچە سۆز «جاھان» (jahan) نىڭ كۆپ مەنىلىكلىكى بىلەن تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن — بىلەن بىرلىكتە «دەۋلەت» نىڭ ئورنىنى تۆۋەنلىتىدىغان خاھىش بارلىققا كەلگەن. تارىختا بۇ يەتتىنچى ۋە سەككىزىنچى ئەسىرلەردە تەقۋادار مۇسۇلمانلار ئۇمەۋىيلەرنى قانۇنسىز ھۆكۈمرانلار دەپ قاراپ ئۇلاردىن يۈز ئۆرىگەندە يۈز بەرگەن. ئىسلامدىكى ھۆكۈمرانلار ئەينىكى ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم رولى بولسا «دىن» نىڭ «قوشماق قېرىندىشى» نى ئەسلىدىكى يۇقىرى ئورنىغا كۆتۈرۈشتۇر. 11 - ئەسىردە خەلىپىنىڭ ھېچقانداق سىياسىي ھوقۇقى قالمىغان، سۇلتاننىڭمۇ ھوقۇقىنىڭ ھېچقانداق رولى قالمىغاندا، غەزالى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش سۈننىي مەزھىپىدىكى ئاپتورلار (Sunni authors) دىن بىلەن «دەۋلەت/دۇنيا» (dawla/dunya) نى كېلىشتۈرۈشنى مۇھىم، دەپ قارىغان.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى، ئۇنىڭ ئاساسلىقى ھۆكۈمرانلار ئەي-

ىنكى ئەنئەنىسى (mirror—for—princes tradition) دىن ئېلىنغان بۇ دۇنيالىق، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تېمىلارنى ئاساسلىقى سۇفى زاھىد ئەنئەنىسى (Sufi — ascetic tradition) دىن ئېلىنغان، شەخسنىڭ روھىنىڭ نىجادلىقتا ئېرىشىشى (salvation of the individual soul) بىلەن باغلانغان روھىي تېمىلار (spiritual themes) بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكىدۇر، ھەتتا دىن بىلەن دۇنيانى كېلىشتۈرگىلى بولمايدۇ (5311 ـ ۋە كېيىنكى بېيىتلار؛ يۇقىرىدىكى «قۇرئان ۋە ھەدىس» نامىلىق ماۋزۇغا قاراڭ) غانلىقىدا چىڭ تۇرىدىغان ئودغۇرمىشمۇ بۇ دۇنيالىق بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۆزىنىڭ قىيامەتلىك ئىبادىتى (doomsday preaching) بىلەن ئارىلاشتۇرۇشقا قارشى تۇرمايدۇ (يۇقىرىدىكى «سۇفىزم» ماۋزۇسى ئاستىغا قاراڭ). ھەتتا «دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچى» پادىشاھمۇ بۇ دۇنيالىق مەۋجۇدلۇق (mundane exitence) نىڭ كاۋاكلىقىدىن ھەسرەتلىنىدۇ ۋە زاھىدلىق تۇرمۇشىنى مەدھىيىلەيدىغان سۆزلەرنى قىلىدۇ (6379 ـ 86).

گەرچە ئودغۇرمىش مۇنازىرىدە يېڭىپ چىقسىمۇ، [101] ئەمما ئۆگدۇلمىش ھېكايىنىڭ قەھرىمانىدۇر. پادىشاھ ئودغۇرمىشنىڭ پەند ـ نەسىھەتلىرىنى قوبۇل قىلسىمۇ، ئەمما تەختتىن ۋاز كەچمەيدۇ؛ ئەكسىچە ئۇ داۋاملىق ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. ئۆگدۇلمىشمۇ ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە پادىشاھقا خىزمەت قىلىدۇ. شۇڭا خانلىق گۈللىنىدۇ، خەلقمۇ ياخشى بەخت ـ سائادەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ (6424 ـ بېيىت) — ئاپتورمۇ سۆز قىستۇرۇپ بۇ خىلدىكى ئادەم ئادەم ئەمەس، بەلكى پەرىشتە دەيدۇ (6426 ـ بېيىت).

خۇلاسە شۇكى، گەرچە مۇنازىرە ۋە توقۇنۇشلار بولسىمۇ ھېچقايسى تەرەپ يەنە بىر تەرەپنى ئىنكار قىلمايدۇ. خۇددى پادىشاھ ۋە ئۆگدۇلمىش ئودغۇرمىش ۋەكىللىك قىلغان دىنىي قىممەت قاراشلىرىنى تونۇپ يەتكەندەك ئودغۇرمىشمۇ بۇ دۇنيالىق بىلىم ۋە ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ رولىنى تونۇپ يېتىدۇ. خۇددى يۈسۈپ ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئېيتقاندەك (6498 ـ بېيىت)، «مانا بۇ دىن يولى ھەم بۇ دۇنيا يولى» دىن بىلەن دۇنيا توقۇنۇشۇشتا بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئاخىرقى مۇلاھىزىدە ئادەم ھەر ئىككىلىسىگە موھتاج، «قۇتادغۇبىلىك» مۇ پادىشاھنى ھەر ئىككىلا خىل تىرىشچانلىق («ئىككىلا دۇنيا») تا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تەييارلاندۇرۇش ئۈچۈن يېزىلغان. ئوخشاشلا ئودغۇرمىشنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ساۋۇقى خۇددى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆلگەن ئايتولدىنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ساۋۇقىدەكلا روشەن. پادىشاھ دىنغا قۇتقا تايانغاندىن ھېچقانچە كۆپ تايىنالمايدۇ. ئادالەت، بىلىم ۋە ئەقىل ـ خانلىقنىڭ تۈۋرۈكلىرى.

(داۋامى بار)

(ئەكبەر ئەمەت: شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنىدىن)

# قاراخانىيلار[1]

## ئۆمەلژان پىرتساك (گېرمانىيە)

### تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن

### 7. غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى

مۇھەممەد I بىننى ناسىر قۇيدۇرغان مېتال پۇللارغا قارىغاندا، ئۇ غەربىي قاراخانىيلارنىڭ بۈيۈك قاغانى (ئارسلان قاراخان) بولغاندىن كېيىن، دادىسىنىڭ پايتەختى بولغان ئۆز كەنتتە تۇرغان.

مۇسۇلمان تارىخچىلىرىنىڭ بۇخارا ۋە سەمەرقەند توغرىسىدىكى تارىخىي مەنبەلىرىدە ئۇنىڭ ئۆز نامىدا مېتال پۇل قۇيدۇرغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بار. ئۇ دادىسىنىڭ لەقىبى بولغان «مۇئەييەدۇل - ئەدل» دېگەن نامغا ئىگە بولۇپ، بۇ لەقەب شەرق قاغانى بولغان ئىنىسى ئىبراھىم بىننى ناسىرنىڭ بۇخارادا بېسىلغان پۇللىرىدا ۋە ئوغلى ئارسلان تېكىن ئەبۇل فەزل ئاباسىنىڭ ئىسفەرە بىلەن ۋاروھ ئوتتۇرىسىدىكى يان بۇغازدا تۇرغۇزۇلغان ئابىدىدە (ھىجرىيە 433 - يىلى، مىلادىيە 1041 - يىلىغا ئائىت) كۆرۈلىدۇ. مۇھەممەد بىننى ناسىر ھەققىدىكى ئەينى چاغدا كېيىنكى مەنبەلەرگە ماتېرىيال بولغان پۇللار ھىجرىيە 444 - يىلى (مىلادىيە 1053/1063 - يىلى) غا ئائىتتۇر. ھىجرىيە 5 - ئەسىرنىڭ 40 - يىللىرىدىن ئېتىبارەن قېرىندىشى ئىبراھىم بىننى ناسىر بۇغراخان ئۇنۋانى بىلەن پۇللاردا كۆرۈلىدۇ ۋە شۇنىڭدىن تارتىپ ئائىلە بويىچە «ئەل - مۇئەييەدۇل ئەدل» لەقەبىنى قوللانغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، مۇھەممەد بىننى ناسىرنىڭ مۇشۇ ئارىدا ۋاپات بولۇپ ئىبراھىم بىننى ناسىرنىڭ بۈيۈك قاغان بولغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئىبراھىم مۇھەممەد بىننى ناسىر فەرغانىدە خانلىق تەختىدە ئولتۇرىدۇ. (ئىبنۇل ئەسىر، 9 - جىلد، 211 - بەت) ھىجرىيە 458 - يىلى (مىلادىيە 1066/1065 - يىللىرى) غا ئائىت ئۆزكەنت پۇللىرىدىن مۇھەممەد بىننى ناسىرنىڭ بالىلىرى بولغان ئاباس بىلەن مۇھەممەدنىڭ سەۋەبسىزلا ئۆلگەنلىكى ھەم ئىبراھىمنىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋارىسلىقىدىن ۋاز كەچكەنلىكى ئايان بولدى. ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم I بىننى ناسىر مىلادىيە 1052 - 1068 - يىللار پايتەختنى ئۆزكەنتكە يۆتكىمەي سەمەرقەندنى پايتەخت قىلىدۇ. سەمەرقەند ئەنە شۇ زاماندىن تارتىپ تاكى خاندانلىقنىڭ ئاخىرىغىچە غەربىي قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى بولۇپ قالىدۇ. يازما ماتېرىياللاردا كۆپىنچە تامغاچ خان نامى بىلەن ئاتالغان ئىبراھىم بىننى ناسىر ئەينى چاغدا ئىسلام مۇئەللىپىنىڭ ئەسەرلىرىدە نامى تىلغا ئېلىنغان قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرىدىن بىرى ئىدى. ئافىنىڭ نەقىل كەلتۈرۈشىچە، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ دانا ھۆكۈمران ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ يېتۈك دانىشمەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئاساسىي قارارلىرىنى ئۆزى پۈتۈپ

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا.

چىقاتتى. دۆلەتنى ئادىللىق بىلەن ئىدارە قىلىپ، ئوغرى - يالغانلارنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ، پۇقرالارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىغان. ئۇ قاسساپلارنىڭ ئىنساپسىزلىق بىلەن باھانى قالايمىقان ئۆستۈرگەنلىكىگە قارشى تۇرۇپ، بۇ جەھەتتە زور نەتىجە قازانغان ... ۋەھاكازالار. ئىبنۇل ئەسىر ئۇنىڭ ئادالەتنى (ئىسلام فىقھىشۇناسلىرىنىڭ پىكرىنى ئالماي تۇرۇپ، يېڭى باج تۈرىنى يولغا قويمايتتى) ۋە سۈننىي تەسەۋۋۇر (بۇ يەردە ئەلەۋىي مەزھىپىدىكى ئەبۇشۇجا بىلەن بولغان ۋەقەنى دېمەكچى، 9 - جىلد، 211 - بەت) نى ھەممىشە تەشەببۇس قىلىدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ. نەتىجىدە ئىبراھىم شەرق قاغانى (بۇغراخان) بولغاندا ھىجرىيە 436 - يىلى (مىلادىيە 1046/1045 - يىللىرى) ھىيلە بىلەن ماۋەرائۇننەھردىكى ئىسمائىللارنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگەتكەنلىكى مەلۇم (ئىبنۇل ئەسىر، 9 - جىلد، 358 - بەت). لېكىن بارتولد بۇ ۋەقەنى خاتا ھالدا باشقا بىر بۇغراخان (مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ) غا باغلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ھۆكۈمدارلار بىلەن ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ كۆرۈلگەن. مەسىلەن، بىزگىچە نامەلۇم بولغان بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قاغان ئىمام ئوبۇلقاسىم سەمەرقەندىنى ئۆلتۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئىبنۇل ئەسىرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا (9 - جىلد، 211 - بەت)، ئىبراھىم ھەسەن مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، (بۇ ھىجرىيە 449/448 - يىللىرى يۈز بەرگەن ۋەقە) ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە بېسىپ كىرگەن. دەرۋەقە چېكرا رايون (شاش، ئىلاك، مىڭلاق، تۇنكاس) بىلەن پەرغانىنىڭ قىسمەن رايونلىرىدا بېسىلغان پۇللار ھىجرىيە 440 - يىللاردا مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ (بۇغرا قاراخان) نىڭ نامى بىلەن قويۇلغان بولسا، ھېچبولمىغاندا 450 - يىللاردا (1060/1059 - يىللاردىن ئېتىبارەن) ئىبراھىم بىننى ناسىرنىڭ نامىغا ئالماشقان. بۇ پۇللار قويۇلغان چاغلاردا يۈسۈپ قادىرخان ئاللىقاچان خوتەننى پۈتۈنلەي ئىشغال قىلىپ، ئۇ يەردە ئىسلام ئېچىپ، خەلىپە ئىنئام قىلغان «مەلىكۇل مەشرىق ۋەددىن» دېگەن ئۇنۋاننى قوللىنىپ بولغان. ئەمما ئىبراھىم ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا سەلجۇقىيلارنىڭ قانداق قىلىپ كۈچەيگەنلىكىگە شاھىد بولدى. سەلجۇق دۆلىتىنىڭ شەرق ھاكىمى ئالپ ئارسلان ئىبراھىمنىڭ بۆرە تېكىن لەقىبىدە تۇرغان يىللىرىدىن تارتىپ ئۆز قولىدا تۇتۇپ كېلىۋاتقان ھوتتال ۋە ساغانىيانىنى ئىشغال قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قوشۇنلىرى قاراخانىيلارنىڭ زېمىنلىرىغا ھۇجۇم قىلىشقا باشلىغان. ئىبراھىم باغدادقا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتىپ، سەلجۇقىيلارنىڭ بۇ ئىشىنى (خەلىپىگە) شىكايەت قىلغان بولسىمۇ، خەلىپە ئۇنىڭغا يېڭى ئۇنۋان ۋە تون بەرگەندىن باشقا ھېچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىبراھىمنىڭ لەقىبى «ئىمەدۇد - دەۋلە ۋە تاجۇل مىللە سەيىف خەلىفەتۇللاھ ئىززەتۇل - ئۇممە - كەئبۇل - مۇسلىمىن»، ئائىلە لەقىبى بولسا «ئەل - مۇئەييەدۇل - ئەدل» بولدى.

ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن پۈتۈن ھاكىمىيەت مەنبەلەردە شەمسۇلمۇلۇك نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان ئوغلى ناسىر I بىننى ئىبراھىمنىڭ قولىغا ئۆتتى. لېكىن شۇ ۋاقىتلاردا شاش ۋە تۇنكاسلاردا ۋالىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان شۇئەيس (ياكى شۇ ئەيىب، «تارىخى بۇخارا» سىچىفېر نەشرگە تەييارلىغان نۇسخىسىنىڭ 1 - بېتىدە سىغەس، ئىبنۇل ئەسىر 9 - جىلد، 213 - بەتتە توغانخان ياكى توغان تېكىن دېيىلگەن) تەخت تەمەسىدە يۈرەتتى. ئاخىرىدا بۇخارا ھەم سەمەرقەندتە ئىبراھىم ئۆلگىچە داۋام قىلغان تەخت تالىشىش كۈرىشى ئاخىرى ناسىر شەمسۇلمۇلۇك I نىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان شەرقىي قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى (مۇھەممەد بىننى يۈسۈپ ۋە مۇھەممەد بىننى سۇلايمان) غەربىي قاراخانىيلار قاغانى ئىبراھىم بىننى ناسىر تەرىپىدىن سىتىۋېلىنغان زېمىنلارغا كەڭ

كۆلەمدە ھۇجۇم باشلىدى. تۇنجى جەڭ ئىككى تەرەپنىڭ سۈلھىسى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئەبۇل ھەسەن ناسىر بىننى ئىبراھىم I ھىجرىيە 472/460 ـ يىلى (مىلادىيە 1080/1068 ـ يىللار) سەلجۇقىيلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا مەجبۇر بولدى. مىلادىيە 1072 ـ يىلى كۈزدە ئالپ ئارسلان 200 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە ھەربىي يۈرۈش قىلغان بولسىمۇ، ئۇشتۇمتۇت ۋاپات بولغاچقا ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولدى. ناسىر ئۇنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن يوقاتتى. كېيىنچە تىرازنى ئىشغال قىلىپ، ئامۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، بەلخكە قىستاپ كەلدى. ئىككى يىلغا قەدەر داۋالاشقان ھۇجۇمدىن كېيىن ناسىرنىڭ ئىنىسى (ئەل خىزىر بولۇشى ئېھتىمالغا بەك يېقىن) تىرمىزنى مەلىكشاھقا كېسىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى (ئىبنۇل ئەسىر، 10 ـ جىلد، 49 ـ، 50 ـ بەتلەر). مەلىكشاھ ھۇجۇمىنىڭ تىغ ئۇچىنى سەمەرقەندكە بۇراپ، بۇ شەھەرگە ئاتلاندى. ناسىر مەلىكشاھ بىلەن سۈلھى قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردى ۋە مەشھۇر ۋەزىر نىزامۇلمۇلۇكنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن سۈلھى تۈزۈلدى (ئىبنۇل ئەسىر، 10 ـ جىلد، 63 ـ بەت). سۈلھىدە ناسىر ئالپ ئارسلاننىڭ قىزى ئائىشەنى ئۆز ئەمرىگە ئالىدىغان، تاغىسى ئەيسانىڭ قىزى ئەل جالالىيەنى سۇلتان مەلىكشاھقا بېرىدىغان بولدى.

ناسىر ياساتقان بىنالىرى بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇ بىنا قىلدۇرغان ئىمارەتلەرنىڭ بىرى بۇخارا ئەتراپىدىكى فەرجەكدە، يەنە بىرسى خوجەند ئارىسىدىكى ئاقكۆتەلدە بولۇپ، بۇ ئىككى بىنا شۇ دەۋردە «رەباتى مۇلۇك» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان. شەمسۇلمۇلۇك ياخشى ۋە ئادىل ھۆكۈمران بولغاچقا، دادىسىغا ئوخشاش ئۆلىمالارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان (يەنى بۇخارادا ئىمام ئىسمائىل بىننى ئابىغا سىرئەل ساققار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن). ناسىرنىڭ باشقىچە لەقەبى «ئەسرۇل ھەقىق ۋە دىن» ۋە «مەلىكۇل مەشرىق ۋە دىن» ئىدى.

ناسىرنىڭ تەختىگە ئىنىسى ئەبۇشۇجا ئەل خىزىر ھىجرىيە 473/472 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1081/1080 ـ يىللىرى) ۋارىسلىق قىلغان. ئۇ توغرىسىدا ماتېرىياللاردا ھېچقانداق مەلۇمات يوق، پەقەت نىزامى ئارزۇ ئەل سەمەرقەندىنىڭ «چاھارماقالە» ناملىق ئەسىرىدە ئۇنى ئەقىللىق ۋە ئادىل بىر ھۆكۈمدار، شائىرلارنىڭ ھامىيسى سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. ئۇنىڭ شائىرلار مەجلىسىگە مۇلكۇل شۇئەرا، ئەمىر ئەمەك بۇخارى بىلەن نەجى فەرغانى ئەبۇ مۇھەممەد ئابدۇللاھ راشىد سەمەرقەندىلەر داخىل ئىدى. نىزامى ئارزۇنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، ئەل خىزىرنىڭ ئۆلۈشى بىلەن غەربىي قاراخانىيلاردا سەلجۇقىيلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشكە ماھىر قاغانلار قالمىغان. ئەھمەد بىننى ئەل خىزىر ھىجرىيە 483/482 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1081/1080 ـ يىللىرى) كىچىك ۋاقتىدىلا خانلىق تەختىگە چىققان، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ بىلەن ئۆلىمالار ئوتتۇرىسىدا پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلگەن (يەنى ئۇ قازىيۇل قۇززات ئەھمەد بىننى سۇلايمان ئەل كاسانىنى ئۆلتۈرگەن)، ئاخىرى ئۆلىمالار ئۇزىنى مەلىكشاھنىڭ قوينىغا ئېتىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز قاغانىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا ياردەم تەلەپ قىلغان. شۇنىڭ بىلەن مەلىكشاھ مىلادىيە 1089 ـ يىلى (ھىجرىيە 481 ـ يىلى) بۇخارانى بېسىۋالغان ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇھاسىرىدىن كېيىن سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىپ، ئۆز كەنتكە يېتىپ كەلگەن ھەم ئەھمەدنى ئەسىرگە ئېلىپ، ئىسفاھانغا پالىۋەتكەن. سەمەرقەندنىڭ ۋالىيلىقىغا مەلىكشاھنىڭ قول ئاستىدىكى ئەل ئامىر ئەبۇتاھىر ئامىدسەمەرقەندنى تەيىنلىگەن (ئىبنۇل ئەسىر، 10 ـ جىلد، 113 ـ بەت). بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، غەربىي قاراخانىيلار قوشۇنىنىڭ ئاساسىي كۈچىنى تەشكىل قىلغان چىگىللارنىڭ قوماندانى ئەينۇددەۋلە سەلجۇقىيلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ۋالىينى خارەزىمگە قوغلىۋەتكەن، شۇنداقلا ئاتبېشى ھاكىمى ياقۇپ بىننى سۇلايماننى سەمەرقەندكە يۈرۈش قىلىشقا قۇشكۇرتكەن. ياقۇپ ئىشنى

ئاۋال ئەينۇددەۋلىنى ئۆلتۈرۈشتىن باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن چىگىل ئەسكەرلىرى نىيىتىدىن يانغان. مەلىكشاھ قايتىدىن بۇخاراغا كەلگەندە ياقۇپ پەرغانىدىن ئاتبېشىغا قايتىشقا مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە مەلىكشاھ ئىككىنچى قېتىم سەمەرقەندنى ئىشغال قىلغان. بۇ قېتىم بۇ شەھەرنىڭ ۋالىيلىقىغا شۇ زامانلارغىچە ئانچە مەلۇم بولماي كەلگەن ئاتسىزنى تەيىنلىگەن، مەلىكشاھ بۇ يەردىكى ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆز كەنتكە كېلىپ، ئارقىدىنلا خۇراسانغا قايتىپ كەتكەن. مەلىكشاھ بىر ئاز ۋاقىتتىن كېيىن، ئەھمەدنىڭ دۆلەتكە قايتىشىغا قوشۇلۇپ، ئۆزىگە بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا ئۇنىڭ ئۆز دۆلىتىنى ئىدارە قىلىشىغا يول قويىدى. ئەھمەد ئىراندا تۇرغان ۋاقتىدا زىندىك (باتىنى) دېيىلىدىغانلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۆلىمالار ئۇنى زىندىك (باتىنى) بىلەن مۇناسىۋىتى بار، دەپ ئەيىبلەپ راست ـ يالغىنىنى سۈرۈشتە قىلمايلا ئۇنى تۇتۇپ ھىجرىيە 488 ـ يىلى جەمادىيە ئاخىرنىڭ 18 ـ كۈنى (مىلادىيە 1095ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى) دە ئوچۇق ـ ئاشكارا سوراقتىن كېيىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئۇ شەھەر خەلقى ئارىسىدا زور شۆھرەت قازىنالمىغان. شۇڭا خەلق مۆتىۋەرلىرى ۋە ئەسكەرلەرنىڭ قارشىلىقىنى قوزغىغان. جىبرىئىل بىننى ئۆمەر (شەرقىي قاراخانىيلار نەسلىدىن) بىلەن تىركىشىپ تۇرۇۋاتقان ئىسيانچىلار ئەھمەدنىڭ «ئارسلان ئىلىگ» نامى بىلەن ئاتالغان تاغىسىنىڭ ئوغلى مەسئۇد I بىننى مۇھەممەد (ئىبنۇل ئەسىر، 9 ـ جىلد، 166 ـ بەت) نى تەختكە چىقاردى.

ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرى ھەققىدە قولىمىزدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق. «مەجمەئۇل — فۇسەھا» (2 ـ جىلد، 262 ـ، 267 ـ بەت) دا پەقەت شائىر ئىسھابىددىن ئەھمەدنىڭ ئۇنىڭ مەدھىيىسىگە بېغىشلىغان بىرقانچە قەسىدىسى بار بولۇپ، مەسئۇد بۇ قەسىدىدە «رۇكنىددىن قىلىچ تامغاچ خان» شەكلىدە ئۇچرايدۇ. مىرا مۇھەممەد قەزۋىنى «چاھار ماقالە» نىڭ نەشر ئىلاۋىسىدە (155 ـ بەت) ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرىنى ھىجرىيە 488 ـ 494 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1095 ـ 1101 ـ يىللىرى) دەپ يازغان بولسا، چ. سچېفېر (ch. Schefer) 492/492 ـ يىللىرى ئارىسىدا، دەپ قارايدۇ. ئەمما مەسئۇد I بىننى مۇھەممەد ھېچبولمىسا مىلادىيە 1097 ـ يىلدىن بۇرۇن ئۆلمىگەن، چۈنكى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، بۇ يىللاردا ماۋەرائۇننەھر بەركىيارۇقنىڭ ھۆكۈمرانلىق دائىرىسىگە كىرگەن ۋە مەسئۇدنىڭ ئورنىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ كىشى تەخت ۋارىسى قىلىنىپ قاغانلىق تەختىگە چىقىرىلغان. (بۇندارى ـ ھوتسما، 258 ـ بەت قىۋامىددىن بورسلانىنىڭ تۈركچە تەرجىمىسى، 235 ـ بەت) مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ سەلتەنەت دەۋرىنى ھىجرىيە 488 ـ 490 ـ يىلى (مىلادىيە 1095ـ 1097 ـ يىلى) دەپ بېكىتىشنى قوبۇل كۆردۇق. بەركىيارۇق تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان تۇنجى قاغان مەسئۇدنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى بولغان سۇلايمان بىننى داۋۇت (ھىجرىيە 490 ـ يىلى/مىلادىيە 1093 ـ يىلى) ئىدى. بىراق ئۇ تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ۋاپات بولغان. ئۇ مەلىكشاھنىڭ قىزى بىلەن توي قىلغان بولۇپ، تەختكە چىقىرىلغانغا قەدەر سەلجۇقىيلارنىڭ ئوردىسىدا تۇرغان. مەنبەلەردە بۇغراخان ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقىغا نەزەر سېلىنسا (ئىبنۇل ئەسىر، ئەل كامىل، 9 ـ جىلد، 121 ـ، 147ـ بەتلەر) ئۇنىڭ بىر مەزگىل شەرقىنىڭمۇ قاغانى بولغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىندۇر. ئۇنىڭغا ئائىت نورغۇنلىغان مىتال پۇللار بار بولۇپ (ئەپسۇس يىل دەۋرى ئۆچۈپ كەتكەن)، بۇ پۇللاردا سۇلايمان قادىر تامغاچ بۇغرا قاغان نامى بىلەن تىلغا ئېلىنغان. (ماركوۋ، كاتالوگ، 851 ـ بەت).

تەختكە چىقىرىلغان ئىككىنچى كىشى ئەبۇلقاسىم مۇھەممەد I ھىجرىيە 490/492 ـ

يىلى (مىلادىيە 1099/1097 - يىللىرى) بولۇپ ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئىبنۇل ئەسىر (9 - جىلد، 213 - بەت) نىڭ بەرگەن مەلۇماتىغا تايىنىمىز. يەنى ئىبنۇل ئەسىر ئۇ توغرىسىدا توختىلىپ: «ئۇنىڭ چوڭ دادىسى شۇلارنىڭ (قاراخانىيلارنىڭ) ھۆكۈمدارلىرىدىن بولۇپ، گاچا ئىدى» دەپ يازغان (بارتولد «تۈركىستان»، ئىنگلىزچە نەشرى، 318 - بەت، 4 - بۆلۈم). مۇھەممەدنىڭ ئۆزى گاچا ئىدى، دەپ قارايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ئىبنۇل ئەسىر قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئېنىق بايان قىلىشنى ئويلىغان ھەم ئۆزىنىڭ ماۋەرائۇننەھردىكى قاراخانىيلار تارىخىغا ئائىت مۇھىم مەنبە بولۇپ كەلگەن ئەل ئۇتبى (مانىنى (Manini) نەشرى، 1 - جىلد، 227 - بەت) ھۆكۈمدارلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۈيۈك قاغان (ئارسلانخان) مەنسۇر بىننى ئەلى (ھىجرىيە 415 - يىلى مىلادىيە 1025/1024 - يىللىرى ۋاپات بولغان) نىڭ گاچا ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. ئەگەر بىزنىڭ پەرىزىمىز توغرا بولىدىغان بولسا مەنسۇر بىننى ئەلى مۇھەممەد بىننى خولانىنىڭ چوڭ دادىسى ئەمەستەك قىلىدۇ. ھىجرىيە 490 - يىلى (مىلادىيە 1097/1096 - يىللىرى) دا بۇخارادا قۇيدۇرۇلغان پۇللار فىرنولوگىيە (فىرنولوگىيە — ۋەقەلەرنىڭ پەيدا بولغان ۋاقىتلىرىنى ئىزچىل تۈردە بىر - بىرلەپ كۆرسىتىدىغان روۋايەت - ئۇيغۇرچە تەرجىماندىن) ئىلمى ئۈچۈن بىردىنبىر تايىنىدىغان مەلۇماتتۇر.

بەركىيارۇق تەختكە چىقارغان ئۈچىنچى ھۆكۈمدارنىڭ ئىسمى بۇندارى ھارۇن دەپ قەيت قىلىنىدۇ. شەرقىي قاراخانىيلارمۇ ھارۇن ئىسمىنى ئەسلى بويىچە قوللانغانلىقىغا قارىغاندا، بۇنىڭ جىبرىئىل بىننى ئۆمەر بىلەن بىر كىشى ئەمەسلىكى ئېھتىمالغا يېقىن. ھارۇن جەڭ ئارقىلىق مەھمۇدنى ئۆلتۈرگەن ۋە ئۇنىڭ دۆلىتىنى قولغا كىرگۈزگەن (ئىبنۇل ئەسىر، 9 - جىلد، 213 -بەت) بۇ ۋەقە ھىجرىيە 491 - يىلى (مىلادىيە 1099 - يىلى) دا بولغان ئەمەس. جىبرىئىلنىڭ ئۈچ يىلدىن بېرى سەمەرقەند شەھىرىدە ۋالىيلىقنى ئۆتەپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، خۇراسانغا مېڭىشتىن بىر ئاز ئىلگىرى ئۆلتۈرۈۋېتىلىشى ئېھتىمالدىن يىراق. جىبرىئىل (بۇخارادا بېسىلغان تىرازدىن تېپىلغان بىر مىتال پۇلدا نامى مەلۇم بولماقتا) شەرقىي قاراخانىيلاردىن كېلىپ چىققان بولۇپ، تىراز ھاكىمى سۈپىتى بىلەن شەرقتىكى دۆلەتنىڭ قاغانى بولغان. ئۇ توغرۇل بىننى ئىنال بىلەن بىر كىشى بولماسلىقى مۇمكىن (يەنە بىر ماقالىدا يەنى سىچېفېر نەشرگە تەييارلىغان «بۇخارا تارىخى» نىڭ 12 - بېتىدە توغرۇل بەگنىڭ ئىسمى ھەمدە ئەرتېكىن دېگەن لەقەبى قەيت قىلىنغان). بۇ شەخس تارىخىي ماتېرىياللاردا توغانخان ۋە قادىرخان نامى بىلەن كۆرۈلىدۇ. ئۇ غەربىي قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ تۇرغان چاغلاردا (سەمەرقەندتە ئۆزىگە نائىب بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەلەۋىيلەردىن بولغان ئەبۇل مەئەھ مۇھەممەد بىننى زەيرۇل ئەلەۋىي ئەل باغدادىنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىغان، ئىبنۇل ئەسىر، 9 - جىلد، 213 - بەت) مەلىكشاھ ئوغۇللىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ خۇراساننى بېسىۋېلىشقا تەرەددۇت قىلغان. شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا خۇراسان ۋالىيسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان سەنجەرنىڭ ئادەملىرى ئارىسىدىن بىرسى ياردەمچى (كۆنتوغدى) بولغان. بىراق تىرمىزنى ئېلىش ئۈچۈن بارغان ئۇرۇشتا سەنجەر غالىپ كېلىپ، جىبرىئىلنى ئەسىرگە ئېلىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن (يەنى ھىجرىيە 495 - يىلى 8 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، مىلادىيە 1102 - يىلى 22 - مايدا قەتلى قىلىنغان). شۇنداق قىلىپ ماۋەرائۇننەھر سۇلتان سەنجەرگە ئوڭچىلا قېپقالغان. سەنجەر مەرۋدە تۇغۇلۇپ، ئۆزىنىڭ قېشىدا چوڭ بولغان جىيەنى مۇھەممەد I بىننى سۇلايمان (ھىجرىيە 495 - 524 - يىللىرى، مىلادىيە 1102 - 1130 - يىللىرى) نى بۈيۈك قاغان ئۇنۋانى (ئارسلانخان) بىلەن

سەمەرقەندتە غەربىي قاراخانىيلار تەختىگە ئولتۇرغۇزغان. ئۇنىڭ تارقاتقان بەزى پۇللىرىدا باشقا دۆلەت ھۆكۈمدارىنىڭ نامى (بۇ يەردە سۇلتان سەنجەرنى دېمەكچى) تۈنجى قېتىم تىلغا ئېلىنغان. مۇھەممەد يەنە تابغاچخان ئۇنۋانى بىلەنمۇ مەشھۇر بولۇپ، لەقەبى «ئالالۇد دەۋلە» ئىدى. شەرق قاغانى سەنجەرنىڭ بۇخارادىكى ۋالىيسى مۇھەممەد بىننى شۇئەيىب بولۇپ، ھىجرىيە 513 ـ يىلى (مىلادىيە 1119 ـ يىلى) دىن ئىلگىرى ۋاپات بولمىغان. چۈنكى بۇ يىلدىن باشلاپ بۇخارادا بۈيۈك گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى سۈپىتىدە ئۆز نامى ئەمەس بەلكى يەنىلا بۈيۈك قاغان مۇھەممەد بىننى سۇلايماننىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. (مۇھەممەد) بۇ چاغدا سەنجەرنىڭ تۇغقىنى (ئاياللىنىڭ ئىنىسى ياكى قېيىن ئاغىسى)، مەرتىۋىلىك ئابدۇل ئەزىز I بىننى ھازا بىلەن ئۆچەكىشىپ قالغان بۇ زات، سىياسىي جەھەتتىن خەتەرلىك شەخس بولۇپلا قالماي، شۇ دەۋردە مەرۋىگە ۋالىي بولۇپ تەيىنلەنگەن ئىمام ئەبۇ ئىسھاق ئىبراھىم ئەل سەنجەرنىڭ ئورنىغا ئۆزى «ئەل سەدىر» ئۇنۋانىنى بېرىپ بۇخارا ھەنىفىلىرىنىڭ باشلىقى بولدى. (پىرتساك«ئەل بۇرخان») بۇنىڭ بىلەن ماۋەرائۇننەھىردە قاراخانىيلار دۆلىتى ئىچىدە يەنە بىر دۆلەت مەيدانغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن سۇلتان سەنجەرنىڭ ھەر ئىككى ھامىيسىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىم مۇستەقىل بىر ئامىل سۈپىتىدە قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى بىلەن ئۆلىمالار ئارىسىدىكى مەڭگۈلۈك جەڭگى ـ جېدەلگە خاتىمە بەرگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن بۇ خۇشاللىق پەيدا بولا ـ بولمايلا خانلىقتا ھېچقاچان مۇھىم رول ئوينىماپ باقمىغان شەخس ئۆمەرخان مۇھەممەد بىننى سۇلايماننى سەمەرقەندتىن قوغلىۋەتكەن . ئەمما ئۆمەرمۇ ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ خارازىمگە كەتكەن ۋە ئاخىرى شۇ يەردە سەنجەر تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن (ئىبنۇل ئەسىرمۇ ساغۇن بەگ نامى بىلەن تىلغا ئالغان باشقا بىر تەخت دەۋاگىرى بىلەن بولغان جەڭ تېخىمۇ مۇشكۇل بولغان. بارتولىد: («تۈركىستان» نىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى) «ساغۇن بەگ» نىڭ «ساغىر-بەگ» شەكلىدە ئوقۇلۇشى مەنبە جەھەتتىكى خاتالىقتىن كېلىپ چىققان. بۇ كىشى دەل ھەسەن بىننى ئەلى بولۇپ، ئەلى تېكىن ۋارىسلىرى شېخىغا تەۋە ئىدى (يۇقىرىقى ئەسەر). ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ سەككىز يىل داۋام قىلدى. مۇھەممەد بىننى سۇلايمان بىرقانچە قېتىم سەنجەرنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج بولغان. لېكىن سەنجەر ئاۋال ھەسەن بىننى ئەلىگە مۇھەممەد بىننى سۇلايماننىڭ شەرق قاغانى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدۇرغان. ئەمما ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىرقانچە قېتىملىق ئۇرۇنۇشلاردىن كېيىن مۇھەممەد بىننى سۇلايمان ھىجرىيە 503 ـ يىلى (مىلادىيە 1109 ـ يىلى) دا سەنجەرنىڭ ياردىمى بىەن ھەسەن بىننى ئەلىنى مەغلۇپ قىلغان (ئىبنۇل ئەسىر، 10 ـ جىلد، 241 ـ، 252 ـ، 548 ـ بەت). سەنجەرنىڭ يازغان بىر پارچە مەكتۇبىغا قارىغاندا، ھەسەن بىننى ئەلى مەرۋىدە ئۆلتۈرۈلگەن (بارتولىد: «ئىنشا»، 25 ـ بەت، ئىبنۇل ئەسىر، 9 ـ جىلد، 55 ـ بەت). بۇندارى (ھوتسما Hutsma: نەشرگە تەييارلىغان، I جىلد، 264 ـ بەت، تەرجىمە نۇسخىسى 239 ـ بەت) نىڭ مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، مۇھەممەد بىننى سۇلايمان (بۇندارى خاتا ھالدا ئەھمەد دەپ خاتىرىلىۋالغان) مەملۇكلاردىن 12 مىڭ كىشىلىك بىر قوشۇن تەشكىللەپ، كاپىر تۈركلەرگە قارشى پات ـ پات ھۇجۇم قىلىپ تۇرغان. ئەل قارشى ئۇنى ئەل غازى دەپ تەرىپلىگەن (بارتولىد: «تۈركىستان» 132 ـ بەت). مۇھەممەد مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا مەملىكەتتە تىنچلىق ئورنىتىپ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپىلەرنى قوشقان (مەسىلەن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتۈلگەن بۇخارانىڭ قۇرۇلۇشى قاتارلىقلار)؛ مۇھەممەد بىننى سۇلايمان ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىدا پالەچ بولۇپ قالغاچقا ناسىر II (ئىبنۇل ئەسىر، 9 جىلد

54 ـ بەت) نىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئوغۇللىرىدىن دەسلەپ ئەھمەد I نى ئۆزىگە ياردەمچى قىلغان. كېيىنچە سەنجەر بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن. شۇڭا سەنجەر سەمەرقەندنى ئىشغال قىلىپ، دۆلەت خەزىنىسىنى قولغا ئالغان ھەم مۇھەممەدنى تۇتقان. مۇھەممەد ھىجرىيە 526 ـ يىلى 7 ـ ئايدا (مىلادىيە 1132 ـ يىلى 5 ـ ئايدا) ۋاپات بولغان. سەنجەرنىڭ ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلماي كەلگەن ئەھمەد I بىننى مۇھەممەدنىڭ ھېچقانداق بىر سەۋەبسىزلا ھىجرىيە 526 ـ يىلى (مىلادىيە 1132 ـ يىلى) غىچە سەنجەر ئۈچۈن ئىشلىگەنلىكى مەلۇم بولماقتا. ئىبنۇل ئەسىر (10 ـجىلد، 480 ـ بەت) ئۇ توغرىسىدا توختىلىپ، ئۇنى «ساھىبۇل ماۋەرائۇننەھر ئەھمەدخان» دەپ تەرىپلەيدۇ. ھازىر تېپىلىۋاتقان مىتال پۇللاردا (ئەپسۇس يىل دەۋرى ئۆچۈپ كەتكەن) قادىرخان ئۇنۋانىنى قوللانغان (مار- كوف، «كاتولوگ» 275 ـ بەت).

شۇنىڭدىن كېيىن سەنجەر مەرۋىدە ئەسىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئەل ھەسەن بىننى ئەلىنى سەمەرقەندكە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن. مەنبەلەردە بۇ كىشى ھەسەن تېكىن نامى بىلەن قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىبنۇل ئەسىرنىڭ كىتابىدىكى ساغۇن بەگ دېگەن ئادەم بىلەن بىر شەخس ئىكەنلىكى، راشىددىن ۋەتۋەتۇل ئەل ھەسەن كۆك ساغۇن ئىسمى بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنغانلىقى مەلۇم (ئا. ئاتەش: «سىندىبازنامە» 65 ـ بەت). كۆك ساغۇن ئۇنۋانىنى ئوغلى ئەلىمۇ قوللانغان. «سىندىبازنامە» (ئا. ئاتەش نەشرگە تەييارلىغان، 8 ـ بەت) دە ئەل ھەسەن قىلىچ قاراخان ئۇنۋانى بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، لەقەبى «جەلالۇددۇنيا ۋە دىن» (سەمەرقەندى: «ئاغرزئۇل سىياسە»، ئاياسوفىيە كىتابخانىسى، 2841 ـ بەت) ئىدى. سەلجۇقىيلاردىن كەلگەن «ئەل ـ دۇنيا» بىلەن «ئەل ـ دىن» ئۆزئارا بىرلەشتۇرۇلگەن يېڭى لەقەب شەكلى قاراخانىيلاردا تۇنجى قېتىم ھىجرىيە 474 ـ يىلى (مىلادىيە 1082/1081 ـ يىللىرى) غا ئائىت مېتال پۇللاردا كۆرۈلىدۇ.

ئەبۇل مەئالى ئەل ھەسەن بىننى ئەلى (ھىجرىيە 526/524 ـ يىللىرى، مىلادىيە 1131/ 1132 ـ يىللىرى) سۇلالىنىڭ باشقا نەسەبىگە تەۋە، دەپ قارىلىۋاتىدۇ. ئەپسۇس ئىبنۇل ئەسىر پەقەت ئىككى جەمەتنىڭ ئىسمىنى زىكىر قىلغان. يەنى ئۇ ئىككى جەمەت دەل دادىسى ئەلى بىلەن چوڭ دادىسى ئابدۇل مۇئمىندىن ئىبارەت ئىدى. خوۋورىچ (Howorth) («ئاسىيا ژۇرنىلى»، 1898 ـ يىلى، 496 ـ بەت، As j) مۇ «تارىخىي ئافى» دىكى بىر مەنبەگە ئاساسلىنىپ، بۇ نەسەبنىڭ ئەلى تېكىندىن كەلگەنلىكىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭ بۇ خىل قارىشى پۈتۈنلەي توغرا ئىدى. ئىلگىرى بايان قىلغاندەك پەرغانە بىلەن مۇئەييەن ئالاقىدە بولۇپ كەلگەن ئابدۇل مۇئمىننىڭ دادىسى ماۋەرائۇننەھرنى قولغا كىرگۈزۈش ھېسابىغا ئەلى تېكىندىن پەرغانىنى ئۆزلىرىگە بېرىشىنى تەلەپ قىلغان بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن.

ئەل ھەسەن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلگەچكە (مىلادىيە 1132 ـ يىلى) سەنجەر مۇھەممەد بىننى سۇلايماننىڭ قېرىندىشى (ئىنىسى) ئەبۇل مۇزەففەر ئىبراھىم بىننى سۇلايمان (لەقەبى «رۇكنۇد دەۋلە ۋەلىددىن بۇرھانۇل ئىسلام ۋەلمۇئمىن») نى بۈيۈك قاغانلىققا تەيىنلىگەن. بۇ چاغدا مۇھەممەد بىننى سۇلايماننىڭ ئۆلۈمىمۇ يېقىنلاپ قالغان ئىدى (بارتولىد: كىرىش /ئىنشا، 24 ـ بەت). ئىبراھىم بىننى سۇلايمان ھەققىدە بىز پەقەت ئۇنىڭ سەنجەر سارىيىدا تەربىيە كۆرگەنلىكى ۋە تابغاچ بۇغراخان ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقىنى بىلىمىز (بارتولىد: كىرىش/ئىنشا، 241 ـ بەت).

بۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن مۇھەممەد بىننى سۇلايماننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى مۇھەممەد I بىننى مۇھەممەد (ھىجرىيە 526 ـ يىلدىن 536 ـ يىلغىچە، مىلادىيە 1132 ـ يىلدىن 1141 ـ

يىلىغىچە) ئۇلۇغ قاغان بولغان. سەنجەرنىڭ جىيەنى بولغان بۇ ھۆكۈمدار سەنجەرگە تامامەن بويسۇناتتى (ماركوف، كاتولوگ، 277 ـ بەت). ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنىمۇ سەلجۇقىيلارغا باغلىغان. قاراختايلارنىڭ ئىستېلاسى دەل مۇشۇ ھۆكۈمدار دەۋرىدە يۈز بەرگەن. 530 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى (مىلادىيە 1136 ـ يىلى) رامىزان ئېيىدا ئۇلار بىلەن خۇجەند يېنىدا جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولغان. لېكىن ئۇ جەڭدىن باش تارتىپ سەمەرقەندكە قاچقان (ئىبنۇل ئەسىر، 11 ـ جىلد، 56 ـ بەت)، بىر ئازدىن كېيىن مەھمۇد بىلەن قارلۇقلار ئارىسىدا يېڭىدىن ۋۇجۇتقا كەلگەن سىياسىي كۈچ قاراختايلارنىڭ گۆرخانىغا باش ئۇرغان. شۇنىڭ بىلەن سەمەرقەند ئەتراپىدىكى قەتۋان (كاتىۋانمۇ دېيىلىدۇ) يايلىقىدا ئۇلۇغ سەلجۇقىيلار بىلەن قاراختايلار ئوتتۇرىسىدا مەشھۇر بولغان قەتۋان ئۇرۇشى باشلىنىدۇ. ھىجرىيە 536 ـ يىلى (مىلادىيە 1141 ـ يىلى) مۇسۇلمانلار 30 مىڭدىن كۆپرەك ئادىمىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. نەتىجىدە سۇلتان سەنجەر ۋە ئۇنىڭ ھامىيلىرى تىرمىزدىن خۇراسانغا قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ (ئىبنۇل ئەسىر، 1 ـ جىلد، 157 ـ بەت). شۇنىڭ بىلەن دەھشەت سېلىپ كەلگەن قاراختايلار پۈتكۈل ماۋەرائۇننەھرنى ئىشغال قىلىدۇ. غەربىي قاراخانىيلار قاراختايلارغا قارام بولىدۇ، لېكىن قاراختايلار ئۇلارغا ھېچقانداق قانۇن ۋە ياساق بەلگىلەپ بەرمەيدۇ.

مەھمۇدنىڭ بىر ئىنىسى تامغاچ بۇغراخان ئۇنۋانى بىلەن شەرق قاغانى بولغانلىقى مەلۇم. ئىبراھىم III بىننى مۇھەممەد ئەمدىلىكتە قاراختايلارنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا قاغان بولدى. ئۇ ھىجرىيە 536 ـ يىلدىن 551 ـ يىلغىچە (مىلادىيە 1141 ـ يىلدىن 1156 ـ يىلىغىچە) تەختتە ئولتۇرغان، دەسلەپكى يىلى يەنە مىلادىيە 1141 ـ يىلى ئالپ تېكىن ئاتلىق بىرسى بۇخارا ۋالىيسى بولۇپ تەيىنلەندى («تارىخىي بۇخارا»، سچېفېر نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا، 23 ـ بەت، «چاھار ماقالە»، 22 ـ بەت). ئەمما گۆرخانلار بۇخارادىكى قوشۇن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى بۇرخان ئائىلىسىدىكى «ھەنەفى سادىر» لارغا ئېلىپ بەردى. ئىبراھىم III مۇ قارلۇقلار بىلەن زىتلىشىپ قالغاچقا كاللاباز (بۇخارا ئەتراپىدا) جېڭىدە ئۆلتۈرۈلۈپ، جەسىتى يايلاقلارغا تاشلىۋېتىلدى. بۇ ھىجرىيە 551ـ يىلى (مىلادىيە 1156 ـ يىلى) بولغان ئىش ئىدى (ئىبنۇل ئەسىر، 11 ـ جىلد، ئەل قارشى، بارتولد، 132 ـ بەت، سەمەرقەند ـ بارتولد، 72 ـ بەت). مەھمۇد بىننى مۇھەممەد ئۆمۈرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئائىلىسى بىلەن بىرلىكتە خۇراساندا تۇرۇپ قالغان. ئۇ بىرىنچى قېتىم (مىلادىيە 1153 ـ 1156 ـ يىلىغىچە) سەنجەر ئوغۇز ئاسارىتىدە تۇرۇۋاتقاندا غەربىي قاراخانىيلار مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمدارلىقىغا سايلانغان. بۇ تاللاش سەلجۇقىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى بولغان مۇھەممەد بىننى مەھمۇد بىننى مۇھەممەد مەلىكشاھ تەرىپىدىن تەستىقلانغان (بونداري، ھوتسما ‹Hutsma›، 82 ـ بەت). مەھمۇد ناھايىتى تەدبىرلىك بۈيۈك قاغان بولۇپ، نىشاپۇردا يەرلىشىپ قالغان سەنجەر قوشۇنلىرىنى ئۆزىگە قاراتقان. ئوغلى مۇھەممەد بىننى مەھمۇد ماۋەرائۇننەھردە ئۇنىڭغا شېرىك بولۇپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن (ئەپسۇس مىتال پۇللاردىكى يىلنامىلەر ئۆچۈپ كەتكەن ئىدى — ماركوف، كادلوگ 277 ـ بەت). 1159 ـ يىلى بەلخ رايونىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئوغۇزلار ئۇنى ئۆزلىرىگە ئاتامان بولۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا (سۇلتان سەنجەرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن)، ئوغلى مۇھەممەدنى ئۇلارغا ھۆكۈمدار قىلىپ ئەۋەتكەن. ئوغۇزلارنىڭ يېڭى ھاكىمى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېغىر خەۋپكە دۇچ كەلدى. بۇ خەۋپ ئوغۇزلارغا بويۇنتاۋلۇق قىلغان سەلجۇقىلارغا تەۋە ئېل ئارسلان بىننى ئاتسىز (خارەزىمشاھ) ۋە توپىلاڭ كۆتۈرگەن بىر قىسىم ئوغۇزلاردىن كەلگەن ئىدى. ئۇ يەنە

سەنجەرنىڭ كونا قوماندانى بولغان نىشاپۇر ۋالىيسى مۇئەييەدۇد دەۋلە ئاي جاھاننىڭ خۇراسان-
نى ئىشغال قىلىش ھەرىكىتىگە قارشى تۇرۇشقا مەجبۇر بولغان. نەتىجىدە مەھمۇد بىلەن
ئوغلى مۇھەممەد ئاتىسىزغا ئەسىرگە چۈشۈپ كۆزىگە مىخ قېقىپ تۈرمىگە تاشلانغان. كېيىن-
كى يىلى ئاۋال دادىسى كېيىن ئوغلى تۈرمىدە ئۆلگەن.

مەھمۇدنىڭ ئىككىنچى ئوغلى خوجەند ھاكىمى (ئەمىرى) ئىدى. ئىسمى نامەلۇم بولغان
بۇ زات «كامالىددىن» لەقەبىنى قوللانغان. ھىجرىيە 547 - يىلى (مىلادىيە 1152 - يىلى)
خارەزىمشاھ ئاتسىز بىلەن بىرلىكتە كاپىر قىپچاقلارغا قارشى يۈرۈشكە چىققان. كېيىنچە
ئەسىرگە چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلگەن ( مىرزا مۇھەممەد: «تارىخىي جاھانگۇشاي» 2 - جىلد،
10 - بەت) . مەھمۇد بىننى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئۆلۈشى بىلەن غەربىي
قاراخانىيلار خانلىقى يوقىلىپ كەتمىگەن. بۇنىڭدىن كېيىن ھاكىمىيەت پۈتۈنلەي ئەلى تېكىن
ئائىلىسىنىڭ قولىغا ئۆتكەن. ھەسەن تېكىننىڭ ئوغلى ئەلى بىننى ئەل ھەسەن (مەنبەلەردە
ئومۇمەن قەدىمكى كۆك ساغۇن ۋە چاغرى خان ئۇنۋانى بىلەن تىلغا ئېلىنغان) ئىبراھىم
II بىننى مۇھەممەدنىڭ ۋارىسى بولغان. قارلۇقلارنىڭ ماۋەرائۇننەھردىن «ئاخىرى» قوغلى-
نىشى ئىبنۇل ئەسىرنىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، مۇشۇ خان دەۋردە (ھىجرىيە 551 - 556 -
يىلىغىچە، مىلادىيە 1156 - 1160 - يىلىغىچە) يۈز بەرگەن ۋەقە ئىدى. ئىبراھىم II
نىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن دەسلەپتە ئۇ قارلۇقلارنىڭ ھۆكۈمرانى يابغۇخاننى ئۆلتۈردى
ۋە لاچىن بەگ دەپ ئاتالغان ئوغۇللىرىنى قوغلاپ تۇتتى. كېيىنچە گۆرخاننىڭ تەلىپى بويىچە
قارلۇقلارنى ئولتۇراق تۇرمۇش كەچۈرۈشكە مەجبۇرلاپ ئۇلارنى ئەسكەرلىكتىن قالدۇردى.
بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار بىلەن قارلۇقلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق كۆرەشلەر بىرىنىڭ كەينىدىن
بىرى يۈز بېرىشكە باشلىدى. بۇ دەۋردىكى ۋەقەلەر توغرىسىدا مەنبەلەردە بىر - بىرىدىن
پەرقلىق ئىككى خىل رىۋايەت بار (ئىبنۇل ئەسىر، جۇۋەينى) . مەيلى نېمە بولمىسۇن
خارەزىمشاھ ئەلى ئارسلان قارلۇقلار تەرەپتە تۇرغان. نەتىجىدە بۇخارا ئەتراپىدا ئېلىپ
بېرىلغان ئۇرۇشتا (ھىجرىيە 553 - يىلى/مىلادىيە 1158 - يىلى) ئەلى غەلىبە قىلغان.
گۆرخاننىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قاغانى ئىبراھىم I بىننى ئەھمەد-
مۇ ھەمدەمگە كەلگەن. ئەلىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا بۇخارا سەردارى مۇھەممەد I بىننى
ئۆمەرنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ھىيلە - مىكىرىسىمۇ مۇھىم رول ئوينىغان («ئەلى
بۇرخان») . ئەھمەد ئاتەشنىڭ «سىندىبازنامە» (64 - بەت) دىكى بىر پارچىغا ئاساسلىنىپ
ھۆكۈم چىقارساق، ئەلى ھىجرىيە 556 - يىلى (مىلادىيە 1160 - يىلى) ۋاپات بولغان.
ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى ئەبۇل مۇزەففەر مەسئۇد I بىننى ئەل ھەسەن (بارتولىد: «تۈركىس-
تان»، ئىنگلىزچە نەشرى، 336 - بېتىدە خاتا ھالدا مەسئۇد I بىننى ئەلى دەپ خاتىرىلە-
ۋالغان) تەختكە چىققان، لەقەبى «رۇكنۇد دۇنيا ۋەلددىن» بولۇپ، ئومۇمەن قىلىچ تامغاچ
خان نامى بىلەن مەشھۇردۇر. تەختكە چىققان ۋاقىت توغرىسىدا «سىندىبازنامە» ناملىق
ئەسەرگە ئاساسلانغاندا، ئۇ تەختكە چىققاندا دۆلەتتە قالايمىقانچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ،
مەسئۇد I قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قالايمىقانچىلىققا خاتىمە بەرگەن. كېيىن ئىبراھىم I
نىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن نەقشاب، كىش، ساغانىيان ۋە تىرمىز قاتارلىق جايلاردا
قارلۇقلارغا قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بارغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ئوغۇزلار بىلەنمۇ ئۇرۇش-
قان. مەسئۇد I يەنە بىناكارلىق ئىشلىرى (بۇ خىل ئىمارەتلەر بۇخارادا كۆپلەپ سېلىنغان،
«سېچېفېر نەشرىگە تەييارلىغان: «بۇخارا تارىخى»، 34 -، 23 - بەت) ، سەنئەت ۋە ئىلىم
- پەن ھامىيلىقى بىلەن مەشھۇردۇر. ئۇنىڭ ئەتراپىغا توپلانغان شائىر ۋە ئالىملارنىڭ ئەڭ

مەشھۇرلىرى مۇھەممەد بىننى ئەل سوزانى ئەل سەمەرقەندى ۋە مۇھەممەد بىننى ئەلى ئەل زاھىدى ئەل كاتىپ ئەل سەمەرقەندى («سىندىبازنامە» ۋە «ئارزىئۇل سىياسەفى ئارزۇل» ناملىق ئەسىرى بىلەن مەشھۇردۇر) قاتارلىقلاردۇر. ئەل زاھىدى مەسئۇد I گە تەقدىم قىلغان «سىندىبازنامە» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھۆكۈمران ئۈچۈن «ئالىپ قۇتلۇق توڭا بىلگە قىلىچ تامغاچ قاغان» دېگەن ئۇنۋاننى قوللانغان.

مەسئۇد I نىڭ شەرق ھۆكۈمدارى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوغلى مۇھەممەد I بىننى مەسئۇد «رۇكنۇد دۇنيا ۋەلىددىن» ۋە «غىياسۇد دۇنيا ۋەلىددىن» لەقەبىنى قوللانغان. ئەمما ئۇ دادىسىدىن بۇرۇنلا يەنى ھىجرىيە 569 ـ يىلى (مىلادىيە 1174/1173 ـ يىلى) ۋاپات بولغان (ئەل قارشى، بارتولد: «تۈركىستان»، 138 ـ بەت)

مەسئۇد ھىجرىيە 574 ـ يىلى (مىلادىيە 1178 ـ يىلى) دا ئۆلگەن. چۈنكى مۇھەممەد بىننى زۇھار ئۆز قەلىمى بىلەن يازغان «تارىخىي بۇخارا» نىڭ يېڭى نۇسخىسىدا (سچېفېر نەشرگە تەييارلىغان نۇسخا، 33 ـ بەت) بۇنىڭدىن ئىلگىرى ئۆلگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان ۋە شۇ يىلى (1178 ـ يىلى) سەمەرقەند تەخت ۋارىسى ئىبراھىم بىننى ئەل ھەسەننىڭ پۇللىرى تارقىلىشقا باشلىغان.

ئىبراھىم IV بىننى ئەل ھۇسەننىڭ نەسەبى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىغان ئىدى (بارتولد: «تۈركىستان»، ئىنگلىزچە نەشرى، 353 ـ بەت)، ئەمما ئەل قارشىنىڭ بەرگەن مەلۇماتى-دىن ئۇنىڭ ئەلى بىننى ئەل ھەسەن بىلەن مەسئۇد I ئەل ھەسەننىڭ ئىنىسى بولغان پەرغانە ھاكىمى ئەل ھۇسەيىن بىننى ئەل ھەسەننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى مەلۇم بولماقتا (بارتولد: «تۈركىستان»، 132 ـ بەت). بۇنىڭغا قارىغاندا ئىبراھىم IV نىڭ ئەجدادى مەسئۇد I بىننى ئەل ھەسەننىڭ جىيەنى بولۇپ پۇللاردا قىلىچ تامغاچ ئۇنۋانى بىلەن بىرگە بۈيۈك قاغان ئۇنۋانى، ئارسلانخان ياكى كۈچ ئارسلانخان ئۇنۋانىمۇ قوللىنىلغان (ماركوف، كاتولوگ، 287 ـ بەت)، ئۇنىڭ ئاساسلىق لەقەبى «نۇسرەتۇد دۇنيا ۋەلىددىن» ئىدى. ئىمام مەجرۇد-دىن مۇھەممەد بىننى ئەدنان ئەل سۇرفاكتى «تارىخىي تۈركىستان» ناملىق ئەسىرىنى مۇشۇ ئىبراھىم IV گە تەقدىم قىلغان. بۇ ئەسەردىن بىزگىچە پەقەت مۇھەممەد ئافى (مەجرۇددىننىڭ جىيەنلىرىدىن بىرى) نىڭ «جامىئۇل ھېكايەت» ناملىق ئەسىرىدە «قاراخان» ئۇنۋانىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى بىر رىۋايەتنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىمىز. (مىرزا مۇھەممەد: «چاھار ماقالە»، 185 ـ بەت، «لۇبابۇل ـ ئەلباب» I جىلد 179 ـ بەت، I جىلد، 378 ـ بەت) ئىبراھىم IV ھىجرىيە 600 ـ يىلى (مىلادى 1204/1203 ـ يىللىرى) ۋاپات بولغان. بۇ يىلغا مۇناسىۋەتلىك بۇخارادا بېسىلغان پۇللار بار (ماركوف، كاتولوگ، 925 ـ بەت)، ھىجرىيە 601 ـ يىلى 2 ـ ئايدا (مىلادىيە 1204 ـ يىلى 10 ـ 11 ـ ئايلار) ئوغلى ئوسماننىڭ بۈيۈك قاغان سۈپىتى بىلەن ھۆكۈم سۈرگەنلىكىنى بىلىمىز (ئىبنۇل ئەسىر، 12 ـ جىلد، 122 ـ بەت، جۇۋەينى، 2 ـ جىلد 76 ـ بەت).

ئوسمان I نىڭ سەلتەنەت دەۋرى (ھىجرىيە 600 ـ 607 ـ يىللار، مىلادىيە 1203 /1204 ـ 1212 ـ يىللار) خارەزىم شاھ مۇھەممەد بىننى تەكەشنىڭ بىر تەرەپتىن ئىسلام دۇنياسىدا ئۆز ئابرۇيىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىۋاتقان، يەنە بىر تەرەپتىن قاراخى-تايلارنى ئوتتۇرا ئاسىيادىن سىقىپ چىقىرىپ، بۇ يەرگە خوجا بولۇش نىيىتىدە بولۇۋاتقان ۋاقىتلىرىغا توغرا كېلەتتى. بۇ ئارىلىقتا ئوسمان ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇستا بىر دېپلومات ئىكەنلىكىنى نامايان قىلدى. يەنى شۇ چاغدا قاراختايلارغا ھامىي بولۇپ تۇرۇۋاتقان خارەزىم شاھ مۇھەممەدنىڭ قاراختايلارغا قارشى ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، بىرلەشمە قوشۇن مەغلۇپ

بولغاندىن كېيىن ئوسمان گورخانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىغان، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنى قاراختايلارنىڭ ھاكىمىيىتىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان (ئىبنۇل ئەسىر). ئوسمان گورخاننىڭ قىزىنى ئەمرىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلغاندا گۆرخان تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. كەمسىتىشكە ئۇچرىغان ئوسمان خارەزىم شاھ مۇھەممەد بىلەن بىرلىشىپ، ھىجرىيە 604 - يىلى (مىلادىيە 1207 - يىلى) بۇخارانى ئىشغال قىلغان. لېكىن شۇنىڭدىن تارتىپ ئوسمان خارەزىم شاھ بىلەن ھوقۇقتا باراۋەر بولماي قالدى. ئۇ «بورتانا» دېگەن لەقەم بىلەن خارەزىم شاھنىڭ ھامىيىسى بولۇپ قالدى. بۇ يەردە ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق جەڭدە غالىب كەلگەن بولسىمۇ قاراختايلار گۇرخان ئوسماننىڭ يۈزسىزلىكىنى پۈتۈنلەي ئەپۇ قىلىپ، ھىجرىيە 606 - يىلى ئەسلىدە ئۇ ئالماقچى بولغان قىزىنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدى (مىلادىيە 1210 - يىلى). ئۇنىڭ ھىجرىيە 605 - يىلى (مىلادىيە 1209/1208 - يىللىرى) سەمەرقەندتە قۇيدۇرغان پۇللىرىدا «سۇلتانۇل ئەزەم ئۇلۇغ سۇلتانۇل سەلاتىن ئۆمەر» دېگەن ئۇنۋانى چۈشۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان خارەزىم شاھ مۇھەممەد بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە مەجبۇر بولدى ۋە خارەزىم شاھنىڭ قىزى خان مەلىك بىلەن توي قىلدى. يەنە ئۇ خارەزىمنىڭ ئادىتى بويىچە خارەزىمدا بىر يىل تۇرۇپ قالدى. پەقەت 1211 - يىلى سەمەرقەندكە قايتىشقا رۇخسەت قىلىندى. ئوسمان ئىلگىرى دەپ ئۆتكەندەك خېلى بۇرۇنلا خارەزىم شاھ مۇھەممەدنىڭ ھامىيلىقىغا چۈشۈپ قالدى. مىلادىيە 1211/1210 - يىللىرىغا ئائىت پۇللاردا ئۆزىنى «ئەل سۇلتانۇل مۇئەززەم» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانى مۇھەممەد بىننى تۆكەشنىڭ — «ئەل سۇلتانۇل مۇئەززەم» دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم بولماقتا (ماركوف، كاتولوگ، 293 - بەت). كېيىن خارەزىم شاھنىڭ ۋەكىلى ئۇنىڭ ئىختىيارى ھەرىكەتلىرىگە يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنلىكى ئۈچۈن قاراختايلار ۋەزىيىتىنىڭ بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلسىمۇ يەنىلا گۆرخانغا تەۋە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. مىلادىيە 1212 - يىلى (ھىجرىيە 608 - يىلى) سەمەرقەندتە قاراختايلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندە قاراختايلار ئوسماننىڭ قوترىتىشى بىلەن سەمەرقەنددىكى خارەزىملىكلەرنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن خارەزىم شاھ ئوسمانغا قارشى ھەرىكەتكە ئۆتتى. سەمەرقەند مۇھاسىرىسىدىن كېيىن شەھەرنى ئىشغال قىلغان خارەزىم شاھ ئوسماننى ئەسىرگە ئالدى. ئۇ ھاقارەتكە ئۇچرىغان ئۆز ئايالىنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. خارەزىم ئەمدىلىكتە ھەقىقىي تۇردە خارەزىم شاھ مۇھەممەدنىڭ پايتەختى بولدى. شۇنىڭ بىلەن غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتى يوقالدى.

خارەزىمدە تۇرغاق بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئوسماننىڭ قېرىندىشى توپىلاڭ كۆتۈرگەندە ئۆلتۈرۈلگەن. مەنبەلەردە جىن تېكىن ئۇنۋانى بىلەن قەيت قىلىنغان. تېكىن ئۇنۋانى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ھۆكۈمرانلارنىڭ كىچىك ئىنىسى ئۈچۈن موغۇللار تەرىپىدىنمۇ قوللىنىلغانلىقى مەلۇم (ن. پوپپى ‹N. PoPPe›، CRAS «ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقاتى»، 1925 - يىلى 14 - سان).

## 8. فەرغانە خانلىقى ۋە سۇلالىنىڭ يوقىلىشى

فەرغانە بىر مەزگىل قاراخانىيلارنىڭ غەربىي قىسمىغا تەۋە بولۇپ، شۇ دۆلەتنىڭ تەشكىلىي ئاساسىنى تۈزگەن بولسا، ھىجرىيە 440 - يىلى (مىلادىيە 1049/1048 - يىللىرى) شەرقىي قاراخانىيلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئەھمەد I ئەل ھەسەن (تۇغانخان I، يۇقىرىغا قاراڭ) نىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، بۇ يەردە ئەلى تېكىن ئەۋلادلىرىنىڭ ھاكىم بولۇپ

(بەلكىم مىلادىيە 1057/1056 ـ يىلى، ھىجرىيە 408 ـ يىلى) تۇرۇشىدا بەزى سەۋەبلەر بار. ئۇ بۇ يەردە ياشاۋاتقان قوۋم، قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقى سۈپىتىدە «كۆك ساغۇن» ئۇنۋانىنى قوللانغان. بۇ ئۇنۋان كېيىنكى سۇلالىنىڭ فەرغانە گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولۇپ، غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئەل ھەسەن بىننى ئەلى ئۇچۇنمۇ قوللىنىلغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قاراختايلار خىتايلارنىڭ ئىستىبلاسىدىن كېيىن (مىلادىيە 1141 ـ يىلى) فەرغانىدە ئۆزكەنتنى پايتەخت قىلغان. مۇستەقىل بىر قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمدارىنىڭ توغرۇل قاراخاقان ئۇنۋانىنى قوللانغانلىقىنى بىلىمىز. مەنبەلەردە تۇنجى ھۆكۈمدار سۈپىتىدە ھەسەن تېكىننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئەل ھۇسەيىن بىننى ئەل ھەسەن تىلغا ئېلىنغان. بۇنىڭ ئىككى ئاكىسى غەربىي قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئۇلۇغ قاغانلىرىدىن بولغان (يەنى ئەلى بىننى ئەل ھەسەن ۋە مەسئۇد I بىننى ئەل ھەسەن). كېيىنكى چاغلاردا ئەل ھۇسەيىن ئەل ھەسەننىڭ قەبرە تېشىغا ”جالالىددۇنيا ۋەلىددىن“ لەقەبىنىڭ يېنىغا تۈركچە (ئۇيغۇرچە) «ئالپ توڭا بىلگە — تۈرك توغرۇل قاغان» ئۇنۋانىنىڭمۇ يېزىلغانلىقى مەلۇم بولماقتا (ئا. ي. ياكوبوۋسكىي: «شەرقىي ئېپىگرافىيىسى»، 1947 ـ يىلى، 32 ـ، 27 ـ بەتلەر). بۇ قاراخانىيلارنىڭ ئۇنۋانىدا «تۈرك» سۆزىنىڭ قوللانغانلىقى توغرىسىدىكى بىردىنبىر مىسال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مازار ھىجرىيە 547 ـ يىلى رەبىيەل ئاخىرنىڭ چارشەنبە كۈنى (مىلادىيە 1152 ـ يىلى 8 ـ ئاي) ياسالغان ئىدى. بۇ ئەل ھۇسەيىننىڭ ئۆلگەن يىل دەۋرى ئەمەس. ئەمەلىيەتتە ئەل ھۇسەيىن ئەل قارشى (بارتولىد تەييارلىغان نۇسخا، 132 ـ بەت) نىڭ بەرگەن مەلۇماتى بويىچە، ئۇ 551 ـ يىلى رەجەب ئېيىدا (مىلادىيە 1156 ـ يىلى 7 ـ 8 ـ ئايلار) ۋاپات بولغان. فەرغانىدە ئۆز ئوغلى مۇھەممەد بىننى ئەل ھۇسەيىن (توغرۇلخان) تەختكە چىققان. قولىمىزدا ئۇنىڭ توغرۇلخان ئۇنۋانىنى قوللانغان پۇللار خېلى كۆپ (ئەپسۇسكى يىل دەۋرى ئۆچۈپ كەتكەن). ئەمما بۇلار خەلىپە ئەل مۇقتەدى بى ئەمرۇللاھ دەۋرىگە، يەنى ھىجرىيە 530 ـ 555 ـ يىللار (مىلادىيە 1136 ـ 1150 ـ يىللار) غا ئائىتتۇر (ماركوف، كاتولوگ، 278 ـ بەت)، ھىجرىيە 560 ـ 574 ـ يىللار (مىلادىيە 1165/1164 ـ 1179/1178 ـ يىللىرى) ئۆزكەنتتە بېسىلغان، ئەل ھۇسەيىننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىبراھىم بىننى ئەل ھۇسەيىنگە ئائىت «نۇسرەتۇد دۇنيا ۋەلىددىن» لەقەبىنى قوللانغان پۇللىرىمۇ مەۋجۇت (ماركوف، كاتولوگ، 284 ـ، 282 ـ بەتلەر). بۇ يەردە ئىبراھىمنىڭ تېخىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئۇلۇغ قاغانلىق تەمەسىدە يۈرگەنلىكى مەلۇمدۇر.

ئىبراھىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان فەرغانە ھۆكۈمدارى بولسا ئىبراھىمنىڭ ئۈچىنچى ئىنىسى ناسىر بىننى ئەل ھۇسەيىن ئىدى. ئۇنىڭ ھىجرىيە 564 ـ 568 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1168 ـ 1169/ـ1172/1173 ـ يىللىرى) غا ئائىت «توغرۇلخان» ئۇنۋانى چۈشۈرۈلگەن پۇللار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن (يىلنامىسى ئۆچۈپ كەتكەن پۇللار ئۈچۈن ماركوف: «كاتولوگ» 280 ـ بەتكە قاراڭ).

فەرغانىدە ناسىرنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بىننى ناسىر (توغرۇلخان، لەقەبى «جەلالىد دۇنيا ۋەلىددىن») تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇنىڭ 578 ـ يىلى (مىلادىيە 1183/1182 ـ يىللىرى) بېسىلغان پۇللىرى مەۋجۇ (ماركوف، كاتولوگ، 286 ـ بەت). پەرغانىنىڭ ئەنئەنىۋى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان لەقەبى (جالالىد دۇنيا ۋەلىددىن) نى قوللانغان ئۇلۇغ سۇلتان قادىرخان ئۇنىڭ ئىنىسى ياكى ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ھىجرىيە 606 ـ 608 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1210/1209 ـ 1212/1211 ـ يىللىرى) غا ئائىت ئۆزكەنتتە بېسىلغان

پۇللىرى ساقلانماقتا (ماركوف، كاتولوگ، 292 ـ بەت). غەربىي قاراخانىيلارنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمدارى ئوسمان بىننى ئەل ھۇسەيىننىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن خارەزىم شاھ مۇھەممەد بىننى تەكەش ئۆز ھامىيسى بولغان بىرسىنى فەرغانىگە ئەمىر قىلىپ تەيىنلىدى (جۇۋەينى، I جىلد 125 ـ بەت). ئۇمۇ ئوسماننىڭ ئاقىۋىتىگە ئوخشاش قىسمەتكە دۇچ كەلگەنمۇ؟ بۇنىسى بىزگە مەلۇم ئەمەس.

نەسەۋى (ھوداس 〈Houdas〉 نەشرى، 22 ـ بەت) دە تىلغا ئېلىنغان سەمەرقەند ھۆكۈمدارى ئوسماننىڭ جىيەنى تاجىددىن بىلگە خانمۇ فەرغانە جەمەتىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇ ھىجرىيە 591 ـ 595 ـ يىللىرى (مىلادىيە 1195/1194 — 1199/1198 ـ يىللىرى) قايد قادىر بۆكۈخاننىڭ ۋارىسى بولۇپ، ئوتتۇرادا تاكى ھىجرى (توغراجاي) گە، كېيىن فاساياغا يۆتكەلگەن ۋە شۇ يەردە خارەزىم شاھنىڭ ئەمرى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندىن باشقا فەرغانە گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغان باشقا شەخسلەرنىڭمۇ مەۋجۇدلۇقى مەلۇم. مەسىلەن، پۇللارغا قارىغاندا ھىجرىيە 602 ـ يىلى (مىلادىيە 1206/1205 ـ يىللار) دا مەرغىنياندا ھۆكۈم سۈرگەن "ھۇسەمۇددۇنيا ۋەلددىن قۇتلۇق توڭاخان" (ماركوف، 926 ـ بەت) بىلەن ھىجرىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھۆكۈمەت خىزمىتىدە بولغان "ئىماددۇد دۇنيا ۋەلددىن ئۇلۇغ خان" (ماركوف، كاتولوگ، 291 ـ بەت) مۇ بۇ تارماققا مەنسۇپتۇر.

موڭغۇل ئىستېلاسى سەۋەبىدىن، مەنبەلەردە يەتتىسۇدا بىر قارلۇق دۆلىتىنىڭ بارلىقى تىلغا ئېلىنغان ۋە ئارسلانخان ئۇنۋانى قوللىنىلغان. بۇ ھۆكۈمدارنىڭ پايتەختى قايالىق شەھىرى بولۇپ، بۇ ئۇنۋاننى دەسلەپ ئۇنىڭ دادىسى قوللانغان. بىر مەزگىل قاراخىتايلارغا قارام بولغان ئارسلانخان دۆلەتنىڭ زېمىنىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا مۇستەقىل تەۋە قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان (جۇۋەينى، 1 ـ جىلد، 56 ـ بەت). ئارسلان I مۇ قاراخىتايلارغا قارام بولغان. كېيىن ھىجرىيە 608 ـ يىلى (مىلادىيە 1211 ـ يىلى) دا گۆرخاننىڭ ۋەكىلىنى ئۆلتۈرۈپ، چىڭگىزخان ھاكىمىيىتىنى قوبۇل قىلغان ۋە موڭغۇللار ئۇنىڭغا "ساتاقتاي" ئۇنۋانىنى بەرگەن. ((Haehisch): «سىرلىق ھېكايىلەر»، 235 ـ بەت). ئارسلان I ئەڭ ئاز دېگەندىمۇ مىلادىيە 1221 ـ يىلىغىچە ياشىغان (تەبەقاتى نەشرى، 1004 ـ بەت). موڭغۇللارنىڭ بۈيۈك قاغانى (مىلادىيە 1257 ـ يىلى) "ئارسلانخان" I نىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتىگە يارىشا ئۇنىڭ ئوغلىنى فەرغانە (ئۆزكەنت) ھاكىمى قىلىپ تەيىنلىگەنلىكىگە نەزەر سېلىنسا، ئۇمۇ قاراخان ئۇنۋانىنى قوللانغان. بۇنىڭدىن قارلۇق خانلىقىنىڭ خارەزىم شاھ قەتلىئامدىن ئامان قېلىپ، يەتتىسۇغا پاناھ ئىزلەپ كەلگەن ئەينى ۋاقىتتىكى فەرغانە خانلىرىدىن ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يەنە يىلنامىلىرى ئۈچۈن كەلگەن ۋە ھىجرىيە 7 ـ ئەسىر (مىلادىيە 13 ـ ئەسىر) گە ئائىت ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن، شۇنداقلا «ئەل قاغان ئەدل مۇھەممەد بىننى مۇھەممەد سەۋىنچ قۇتلۇق ئارسلانخان» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن نۇرغۇن پۇللار بار (ماركوف، كاتولوگ، 290 ـ بەت). مۇھەممەد بىننى مۇھەممەدنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى قارلۇق «ئارسلانخان» دىن بىرى ئىكەنلىكى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس.

قاراخانىيلارنىڭ ياكى باشقا گۇرۇپپىلارنىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا يۇقىرىقى مەنبەلەردىن باشقا مەنبەلەر يوق دېيەرلىكتۇر.

(داۋامى بار)

(تەلئەت ئوبۇلقاسىم تۇمەن: شىنجاڭ مىڭئۆي تەتقىقات ئورنىدا)

# ھەقىقەتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى — ئەمەلىيەت ۋە پاكىت

## — «‹رەڭلىك ئېلىپبە› ئۈچۈن ‹خەلقئارا ئالتۇن مىدال مۇكاپاتى› ئالغانلىقىنىڭ سىرى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىغا رەددىيە

ئابدۇسالام توختى

### 1. مۇقەددىمە

«بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2005 - يىل 1 - ساندا غەنىزات غەيۇرانىنىڭ «‹رەڭلىك ئېلىپبە› ئۈچۈن ‹خەلقئارا ئالتۇن مىدال مۇكاپاتى› ئالغانلىقىنىڭ سىرى ھەققىدە مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسى ئېلان قىلىندى. غەنىزات غەيۇرانى ئۆزىنىڭ «‹رەڭلىك ئېلىپبە› ئۈچۈن ‹خەلقئارا ئالتۇن مىدال مۇكاپاتى› ئالغانلىقىنىڭ سىرى ھەققىدە مۇلاھىزە» (تۆۋەندە بۇ ماقالىنىڭ نامى «مۇلاھىزە» دەپ ئېلىنىدۇ) ناملىق ماقالىسىنىڭ بىرىنچى بېتىدىلا: «ئۆزىنى ئىلىم ئەھلى دەپ ھېسابلايدىغان ھەربىر كىشى ئىلىمگە ئىنتايىن ئەستايىدىل، سەممىمي مۇئامىلە قىلىشى، بۇ ئىشتا ھەرخىل يوللار بىلەن ساختا شۆھرەت قوغلاشماسلىقى، خەقنىڭ جۇۋۇسىدا تەرلىمەسلىكى، ئۆزىنىڭ تېرىقتەك نەتىجىسىنى تۆگىدەك كۆرسىتىپ، ماختىنىش ئارزۇسىدا بولماسلىقى، ئاز - تولا نەتىجە قازانغان بولسا، ئۇنى خەلقنىڭ باھالىشىغا تاپشۇرۇشى كېرەك. مەن بۇ ئاددىي ماقالەمدە مۇشۇ پرىنسىپقا خىلاپ ھالدا ئىگە بولغان بىر ‹شان - شەرەپ› ھەققىدىكى مۇلاھىزەمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ باھالىشىغا سۇنماقچىمەن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ تارىخىي پاكىتلارنى مەنتىقىي تەپەككۇر بىلەن تەھلىل قىلىپ، ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشىغا ئىشىنىمەن» دېگەن ئاتالمىش پىكىر - مۇلاھىزىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

غەنىزات غەيۇرانى ماقالىدە بۇ «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ قانداق تۈزۈلگەنلىكى، تۈزۈلۈش سىستېمىسىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى، نەچچىنچى يىلدىكى نەشرى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ 53 -، 54 -، 55 -، يىللاردا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن تۈزۈپ نەشر قىلىنغان «ئېلىپبە» دەرسلىكى بىلەن قايسى جەھەتتىن قانچىلىك دەرىجىدە ئوخشايدىغان ياكى ئوخشىمايدىغانلىقى ۋە بۇ رەڭلىك ئېلىپبەگە نېمە ئۈچۈن «ئالتۇن مۇكاپات» بېرىشكە بولمايدىغانلىقى ۋە ئۇنداق مۇكاپات بېرىشنىڭ نېمە ئۈچۈن خاتا بولغانلىقى قاتارلىق پرىنسىپال مەسىلىلەر ئۈستىدە قىلچىلىك ئەمەلىي پاكىت كۆرسىتەلمىگەن. ئەكسىچە ئۆزىنىڭ گۇمان ۋە «مۇلاھىزە» سىنى پاكىت ھېسابلاپ، ھەق - ناھەقنى تامامەن ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ ئاپتورىغا يۇقىرى ئورۇنلارنى ئالداپ ساختا شۆھرەت قازانغان، خەقنىڭ جۇۋۇسىدا تەرلىگەن، تەييار ئېلىپبەگە رەڭ بەرگەن «رەڭچى» نى «تۆھپىكار» دېيىش نېمە دېگەن بىمەنىلىك؟ ... دەپ ھۇجۇم قىلغان ۋە ھاقارەت قىلغان. «رەڭلىك ئېلىپبە» گە ئائىت بارلىق ئىشلار توغرا يول بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا ئېلىپ بېرىلغانلىقى، ئۇنىڭ «ئالتۇن مۇكاپات» قا ئېرىشكەنلىكىنىمۇ توغرا يول بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىمۇ ئىنكار قىلىپ، «ئالتۇن مۇكاپات ئالغانلىقىنىڭ سىرى» دېگەن بىر تۇتەك پەردىنى

پەيدا قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتكە قىلچىمۇ ئۇيغۇن بولمىغان «مۇلاھىزە»لىرى ئارقىلىق ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىق بىلمىگەن بىر قىسىم كىشىلەردە گۇمان پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغان. «مۇلاھىزە»نىڭ ئەڭ زەھەرخەندىلىك يېرى شۇكى، غەنىزات بۇ ماقالىسىدە «رەتلىك ئېلىپبە»نى تۈزگۈچىگىلا ئەمەس، بەلكى «رەتلىك ئېلىپبە» ناھايىتى ياخشى تۈزۈلگەن دەرسلىك، دەپ ئۇنىڭغا يۇقىرى باھا بەرگەن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلارغا، مائارىپچىلارغا، «ئېلىپبە»نى مەملىكىتىمىز بويىچە بىرىنچە قېتىم مۇنەۋۋەر ئەسەر دەپ باھالاپ بېكىتكەن ۋە مۇكاپاتلىغان مۇتەخەسسىسلەرگە، ھەتتا «ئېلىپبە»گە «دۇنيا ئېلىم پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپات بېرىش»نى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن ئالىملارغا ۋە تۆت ئورگانغا گۇمانىي قاراشتا بولغان ۋە «رەتلىك ئېلىپبە»گە ئالتۇن مۇكاپات بېرىلگەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنغان. ئۆزىنى بولسا شىنجاڭدىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلاردىن، مائارىپچىلاردىن، مۇتەخەسسىس، ئالىملاردىن ۋە نەشرىيات خادىملىرىدىنمۇ كۆپ ئۈستۈن تۇرىدىغان، ھەممىنى بىلىدىغان تەڭداشسىز كاتتا ئالىم، دانىشمەن دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنى «ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخى»نى قوغداپ ساقلاپ قالىدىغان مىسلى كۆرۈلمىگەن كاتتا «قەھرىمان» قىلىپ كۆرسەتكەن.

قىسقىسى، غەنىزات غەيۇرانىنىڭ بۇ «مۇلاھىزە»سى باشتىن - ئاخىر قۇرۇق پىتنە - پاسات، ساختا مەنتىقە بىلەن تولغان بولۇپ، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە، ئىلىم - پەنگە تامامەن زىت بولغان قۇرۇق سەپسەتىدىن ئىبارەت، خالاس.

ھەممىگە مەلۇمكى، ھەقىقەتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى — ئەمەلىيەت ۋە پاكىت. «ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھەقىقەت تېپىلىدۇ. ئەمەلىيەت ۋە پاكىت ئارقىلىق ھەق - ناھەق پەرقلەندۈرۈلىدۇ، ھەقىقەت ئىسپاتلىنىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرۇلىدۇ. ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى پەقەت ئەمەلىيەتلا بولىدۇ. ئەمەلىيەت نۇقتىئىنەزىرى دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزمچە بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ بىرىنچى ۋە تۈپ نۇقتىئىنەزەرىدۇر»①. ئۇنداقتا «ئېلىپبە دەرسلىكى» ھەققىدىكى تۆۋەندىكى پاكىتلارغا قاراپ باقايلى.

## 2. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈزۈلگەن «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرى توغرىسىدا

بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى، «ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى» (ئېلىپبە تەرتىپى، ئېلىپبەلىك يېزىقتا بەلگىلەنگەن ھەرپلەرنىڭ رەت تەرتىپى، نامى ۋە ئومۇمىي شەكلى كۆرسىتىلگەن ئېلىپبە جەدۋىلى) دېگەن سۆز بىلەن ئەشۇ ئېلىپبەلىك يېزىقتا ئاساسەن تۈزۈلگەن «ئېلىپبە دەرسلىكى» دېگەن سۆز بىر - بىرىگە ئوخشاشمايدىغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، ئىككى مەنىنى بىلدۈرىدۇ. غەنىزات ئەپەندى بۇ ئىككى ئۇقۇمنى غەرەزلىك ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. ھەممە كىشىگە مەلۇمكى، بىرىنچىدىن، يېزىق ئىجاد قىلىنغان ۋاقىتتىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە ھەرقانداق دەۋردە تۈزۈلگەن «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرىنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقى» (ئېلىپبە تەرتىپى) غا ئاساسەن تۈزۈلگەن. تارىختا «ئېلىپبە دەرسلىكى»نى تۈزگەن ھەرقانداق بىر شەخس ياكى كوللېكتىپ ئۆز ئالدىغا ھەرپلەرنى (ياكى بىرەر چېكىتنى) ئىجاد قىلىپ تۈزگەن ئەمەس.

ئىككىنچىدىن، ئۇيغۇرچە «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى بىر - بىرىنى ئىنكار

---

① ماركس: «فېيېرباخ توغرىسىدا تېزىسلار» (1845 - يىل ئەتىياز) غا ۋە لېنىن: «دىئالېكتىكىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى» (1908 - يىلنىڭ 2 - يېرىمى) 2 - باب 6 - بۆلۈمگە قارالسۇن.

قىلمايدۇ. تارىختا ھەرقايسى دەۋرلەردە تۈزۈلگەن ئۇيغۇرچە «ئېلىپبە» دەرسلىكى بىرمۇنچە كىشىلەر تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ۋە ئەينى زاماندا بەلگىلىك رول ئوينىغان ۋە بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە دەرسلىكلەردۇر. بۇ نۇقتىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. كېيىنكى يىللاردا، جۈملىدىن ئازادلىقتىن كېيىن تۈزۈلگەن «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرى بۇرۇنقى «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىدىن ئۆگىنىش، يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا، ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مائارىپ ۋە ئوقۇتۇش تەلىپىگە ئاساسەن بارغانسېرى ياخشى، بارغانسېرى سۈپەتلىك قىلىپ تۈزۈلگەن. ئۇ ئېلىپبە دەرسلىكلىرى، جۈملىدىن غەنىزات ئەپەندى تەرىپىدىن 1953 - يىلى تۈزۈلۈپ 1955 - يىلغىچە قوللىنىلغان «ئېلىپبە» دەرسلىكىمۇ ئەينى يىللاردا شىنجاڭ بويىچە تارقىلىپ بەلگىلىك رول ئوينىغان. ئۇ «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرىنىڭ رولىنى ھېچكىم ئىنكار قىلغىنى يوق. ئەمدى ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكىگە كەلسەك، بۇ دەرسلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئوقۇتۇش پروگراممىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرى ( « 小学语文 » ) ۋە چەت ئەللەردە نەشر قىلىنغان ئۆزبېكچە، قازاقچە، قىرغىزچە، تۈركچە ئېلىپبەلەر ۋە باشقا تۈركىي تىللار سىستېمىسىدىكى ھەرخىل «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرىنى كۆرۈپ ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋزەللىكلىرىدىن مۇۋاپىق ھالدا پايدىلىنىش، جۇڭگونىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئىجادىي پىكىر قىلىش ئارقىلىق تۈزۈپ چىقىلغان، ئۆزىگە خاس بىرمۇنچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان ۋە ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولغان «ئېلىپبە» دەرسلىكىدۇر.

ئۈچىنچىدىن، غەنىزات غەيۇرانى ئۆز ماقالىسىغا «〈رەڭلىك ئېلىپبە〉 ئۈچۈن 〈خەلقئارا ئالتۇن مۇكاپات〉 ئالغانلىقىنىڭ سىرى ھەققىدە مۇلاھىزە» دەپ يوغان ماۋزۇ قويغىنى بىلەن «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكى ئۈستىدە بىر ئېغىزمۇ توختالماي، ئاساسىي تېمىدىن چەتنىگەن ھالدا، ئۇيغۇرلار تارىخىدا تۈزۈلگەن بىرمۇنچە «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرى ۋە ئۇيغۇر يېزىقى ئۈستىدە گەپ سېتىپ، ئۆزىنى بىلىملىك قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغان. شۇڭا مەن ھەقىقىي پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق بۇ مەسىلىلەرنى جامائەتچىلىككە چۈشەندۈرمەكچىمەن:

1) 1956 - يىلى 8 - ئايدا شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلدى. مەن شۇ چاغدىكى مائارىپ نەشرىياتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى. مەن شۇ يىلى 1956 - يىلى مائارىپ نازارىتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن ئوقۇتۇش پروگراممىسىغا، ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن «ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى» گە ئاساسەن ئۇيغۇرچە «ئېلىپبە» دەرسلىكىنى تۈزگەن ئىدىم. بۇنى تۈزۈشكە 1956 - يىلدىن 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىنجاڭ خەلق مائارىپ نەشرىياتىدا ئىشلىگەن ھېزىم نىغمەتوۋ، داۋلبايېۋ قاتارلىق ئۇستازلىرىم — ئەينى يىللاردىكى ئاتاقلىق سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى، نەشرىيات كەسپىنىڭ ئالىملىرى يېتەكچىلىك قىلغان ۋە ھەرجەھەتتىن ياردەم قىلغانىدى. بۇ شىنجاڭ خەلق مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، بىرىنچى قېتىم تۈزۈلگەن «ئېلىپبە» دەرسلىكى ئىدى. بۇ بىر ئەمەلىي پاكىت، بۇ بىر ھەقىقىي ئەھۋال، بۇ بىر ھەقىقەت. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ غەنىزات ئەپەندى: «ئابدۇسالام توختى 〈بۇرۇن ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئېلىپبە يوق ئىدى، ئۇنى مەن ئىجاد قىلغان، ئېلىپبە مېنىڭ كەشپىياتىم〉» دېگەن ئىدى، دېگەندەك ئىش ئەمەس. غەنىزات ئەپەندى يۇقىرىقىدەك ئويدۇرمىلىرىنى پاكىت قىلىپ كۆرسىتىپ، ئاممىنى قايمۇقتۇرۇشقا ئۇرۇندى. مەن ھېچقاچان، ھېچكىمگە، ھېچقانداق يەردە غەنىزات دېگەندەك گەپلەرنى قىلغىنىم يوق. يۇقىرىدا غەنىزات ئېيتقان پىتنە - پاساتلار ئۇنىڭ ماڭا يامان غەرەز بىلەن

قىلغان تۆھمەت ـ ھاقارەتلىرىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. 1956 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈزۈلگەن بۇ رەڭسىز «ئېلىپبە» دەرسلىكى 1957 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلىغىچە نەشر قىلىنىپ، شىنجاڭدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەردە قوللىنىلغان، ئۇ «ئېلىپبە» دەرسلىكىنىڭ شۇ يىللاردا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى ھېلىمۇ قولۇمدا ساقلاقلىق.

2) 1961 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى، تىل ـ يېزىق كومىتېتى ۋە مائارىپ نازارىتىنىڭ كونكرېت بەلگىلىمىسى بويىچە، ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز مىللەتلىرىنىڭ لاتىن يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز يېڭى يېزىقىنى قوللىنىدىغانلىقى بەلگىلەندى. شۇ چاغدا مائارىپ نەشرىياتى رەھبەرلىكىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى ئارقىلىق «يېڭى يېزىق ئېلىپبە» دەرسلىكىنى قانداق قىلىپ ياخشى، سۈپەتلىك تۈزۈش مەسىلىسى ھەققىدە كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە تىل ـ يېزىق خادىملىرى بىلەن قايتا ـ قايتا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى. ئاخىرى «يېڭى يېزىق ئېلىپبە» سىنى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى نەشرىيات رەھبەرلىكى ماڭا تاپشۇرغانىدى. مەن تۈزگەن بۇ «يېڭى يېزىق ئېلىپبە» سى 1961 ـ يىلىدىن باشلاپ، شىنجاڭ بويىچە ئىشلىتىلىشكە باشلىغانىدى. بۇ دەرسلىك 1981 ـ يىلىغىچە توپتوغرا 20 يىل قوللىنىلدى. بۇ «يېڭى يېزىق ئېلىپبە» لىرىنىڭ نۇسخىلىرىمۇ مەندە ھازىرغىچە ساقلانماقتا.

3) 1982 ـ يىلىدىن باشلاپ يەنە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قارارى، تىل ـ يېزىق كومىتېتى ۋە مائارىپ نازارىتىنىڭ كونكرېت بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر، قازاق كونا يېزىقى يەنە قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. بۇ مەزگىلدە، يەنى 1982 ـ يىلى كونا يېزىق ئېلىپبە دەرسلىكىنى يەنە قايتىدىن تۈزۈپ چىقتىم، ئۇ «ئېلىپبە» دەرسلىكى 1983 ـ يىلىغىچە نەشر قىلىندى. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى جامائەتچىلىككە ئايان بولغان پاكىت ۋە ئەمەلىيەت.

### 3. ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكى قاچاندىن باشلاپ نەشر قىلىنغان؟

1) دەۋرنىڭ، مائارىپنىڭ، نەشرىياتچىلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئاساسەن «ئېلىپبە» دەرسلىكىنىمۇ ھەر جەھەتتىن يېڭىلاش، ئۇنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ياخشىلاشنى ئويلاشتۇق. شۇڭا 1984 ـ يىلىدىن باشلاپ، بۇرۇنقى رەڭسىز ئېلىپبەگە بىرمۇنچە يېڭىلىقلار كىرگۈزۈلۈپ، «رەڭلىك ئېلىپبە» قىلىپ قايتىدىن تۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى «ئېلىپبە» 16 فورماتلىق قىلىنىپ تۈزۈلدى. 1984 ـ يىلى تۇنجى قېتىم تۈزۈلگەن «رەڭلىك ئېلىپبە» 1989 ـ يىلىغىچە ئالتە يىل قايتا نەشر قىلىندى. بۇ ئېلىپبەنىڭ نۇسخىسىمۇ مەندە ساقلاقلىق.

2) «رەڭلىك ئېلىپبە» گە 1990 ـ يىلى يەنە بىرمۇنچە يېڭىلىقلار كىرگۈزۈلۈپ قايتا تۈزۈلۈپ، شۇ يىلدىن باشلاپ خەلقئارا چوڭ 32 فورماتتا نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇ «ئېلىپبە» دەرسلىكى ھازىرغا قەدەر شىنجاڭدىكى ھەرقايسى مەكتەپلەردە قوللىنىلماقتا. بۇ «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ 1997 ـ يىلىدىكى نەشرى 2000 ـ يىلى 4 ـ ئايدا «دۇنيا ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى». بۇ ئېلىپبە دەرسلىكى 2001 ـ، 2002 ـ يىللىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باللار فوندى جەمئىيىتى ۋە ئاۋسترالىيە خەلقئارا تەرەققىيات مەھكىمىسىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىشى بىلەن ئىككى يىلدا 360 مىڭ تىراژدا بېسىلىپ شىنجاڭنىڭ نامرات رايونلىرىدىكى دېھقانلارنىڭ

پەرزەنتلىرىگە ھەقسىز تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ ئېلىپبەلەرنىڭ نۇسخىلىرىمۇ ھازىر مېنىڭ قولۇمدا تۇرۇپتۇ. مەن بۇ ئېلىپبەلەرنى تۈزۈش ۋە تەتقىق قىلىش يولىدا 40 يىلدىن ئارتۇق يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلدىم. بۇ — مېنىڭ جاپالىق ئەمگىكىمنىڭ نەتىجىسى ۋە بارلىق ئۇيغۇر ئېلىپبەلىرى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. بۇ يەردىكى تۆھپە، ئەلۋەتتە، يالغۇز ماڭىلا مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى مەندىن ئىلگىرى «ئېلىپبە» دەرسلىكى تۈزگەن ئۇستازلارغىمۇ مەنسۇپ، بۇ ئېلىپبەنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاشتا زور كۈچ چىقارغان خەتتات ۋە رەسساملارغىمۇ مەنسۇپ.

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن 1956 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغىچە بىر نەچچە قېتىم ئۆزگەرتىپ تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان، ھازىرمۇ شىنجاڭدىكى كۆپچىلىك مەكتەپلەردە قوللىنىلىۋاتقان «ئېلىپبە» دەرسلىكىنىڭ ھەممىسىنى مەن (ئابدۇسالام توختى) تۈزۈپ ئىشلىگەن. بۇ — ئەمەلىيەت، بۇ — پولاتتەك پاكىت. لېكىن بۇ غەنىزاتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى بۇرمىلاپ: «ئابدۇسالام توختى: مەن 1956 ـ يىلى ‹ئېلىپبە› دەرسلىكىنى تۈزۈشتىن بۇرۇن، ئۇيغۇرلاردا ‹ئېلىپبە› دەرسلىكى يوق ئىدى، ‹ئېلىپبە› دەرسلىكىنى مەن كەشىپ قىلغان» دېدى، دېگەن پىتنە ـ ئىغۋالىرىنىڭ ئەكسىچە 1956 ـ يىلى تۈزۈلگەن «ئېلىپبە» دەرسلىكى تارىختىن بۇيان تۈزۈلگەن «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرىنىڭ ۋارىسى، داۋامى ۋە تەرەققىياتىدۇر. بۇ ھەقىقەتنى غەنىزات غەيۇرانى قىلچە ئاساسسىز ھالدىكى «مۇلاھىزە» لىرى بىلەن قانداقمۇ ئىنكار قىلالىسۇن؟!...

ئەمدى بۇ ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق مەسىلە — «رەڭلىك ئېلىپبە» مەسىلە-گە كەلسەك، غەنىزات غەيۇرانى ئەپەندىم ئۆزىنىڭ «مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە، ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكىنىڭ قانداق «ئېلىپبە» ئىكەنلىكى ۋە ئۇنىڭ تارىختىن بۇيان تۈزۈپ نەشر قىلىنغان ھەرخىل «ئېلىپبە دەرسلىكلىرى» بىلەن، جۈملىدىن 1953 ـ يىلى غەنىزات تۈزگەن «ئېلىپبە دەرسلىكى» بىلەن قانداق ئوخشاشلىقى بارلىقى ھەققىدە قىلچە سۆز ئاچالماي، ئۆزىنىڭ بۇندىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ئايشەم شەمى تۈزگەن «ئېلىپبە دەرسلىكى» گە ئاساسەن تۈزگەن «ئېلىپبە دەرسلىكى» نى ھەدەپ كۆككە كۆتۈرۈپ: «... ‹ئېلىپبە دەرسلىكى›نىڭ تۈزۈلۈش مەسىلىسىگە كەلسەك ... مەن ئالدى بىلەن ئالمائاتادا تۈزۈلگەن ئېلىپبەگە ئاساسەن يەرلىك ماتېرىياللارنى قوشۇپ، 1950 ـ يىلى بېكىتىلگەن ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ‹ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ئۈچۈن ئېلىپبە دەرسلىكى›نى تۈزدۈم ...» دېگەن ۋە ... «ئابدۇسالام توختى تۈزگەن ئېلىپبە ئەنە شۇ ‹تەييار ئېلىپبە› گە رەڭ بەرگەنلىكىدەك ئاددىي بىر ئىش ...» ... «ئۇ ‹رەڭچى›نى ‹تۆھپىكار› دېيىش نېمە دېگەن بىمەنىلىك؟ ...» دەپ، ماڭا ھۇجۇم قىلغان. بۇ غەنىزات غەيۇرانىنىڭ 1950 ـ يىللاردىن ھازىرغىچە ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە بارلىققا كەلگەن دەۋر تەرەققىياتىنى كۆرۈپ يېتەلمىگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ھەممىگە ئايانكى، سېلىشتۇرمىغىچە ھەق ـ ناھەقنى پەرق ئەتكىلى، ئايرىغىلى بولماي-دۇ. كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنداق بولسا، جانابىي غەنىزات ئەپەندىم! ھېلىقى سىز تۈزگەن ئېسىل «ئېلىپبە دەرسلىكى» ڭىزنى ئاممىغا كۆرسە-تىپ، ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويۇڭ! مەنمۇ شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان ھەرخىل «ئېلىپبە دەرسلىكلىرى» نىڭ نۇسخىسىنى ئوتتۇرىغا قوياي. مەن پىتنە ـ پاساتقا ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەتكە، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدىغان خەلق ئاممىسى ۋە ئىلمىي خادىملارنىڭ

كىمنىڭ ھەق، كىمنىڭ ناھەق ئىكەنلىكىگە چوقۇم توغرا ھۆكۈم قىلالايدىغانلىقىغا شەكسىز ئىشىنىمەن.

## 4. ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكىنى باھالاشتا ھېچقانداق ئىمتىياز ۋە يوشۇرۇن «سىر» مەۋجۇت ئەمەس

غەنىزات ئۆزىنىڭ «مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىنىڭ 2 - ئابزاسىدىلا: «ئازادلىقتىن كېيىنمۇ باشقىلار تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ (بۇ يەردە غەنىزات «مەن تەرىپىمدىن تۈزۈلۈپ» دېمەكچى)، ئۇدا نەچچە يىل نەشر قىلىنىش بىلەن ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە دەرسلىك قىلىپ قوللىنىلغان ئېلىپبە دەرسلىكىگە رەڭ بەرگەنلىكتەك ئاددىي بىر ئىشنىڭ 〈دۇنياۋى كەشپىيات〉 ھېسابلىنىپ، خەلقئارا ئالتۇن مېدال مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى مېنىڭچە، زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى ... بۇ يەردە مەلۇم بىر ئىمتىيازنىڭ پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى بىلەن ئوينىلىۋاتقان قانداقتۇر بىر ئالدامچىلىق ئويۇنىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم ...» دېسە (ھېس قىلىش ھەرگىز پاكىت بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە)، بۇ «مۇلاھىزە» نىڭ ئاخىرقى ئابزاسىدا: باھالىغۇچىلارنى سوتقا تارتىۋاتقان باش سودىيەدەك قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ: «دېمەكچى بولغىنىم، ئېيتىلغان خەلقئارا تەشكىلاتلارغا ئۇيغۇر ئېلىپبەسى ھەققىدە كىم، نېمىلەرنى دەپ مەلۇمات يوللىدى؟ بۇ مەلۇماتلار ئۇلاردا قانداق چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلدى؟ ئۇلار قايسى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن 〈رەڭلىك ئېلىپبە〉گە خەلقئارا ئالتۇن مۇكاپاتى بەردى؟ ... قاتارلىق كىشىلەر چۈشىنىشكە تەقەززا بولۇۋاتقان مەسىلىلەر تەپسىلىي تەكشۈرۈلۈپ، بۇ ھەقتىكى سىر ئاشكارىلىنىشى كېرەك. بولمىسا ئىلمىي ئىشتا يالغان دوكلات بىلەن مۇناسىۋەتلىك يۇقىرى ئورۇنلارنى ئالداپ، ساختا شۆھرەت قازىنىشتەك ئىلمىي ئەخلاققا زىت، رەزىل قىلمىشلار يامراپ كېتىپ، ئىلمىي كەيپىياتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا يامان تەسىر كۆرسىتىدۇ» دەپ قىلچە پاكىتى بولمىغان يالغان گەپلەرنى كۆچەپ توقۇپ چىقىپ، ئاممىدا گۇمان پەيدا قىلىشقا ئۇرۇنغان. پاكىت ھەرقانداق «مۇلاھىزە» ۋە مۇنازىرىدىن ئۈستۈن. ئەمەلىي پاكىت ھەرقانداق كىشىنى ئىشەندۈرەلەيدۇ ۋە قايىل قىلالايدۇ. مىڭ ئېغىز قۇرۇق سەپسەتە بىرەر پاكىتنىڭ قولىغا سۇ قويۇپ بېرەلمەيدۇ.

غەنىزات غەيۇرانى ئەپەندىم! سىز ماڭا «تەييار ئېلىپبە» گە رەڭ بەرگەن «رەڭچى»، «رەڭۋاز» دەپ بۆھتان قىلدىڭىز. ئېيتىپ بېقىڭە، شۇ «تەييار ئېلىپبە» قايسى ئېلىپبە؟ شۇ ئېلىپبەنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقالامسىز؟ سىز «رەڭلىك ئېلىپبە»نى باھالاشتا مەلۇم بىر ئىمتىيازنىڭ پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى بىلەن ئوينىلىۋاتقان قانداقتۇر بىر ئالدامچىلىق ئويۇنىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم ... «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ خەلقئارا ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشىشىدە بىر «سىر» بار، بۇ ھەقتىكى «سىر» ئاشكارىلىنىشى كېرەك، دېدىڭىز. سىزنىڭ «قانداقتۇ، پانداقتۇ»، «ھېس قىلدىم، پىس قىلدىم» دېگەن گەپلىرىڭىز پاكىت بولالامدۇ؟ ئۇنداق ئاساسسىز گەپلەرنى ھەرقانداق كىشى، جۈملىدىن قانۇنمۇ «پاكىت» دەپ ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئەگەر سىز پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدىغان، راست گەپ قىلىدىغان ۋىجدانلىق ئادەم بولسىڭىز، ئەگەر ئۆزىڭىز تەكىتلەپ ئېيتقان ئىلمىي ئەخلاققا ئۆزىڭىز ئەمەل قىلىدىغان بولسىڭىز، يۇقىرىقىدەك چوڭىلدا توختىمايدىغان قۇرۇق گەپلەرنى قىلماي، پاكىت كۆرسى-

تىپ، ئەشۇ «رەڭۋاز»، «ئالدامچى» لارنى ۋە «ئىمتىياز»، «سىرلار» نى ئاشكارىلىۋەتسە-ڭىز بولمامدۇ؟! سىز شۇنداق قىلالامسىز؟ ياق ھەرگىز ئۇنداق قىلالمايسىز. چۈنكى سىز ھەرگىز پاكىت كۆرسىتەلمەيسىز. پەقەت تۆھمەت، بۆھتان قىلىشنىلا بىلىسىز، خالاس!

جانابىي غەنىزات ئەپەندىم! ئالدى بىلەن سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ يەردە «ئاشكارىلىنىشى كېرەك» بولغان ھېچقانداق سىر يوق. بۇ پۈتۈنلەي ئوچۇق - ئاشكارا ئىش. مەن تۆۋەندە شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» نى باھالاشتا بېيجىڭغا يوللىغان تونۇشتۇرۇشنى كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ كۆزدىن كۆچۈرۈپ، «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ نېمىگە ئاساسەن باھالانغانلىقىنى ئېنىق بىلىۋېلىشى ۋە سىزنىڭ «مۇلاھىزە» ڭىزگە پاكىتلىق رەددىيە بېرىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

## «رەڭلىك ئېلىپبە» تونۇشتۇرۇلغان ھۆججەت

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 1999 - يىلى 12 - ئايدا ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» نى باھالاشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن بېيجىڭغا يوللانغان تونۇشتۇرۇشنىڭ تولۇق تېكستى تۆۋەندىكىچە:

«جۇڭخۇا كىشىلىرى قامۇسى» (بۈگۈنكى زامان مەدەنىيىتى) تەھرىر بۆلۈمىگە:

«بېيجىڭ شەھىرى مەشھۇر شەخسلەر مەدەنىيەت تەتقىقاتى مەركىزى» گە:

ھۆرمەتلىك يولداشلار، سىلەرگە سالام!

سىلەر ئەۋەتكەن ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق، ئۇقتۇرۇشۇڭلارنىڭ مەزمۇنىغا ئاساسەن نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «رەڭلىك ئېلىپبە دەرسلىكى» نى سىلەرگە بىر نۇسخا ئەۋەتتۇق ۋە بۇ كىتابنىڭ قىسقىچە تونۇشتۇرۇشىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتتۇق. باھالاش كومىتېتى بۇ كىتابنى باھالاشتا پايدىلىنار.

*ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى «رەڭلىك ئېلىپبە دەرسلىكى» نى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش*

ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا بىر تۇتاش قوللىنىلىۋاتقان «رەڭلىك ئېلىپبە دەرسلىكى» نىڭ ئاپتورى (تۈزگۈچىسى) — ئابدۇسالام توختى. ئۇ شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. پۈتۈن كىتاب تۆۋەندىكى 10 مەزمۇن (بۆلەك) تىن تەركىب تاپقان:

*1. ئوقۇشقا كىرىش تەربىيىسى:* بۇ بۆلەك (1 - بەتتىن 14 - بەتكىچە) نىڭ مەزمۇنى ئاساسلىق ھەرخىل رەسىملەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇ رەسىملەر ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش، ئوقۇتقۇچىلارنى ھۆرمەت قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى سۆيۈش تەربىيىسى بېرىش؛ پارتىيىمىزنى سۆيۈش، خەلقىمىزنى سۆيۈش تەربىيىسى بېرىش؛ ئوقۇش قوراللىرىنى ئاسراش، مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى كۆڭۈل قويۇپ ئەستايىدىللىق بىلەن ئاڭلاپ، تىرىشىپ ئۆگىنىش تەربىيىسى بېرىش؛ ئەمگەكنى قىزغىن سۆيۈپ، ئىشچى ۋە دېھقانلارنى قىزغىن سۆيۈپ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنى قىزغىن سۆيۈپ، كەلگۈسىدە ئەلگە يارامىلىق تالانت ئىگىلىرىدىن بولۇپ يېتىلىش تەربىيىسى بېرىش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

*2. قول كۆتۈرۈش مەشىقى:* بۇ بۆلەك (20 - بەتتىن 22 - بەتكىچە) نىڭ مەزمۇنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىنىپتا (دەرسخانىدا) كىتاب ئوقۇغاندا، ئورۇندۇق - ئۈستەلدە توغرا قىياپەتتە ئولتۇرۇش كېرەكلىكى، قەلەم، قېرىنداشنى توغرا تۇتۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈ-

رۇش؛ ئوقۇغۇچىلارنى ھەرپلەرنى ئۆگىنىشتىن بۇرۇنقى مەشىق قىلىش ئىقتىدارى جەھەتتە ئاز - پاز چېنىقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھەرپلەرنى رەسمىي ئۆگىنىشى ئۈچۈن دەسلەپكى ئاساس سېلىشتىن ئىبارەت.

*3. ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى:* بۇ بۆلەك (69 - 70 - بەت) كە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ 32 ھەرپى ۋە بۇ ھەرپلەرنىڭ ئۆز ئارا ئوخشاش بولمىغان يېزىلىش شەكلى ۋە ئوقۇلۇشى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەمدە ئۇنىڭدىكى ھەربىر ھەرپنى ئوقۇش ۋە تونۇشقا ماس كېلىدىغان، ئوڭايلىق تۇغدۇرىدىغان رەسىملەر ماسلاشتۇرۇلۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. ئوقۇغۇچىلار بۇ رەسىملەر بىلەن ھەرپلەرنى بىرلەشتۇرۇپ ئوقۇش ئارقىلىق ھەرپلەرنى تېز ۋە ئۇنۇملۇك تۇردە ئېگىلىۋالالايدۇ ۋە ئەستە ساقلىيالىيدۇ.

*4. ئېلىپبە ناخشىسى:* بۇ بۆلەك (68 - بەت) كە ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ناخشا ئىشلەنگەن بولۇپ، بۇ «ئېلىپبە ناخشىسى» ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا 32 ھەرپنى ھەرپلەر تەرتىپى بويىچە تېز، ئۇنۇملۇك، قىزىقارلىق قىلىپ ئۆگىتىش ۋە داۋاملىق ئەستە ساقلىيالايدىغان قىلىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ.

*5. سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى:* بۇ بۆلەك (23 - بەتتىن 30 - بەتكىچە) تە سەككىز سوزۇق تاۋۇش ھەرپىنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئۆگىنىشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇۋاپىق رەسىملەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەر بىرى بىر بەت قىلىپ بېرىلگەن ۋە ھەربىر بەت ئاستىغا شۇ سوزۇق تاۋۇش ھەرپىنى توغرا، رەتلىك، تەرتىپلىك، چىرايلىق يېزىشنى مەشىق قىلىش گرافىكىسى بېرىلگەن.

*6. ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى:* بۇ بۆلەك (34- بەتتىن 65 - بەتكىچە) تە ئۇيغۇر يېزىقى تەركىبىدىكى 24 ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى رەسىملەر بىلەن ھەرپلەرنى ماسلاشتۇرۇپ ئوقۇتۇش شەكلى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ھەربەتكە بېرىلگەن ھەرپنى ئاسان ئۆگىنىۋېلىش، ئۇنتۇماي داۋاملىق ئەستە ساقلاش ئۈچۈن ماس كېلىدىغان رەسىملەر بېرىلگەن ۋە سوزۇق تاۋۇشلارغا ئۈزۈك تاۋۇشلارنى قوشۇپ بوغۇم ۋە سۆزلەرنى ياساش ئۇسۇلى كۆرسىتىلىشى بىلەن بىللە، ھەرپ، بوغۇم، سۆزلەرنى ئۆلچەملىك گرافىكا سىزىقلىرى بويىچە توغرا، رەتلىك، چىرايلىق يېزىش ۋە ئاددىي جۈملىلەرنى تۈزۈش ئۈلگىلىرى بېرىلگەن. شۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا سۆزلەرنى راۋان ئوقۇش، توغرا ۋە تېز يېزىشنى ئېگىلىتىپ، ساۋادىنى مۇمكىن قەدەر تېزرەك چىقىرىش ۋە سۆز بايلىقىنى ئاستا - ئاستا ئاشۇرۇپ، كىتابلارنى بىمالال ئوقۇيالايدىغان ھەم چۈشىنەلەيدىغان قىلىش مەقسەت قىلىنغان.

*7. بوغۇم ۋە بوغۇم ئايرىش بەلگىسى:* بۇ بۆلەك («رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ 1988 - يىل 1 - نەشرى، 64 - بەت) تە باشلانغۇچ مەكتەپ 1 - يىللىق ئوقۇغۇچىلىرى ئېگىلىۋېلىشقا (بىلىۋېلىشقا) تېگىشلىك بولغان ئاددىي سۆزلەرنى توغرا يېزىش ۋە قۇردىن - قۇرغا بوغۇم ئايرىپ يېزىشقا مۇناسىۋەتلىك قىسقىچە گراماتىكىلىق ساۋات بېرىلگەن. بۇنىڭدىن مەقسەت ئوقۇغۇچىلارغا كىچىكىدىن باشلاپ توغرا يېزىش، توغرا ئوقۇش قائىدىلىرىگە ئائىت بىلىملەرنى ئېگىلىتىشتىن ئىبارەت.

*8. دەرس تېكىستلىرى:* بۇ بۆلەك (77 - بەتتىن 126 - بەتكىچە) تە ئوقۇغۇچىلار 32 ھەرپنى ئوقۇيالايدىغان، يازالايدىغان، ھەرپلەردىن بوغۇم، بوغۇملاردىن سۆز، سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۆسمۈرلەرنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۆسمۈرلەرگە ماس كېلىدىغان دەرس تېكىستلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش، يېزىش، ئاڭلاش، سۆزلەش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاساسىي مەقسەت قىلىنغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە بۇ تېكىستلەرنى ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى

ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش، خەلقنى قىزغىن سۆيۈش، ئىلىم - پەننى قىزغىن سۆيۈش روھى بىلەن تەربىيىلەش مەقسەت قىلىنغان.

بۇ دەرسلىك ئەتراپلىق مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپى، ئوقۇتۇش ۋە تەلىم - تەربىيە ئىشلىرىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ، شۇڭا، ئۇ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئىگە بولغان. قىسقىسى، ئابدۇسالام توختى تۈزگەن بۇ «رەڭلىك ئېلىپبە» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىل - يېزىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ياخشى دەرسلىكتۇر.

9. *مۇكاپاتلىنىش ئەھۋالى:* 1990- يىلى غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇبتىكى توققۇز ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن كىتابلارنى باھالاشتا 1 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا، 1988 - يىلى ۋە 1992 - يىلى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 3 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئىگە بولغان.

10. تىراژى: بۇ «رەڭلىك ئېلىپبە» ھەر يىلى 150 - 340 مىڭ نۇسخىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى ساۋاتلىق قىلىش، تەربىيىلەش ۋە ئوقۇتۇش خىزمەتلىرىدە ئىنتايىن زور رول ئوينىماقتا.

ھۆرمەت بىلەن: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى
1999 - يىلى 12 - ئاي
(تامغا ئورنى)

بېيجىڭغا يوللانغان «ئۇيغۇرچە ‹رەڭلىك ئېلىپبە› دەرسلىكىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇش» دېگەن بۇ ماتېرىيالنىڭ خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە نۇسخىسى بۇ «رەڭلىك ئېلىپبە»نى باھالاشتا پايدىلىنىش ئۈچۈن شياڭگاڭغا ئەۋەتىلگەن. دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقۇچىلار- نى مۇكاپاتلاشنى تەكشۈرۈپ باھالاش كومىتېتى ۋە خەلقئارالىق تۆت ئىلمىي تەشكىلات مانا شۇ شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى يوللىغان تونۇشتۇرۇشقا ۋە ئۇلارغا ئەۋەتىلگەن «رەڭلىك ئېلىپبە»نىڭ 1997 - يىلى نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنى كۆرۈپ تەكشۈرۈش ئاساسىدا ھەر جەھەتتىن تەكشۈرۈپ باھالىغان. باھالاش نەتىجىسىدە ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» گە: «دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپات» بېرىلگەن. مەن بۇ ھەقتىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا، بەكمۇ خوش بولدۇم، شەرەپ ھېس قىلدىم ۋە ھەيران قالدىم، باھالىغۇچىلارغا چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتتىم. بۇ ئىشتىن مېنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ۋە خەلقىم خۇش بولدى، مائارىپ نازارىتى، مائارىپ نەشرىياتى رەھبەرلىكى، بارلىق خىزمەتداشلار، دوستلار ھەممىسى خۇش بولدى، بۇ بىر چوڭ شەرەپ، دەپ مېنى تەبرىكلەشتى. غەنىزات ئەپەندى بولسا «مۇلاھىزە»سىدە باھالىغۇچى ئورۇنلارنى ۋە سۆيۈملۈك، دانا ئۇيغۇر خەلقىنى ھاقارەتلەپ «... ئۇ ئورۇنلار ئەمدىلا مائارىپ قەدىمىنى باسقان ‹مەدەنىيەتسىز ئۇيغۇر خەلقى› گە ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش يۈزىسىدىن بۇ ‹تۆھپىكار› نىڭ ‹رەڭلىك ئېلىپبە› سىگە خەلقئارادىكى مەشھۇر 3000 نەپەر ئىلىم - پەن خادىمىنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى ئىچىدىن تاللاپ ئالتۇن مېدال مۇكاپاتى بەرگەن» دەپ تىغ ئۇچىنى ماڭىلا ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئاساسلىقى نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە بولغان قەھرىمان ۋە دانا خەلقىمىزگە قاراتقان.

## 6. ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىنكى ئەھۋاللار

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ بىر نۇسخىسى «بېيجىڭ شەھىرى مەشھۇر شەخسلەر مەدەنىيەت تەتقىقات مەركىزى» نىڭ كۆرستىشى (تەۋسىيە قىلىشى) ئارقىلىق شياڭگاڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان دۇنيادىكى 3000 مۇتەخەسسىسنىڭ ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش پائالىيىتىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى. بۇ قېتىمقى مۇكاپاتلاشنى تەكشۈرۈپ باھالاش، بېكىتىش پائالىيىتىدە ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» گە دۇنيا ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپات بېرىش قارار قىلىندى ۋە ماڭا بېرىلگەن مۇكاپاتنامە ئۈستىگە: «ئابدۇسالام توختى ئەپەندىم، دۇنيا ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقۇچىلارنى مۇكاپاتلاشنى تەكشۈرۈپ باھالاش كومىتېتىنىڭ قاتتىق تەكشۈرۈپ باھالىشى ئارقىلىق سىزنىڭ ‹ئېلىپبە› ناملىق ئەسىرىڭىزگە ئالتۇن مۇكاپات بېرىلدى» دەپ يېزىلغان ۋە «جۇڭگو خەلقئارا مەشھۇر ئىلىم ـ پەن خادىملىرى تەتقىق قىلىش مەركىزى»، «جۇڭگو مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخسلەر بىرلەشمىسى»، «خەلقئارا مەشھۇر شەخسلەر مېھرى ـ شەپقەت فوندى جەمئىيىتى» ۋە «دۇنيا ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقۇچىلارنى مۇكاپاتلاشنى تەكشۈرۈپ باھالاش كومىتېتى» قاتارلىق خەلقئارادا زور ئىناۋەتتى بار تۆت ئورگاننىڭ قىزىل تامغىسى بېسىلغان ئىدى.

ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» گە خەلقئارا ئالتۇن مۇكاپات بېرىلگەنلىكتىن خەۋەر تاپقان ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى رەھبەرلىكى ۋە شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى رەھبەرلىكى بۇ ئىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلدى. شۇ مەزگىلدە غەنىزات غەيۇرانى بۇ «ئېلىپبە» نى ئەسلىدە مەن تۈزگەن دەپ مائارىپ نەشرىياتىغا ئەرز يېزىپ دەۋا قىلىپ، بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىقلارنى تۇغدۇرغان بولسىمۇ، مائارىپ نەشرىياتى ئەتراپلىق تەكشۈرۈش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، غەنىزات غەيۇرانىنىڭ ئورۇنسىز دەۋاسىنى پۈتۈنلەي رەت قىلدى ۋە 2000 ـ يىلى 11 ـ ئايدا «ئابدۇسالام توختى تۈزگەن، مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە ‹رەڭلىك ئېلىپبە› نىڭ ‹دۇنيا ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى› نى تەبرىكلەش سۆھبەت يىغىنى» نى چاقىردى. يىغىننى مائارىپ نەشرىياتىنىڭ باشلىقى يولداش ئابدۇرازاق سايىم (ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) باشقۇردى. بۇ يىغىنغا مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ساتتار ساۋۇت، مۇئاۋىن نازىرى مەنسۇر ئابىل، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى ھاكىم جاپپار، ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ھۆسەن ۋە مائارىپ نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى نۇر تېيىپ، شۇنىڭدەك ئاتاقلىق تىلشۇناس ئىبراھىم مۇتىئى، يازغۇچى، تەتقىقاتچى ئابدۇللا تالىپ، تىلشۇناس ئابلىز ياقۇپ، ئاتاقلىق ئەدەبىياتشۇناس، پروفېسسور شەرىپىدىن ئۆمەر، پروفېسسور بۇغدا ئابدۇللا، تەتقىقاتچى قاۋسىلقان قامىجان، پىشقەدەم نەشرىياتچى ئابدۇۋەلى خەلپەتوف قاتارلىق كۆپلىگەن مۇتەخەسسىسلەر ۋە باشقا ئىلمىي خادىملار، مائارىپچىلار، نەشرىياتچىلار بولۇپ 100 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. بۇ يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش مىجىت ناسىرنىڭ تېلېفون تەبرىكى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ساتتار ساۋۇت ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ دۇنيا ئىلىم ـ پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەپ قىلغان سۆزىدە: «... بۇ ئابدۇسالام توختىنىڭلا شەرىپى

بولۇپ قالماي، ھەممىمىزنىڭ شەرىپى، بارلىق مائارىپچىلارنىڭ شەرىپى ۋە خۇشاللىقى…» دېدى ھەم مۇئاۋىن نازىر مەنسۇر ئىككىسى كەمىنە ئابدۇسالام توختىغا تون كىيگۈزدى. نازىر ساتتار ساۋۇت مائارىپ نازارىتى نامىدىن ئابدۇسالام توختىغا قىزىل تاشلىق «شەرەپنامە» بېرىپ تەبرىكلىدى. يىغىنغا قاتناشقان ئىبراھىم مۇتئى قاتارلىق تىلشۇناس ۋە ئالىملار بۇ تۈزگەن «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ ناھايىتى سۈپەتلىك، ياخشى تۈزۈلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇ ئېلىپبە دەرسلىكىنىڭ ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلىدى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى، گېزىت - ژۇرناللار ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئارقا - ئارقىدىن خەۋەر قىلدى ۋە تەبرىكلىدى. ھەر ساھە كىشىلىرىنىڭمۇ ئالقىشى ئۈزۈلمىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە كەمىنە ئابدۇسالام توختىنىڭ مائارىپ، نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە 40 يىلدىن ئارتۇق ئىشلەپ قولغا كەلتۈرگەن مول نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلغان ۋە ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقىغا ئالقىش ياڭرىتىلغان. لېكىن «مۇلاھىزە» نىڭ ئاپتورى غەنىزات ئۆز ماقالىسىدا: «ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي مائارىپ نەشرىياتى نۇرغۇن زىيالىيلارنى يىغىپ، بۇ 〈تۆھپىكار〉 نىڭ ئالتۇن مېدالىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىگەنلىك خەۋىرى تارقالدى. بۇنى ئاڭلاپ مۇشۇ دەۋردىمۇ نومۇسسىزلارچە قىلىنىۋاتقان ئالدامچىلىقنىڭ 〈تۆھپە〉 دەپ قارىلىپ، نەپرەتلىنىشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ تەبرىكلىنىۋاتقانلىقىنى زادىلا قوبۇل قىلالمىدىم، دەرھال قولۇمغا قەلەم ئېلىپ، مۇشۇ ماقالىنى يېزىشقا كىرىشتىم…» دەپ يازىدۇ.

جانابىي غەنىزات ئەپەندىدىن شۇنى سوراپ باقايلى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان بىر ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكىنىڭ خەلقئارا ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى قانداقمۇ «ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىنى ئىنكار قىلغانلىق، مەدەنىيەت تارىخىنى ھاقارەتلىگەنلىك» دېگىلى بولسۇن؟! غەنىزاتنىڭ سۆزلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى قوغدىغانلىق، ئۇنىڭ ئىناۋىتىنى ساقلىغانلىق بولماي، بەلكى ئۇنى ئاياق - ئاستى قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس!

## 7. ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكى ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەندىن كېيىنكى ئىنكاسلار

مەن تۆۋەندە ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكىنىڭ «دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى» جەمئىيەتكە مەلۇم بولغاندىن كېيىن، ئۇنى تەبرىكلەپ، سەمىمىي ۋە ھەققانىي سۆزلەرنى قىلغۇچىلار ئىچىدىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغان ئۈچ كىشىنىڭ سۆزى ۋە ئىنكاسىنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن:

1. ھەلىمە سوپى خانىم (شىنجاڭ بويىچە ئالاھىدە ئوقۇتقۇچى، پىشقەدەم مائارىپچى) مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇسالام توختى تۈزگەن «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكى مەملىكەت بويىچە بىر نەچچە قېتىم 1- ۋە 3 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ مۇكاپاتلانغان ئىدى، مانا ئەمدى دۆلەت ھالقىپ، 2000 - يىلى 4 - ئايدا خەلقئارالىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاشتا دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشتى. مائارىپ نازارىتى ۋە مائارىپ نەشرىياتى ئابدۇسالام توختىنىڭ «رەڭلىك ئېلىپبە» ناملىق كىتابىنىڭ دۇنياۋى ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى تەبرىكلەپ داغدۇغىلىق مۇھاكىمە يىغىنى ئاچتى. بىز كەڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە مائارىپچىلار بۇ يىغىننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى

شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىن كۆرۈپ بەك خۇش بولدۇق. ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلەندۇق. ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ «دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپاتقا ئىگە بولغانلىقى» ئابدۇسالام توختىنىڭ شەرىپى، خۇشاللىقى ۋە پەخرى بولۇپلا قالماي، بەلكى بارلىق ئوقۇتقۇچى ۋە مائارىپچىلارنىڭمۇ شەرىپى، خۇشاللىقى ۋە پەخرى دەپ قارايمىز. بىز ئابدۇسالام توختىنى قانچىلىك ھۆرمەتلىسەك ئەرزىيدۇ. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە 35 يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان پىشقەدەم ئوقۇتقۇچى. مەن ئابدۇسالام توختى تۈزگەن «رەڭلىك ئېلىپبە» دىن 20 يىلغا يېقىن پايدىلاندىم. ئۇ ناھايىتى سۈپەتلىك ئىشلەنگەن كىتاب. ئۇ شىنجاڭ بويىچە ياش ئەۋلادلارنىڭ ساۋادىنى چىقىرىشتا زور رول ئوينىدى.

2. ئىبراھىم مۇتىئى ئەپەندى (ئاتاقلىق ئالىم، مەشھۇر تىلشۇناس) مۇنداق دەيدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى ۋە شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇرچە «‹رەڭلىك ئېلىپبە› دەرسلىكىنىڭ ‹دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى› نى تەبرىكلەش مۇھاكىمە يىغىنى» نى چاقىرغانلىقى بەكمۇ ياخشى ئىش بولۇپتۇ. مەن ئابدۇسالام توختى تۈزگەن، مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكىنىڭ دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولدۇم. گەرچە سالامەتلىكىم ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ بۇ تەبرىكلەش - مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتىم. چۈنكى بۇنداق چوڭ ئىشنى تەبرىكلىمەي بولمايدۇ. ئۇيغۇرچە «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرى تارىختا بىرنەچچە قېتىم تۈزۈلگەن. مەنمۇ 1937 - يىلى بىر «ئېلىپبە» دەرسلىكىنى تۈزگەنىدىم. ئۇ «ئېلىپبە» ئۆز دەۋرىدە تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئوبدان ئۆتىگەنىدى. كېيىنكى تۈزۈلگەن «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرىمۇ ئىلگىرىكى «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرىنىڭ داۋامى. بۇ قېتىم مۇكاپاتلانغان «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكى ھازىرقى دەۋرگە، ھازىرقى مائارىپنىڭ تەلىپىگە، ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ تۈزۈلگەن ياخشى دەرسلىك. بالىلار پسىخولوگىيىسى، بالىلار فىزىئولوگىيىسىنى ياخشى بىلمىگەن، ئۆز ئانا تىلىغا پۇختا بولمىغان ۋە مول تەجرىبىگە ئىگە بولمىغان ئادەم بالىلار ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان مۇنداق ياخشى بىر «ئېلىپبە» دەرسلىكىنى تۈزۈپ چىقالمايدۇ. بۇ ئېلىپبە دەرسلىكى ئۇتۇقلۇق تۈزۈلگەن. مەن بۇ ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» گە «دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپات بېرىلگەنلىكى» نى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. بۇنداق ياخشى كىتابنى نەشر قىلغان مائارىپ نەشرىياتىنى تەبرىكلەيمەن. ئابدۇسالام توختىنى تەبرىكلەيمەن. بۇ ئابدۇسالام توختىنىڭلا شەرىپى بولۇپ قالماي، پۈتۈن خەلقىمىزنىڭ شەرىپى، پۈتۈن مائارىپچى ۋە نەشرىياتچىلارنىڭ شان - شەرىپى. بۇ ھەممىمىزنى خۇش قىلغان بىر ياخشى ئىش بولدى («سۆھبەت يىغىنى» خاتىرىسىدىن).

3. ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە دەرسلىكى» نىڭ خەلقئارا ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن «تەبرىكلەش - سۆھبەت يىغىنى» نىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەندىن كېيىن ماڭا كوچىلاردا ئۇچرىغان تونۇش كىشىلەر ئالدىمغا كېلىپ، ياخشى نىيەت بىلەن «ئالتۇن مۇكاپاتقا مۇبارەك» دەپ مېنى سەمىمىي تەبرىكلەشتى. مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە: «ياخشى كۆڭلۈڭلارغا رەھمەت!» دەپ مىننەتدارلىق بىلدۈردۈم. بىر كۈنى ماڭا كوچىدا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتىنىڭ پروفېسسورى، تالانتلىق تىلشۇناس مۇھەببەت قاسىم يولۇقۇپ قالدى. ئۇ مەن بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن ناھايىتى خۇشال قىياپەتتە ماڭا قاراپ: «ئابدۇسالام ئاكا، سىزنى ئاخشام تېلېۋىزوردا تونۇشتۇردى. سىزنىڭ ئۇزۇن يىل ئىشلەپ قوشقان تۆھپىڭىزنى ئاڭلاپ، بەك خۇشال بولدۇق. سىزنى شۇنداق تونۇشتۇرۇشقا تېگىشلىك. خۇدايىم ياخشى بەندىسىنى بىلىدىكەن، ھۆكۈمەت-

ىڭىزمۇ كۆزى بار ئىكەن. سىزنى تونۇشتۇرغىنى بەك ياخشى بولدى، سىزنى تەبرىكلەيمەن» دېدى. («كۆڭۈللۈك خاتىرە» دەپتىرىمدىن).

يۇقىرىدىكى ئۈچ كىشىنىڭ سۆزى مېنىڭچە، شىنجاڭدىكى كەڭ مائارىپچىلار، تىلشۇناس، ئالىملار ۋە ئۆز سەپداشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى، خۇشاللىقىنى ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ۋە خۇشاللىقى دەپ قارايدىغان بارلىق ۋىجدانلىق كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدۇ. شۇڭا ئەمەلىيەتتە، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدىغان بارلىق كىشىلەر يۇقىرىدا ئېيتىلغان ھەقىقىي ۋە نوپۇزلۇق ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ سۆزلىرىگە ئىشىنەرمۇ ياكى فەنزاتنىڭكىگىمۇ؟!

## 8. «سىر»زادى نەدە؟

غەنىزات «مۇلاھىزە»سىدە: «1950 ـ يىللاردىكى ئۇيغۇرچە دەرسلىكلەر ئىچىدىن تولۇق خەۋىرى بار بىر كىشى ماڭا: ... ئابدۇسالام توختى ئۇيغۇرچە ‹ئېلىپبە›نى 1956 ـ يىلى بىرىنچى بولۇپ مەن تۈزگەن، بۇ مېنىڭ كەشپىياتىم دەپ يۈرگەنلىكىنى، تەرجىمىھال، ئانكېتىلىرىغىمۇ شۇنداق دەپ يېزىپ كەلگەنلىكىنى ... يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەردىمۇ شۇنداق چۈشەنچە پەيدا قىلغانلىقىنى، شۇڭا مېنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالنى مائارىپ نەشرىياتى ۋە مائارىپ نازارىتى رەھبەرلىكىگە چۈشەندۈرۈپ قويۇشۇمنىڭ لازىملىقىنى ئېيتتى ... » دەپ يازىدۇ. بۇ يەردە غەنىزات ئەپەندىدىن شۇنى سوراپ باقاي! سىزگە يۇقىرىقى سۆزلەرنى ئېيتقان زادى قانداق ئادەم؟! قېنى نوچى بولسىڭىز، يۈرىكىڭىز پوك ـ پوك قىلمىسا، شۇ كىشىنىڭ كىملىكىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟ يۈزلەشتۈرەلەمسىز؟ ھەقىقىي پاكىت ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بېرەلەمسىز؟ مېنىڭ سىزگە قەتئىي جاۋابىم شۇكى، مەن ھېچكىمگە «ئېلىپبە» مېنىڭ كەشپىياتىم دېگىنىم ۋە ئانكېتىلىرىمغىمۇ يازغىنىم يوق. بۇ تۆھمەت!

سىز سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، مەن «ھېلىقى ھەممە ئىشتىن ‹تولۇق خەۋىرى بار بىر كىشى›گە: ‹بۇ ئىشنى بەش قولدەك بىلىدىغان جەمئىيەتتە ئوبدانلا تونۇشلۇق ئىمىن تۇرسۇن، ئابدۇۋەلى خەلپەت، تۇردى سامساق، رەھمەتۇللا جارى، باھار رەھمى، ئىبراھىم ئەھمىدى، تۇرسۇن مۇھەممەت پەخرىددىن، مەھمۇد زەيىدى قاتارلىق يولداشلار ئۇ كىشى بىلەن بىر شەھەردە بىر كوچىدا ياشاۋاتقان شارائىتتا خىجىل بولماي شۇنداق دەپ يۈرگەن بولسا دەۋەرسۇن دۇنيادا ئاشكارىلانمايدىغان سىر يوق، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى. مەسىلە بەرىبىر ئايدىڭلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تالاشقۇدەك ئالاھىدە كەشپىيات، چوڭ بىر تۆھپە ئەمەس› دېگەن ئىدىم. مانا ئەمدى بۇ ‹تۆھپىكار›نىڭ ‹ئېلىپبە›دىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئانا دەرسلىكنى 1956 ـ يىلى مەن تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان دەپ يۈرۈشىدىكى مۇددىئاسى ئاشكارا بولدى ...» دېدىڭىز.

غەنىزات غەيۇرانى! مەن بۇ يەردە سىزگە شۇنى ئېنىق ئېيتىپ قويايكى، بىز يۇقىرىدا ئىسمىنى ئاتىغان ئىمىن تۇرسۇن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ھەممىسى جەمئىيەت، خەلقىمىزنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان ئاتاقلىق زىيالىيلىرىمىز ۋە ئالىملىرىمىزنىڭ بىر قىسمى، ئۇلارنىڭ بىر ئېسىل پەزىلىتى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدىغان راستچىل كىشىلەر، بەزىلىرى مېنىڭ ئۇستازىم، بەزىلىرى ساۋاقداشلىرىم ۋە ياخشى دوستلىرىم. سىز ئۇلارنى ماڭا يار ـ يۆلەك بولىدۇ، مېنىڭ پىتنە ـ پاساتلىرىمغا ئىشىنىدۇ، دەپ خام خىيال ئەيلىمەڭ! ئۇلارنىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلغۇچى بولماڭ!

ئىككىنچىدىن، سىز «دۇنيادا ئاشكارىلانمايدىغان سىر يوق، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى»

دېدىڭىز. بۇ قۇرۇق ھۆكۈرەش بىلەن ئەمەس، پاكىتلار ئارقىلىق ئاشكارىلىنىشقا تېگىشلىك ئىش، «سىر»نى ئاشكارىلاش كېرەك. سىز ھەقىقىي پاكىتلار بىلەن بۇ سىرنى ئاشكارىلىيالامسىز؟

ئۈچىنچىدىن، سىز يەنە «مانا ئەمدى بۇ تۆھپىكارنىڭ ئېلىپبەدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئانا دەرسلىكنى 1956 ـ يىلى مەن تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان دەپ يۇرۇشىدىكى مۇددىئاسى ئاشكارا بولدى ··· » دېدىڭىز. غەنىزات ئەپەندىم! سىزدىن يەنە سوراپ باقاي، 1956 ـ يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن «ئېلىپبە» دەرسلىكىنى ئابدۇسالام توختى تۈزدىمۇ ياكى سىز تۈزگەنمۇ؟ بۇنىڭغا ئۆزگىچە پاكىتلىرىڭىز بولسا ئوتتۇرىغا قويۇپ باقماقسىز قېنى؟ «مۇددىئاسى ئاشكارا بولدى» دېگەنمۇ پاكىتمۇ؟ بۇ يەردە سىز ئابدۇسالام توختىنىڭ 1956 ـ يىلى «ئېلىپبە» دەرسلىكىنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغانلىقى ئۇيغۇرلار تارىخىدا بۇرۇن «ئېلىپبە» يوق ئىدى، ئۇنى مەن ئىجاد قىلدىم، دېگەنلىكى، دېمەكچىمۇ؟ ئەگەر راست شۇنداق دېمەكچى بولسىڭىز، بۇنى ساختا مەنتىقە دېمەكتىن باشقا ئامال يوق.

تۆتىنچىدىن، غەنىزات غەيۇرانى، سىز «مۇلاھىزە»ڭىزنىڭ خېلى كۆپ جايىدا مېنى «تەييار ئېلىپبە»گە رەڭ بەرگەن «رەڭچى» ، دەپ ئەيىبلىدىڭىز. مەن زادى قايسى «تەييار ئېلىپبە» گە رەڭ بېرىپتىمەن؟ نوچى بولسىڭىز، شۇ مەن «رەڭ » بەرگەن «تەييار ئېلىپبە»نىڭ نۇسخىسىنى ئوتتۇرىغا قويسىڭىز بولمامدۇ؟ 1956 ـ يىلى مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرچە «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرىنى ئىزچىل تۈردە مەن تۈزۈپ كەلدىم. بۇ ئېلىپبە دەرسلىكلىرىگە 40 يىلدىن بۇيان نۇرغۇن ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىقلار كىرگۈزۈلۈپ سۈپىتى يىلدىن ـ يىلغا يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئەمدىلىكتە «رەڭلىك ئېلىپبە»نى تۈزگۈچى كىشى 1956 ـ يىلدىن كېيىن تۈزۈلگەن «ئېلىپبە» نۇسخىلىرىنى ئاساس قىلماي، ئۇنى بىر ياققا تاشلىۋېتىپ، 1954 ـ يىلى نەشر قىلىنغان، زامان تەرەققىياتىدىن بەكمۇ كېيىن قالغان سىزنىڭ «ئېلىپبە» يىڭىزگە «رەڭ بېرىپ» ئاۋارە بولارمۇ؟!

غەنىزات غەيۇرانى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2005 ـ يىللىق 1 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە بولسا: «··· بىز 1954 ـ 1955 ـ يىللىرى باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر دەرسلىكلىرىنى تولۇقلاپ داۋاملىق ئىشلىدۇق ··· بۇ ئىشلار شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالدى» دەپ يازىدۇ. ئويلاپ باقايلى، ئادەتتىكى كىچىككىنە بىر دەرسلىك بۆلۈمىنى قانداقمۇ شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدەك چوڭ نەشرىياتنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئاساس سالدى، دېگىلى بولسۇن؟! بۇ يەردە يەنە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، غەنىزاتنىڭ 1950 ـ يىللاردا قىلغان ئىشلىرىنىڭ 2000 ـ يىللاردا «رەڭلىك ئېلىپبە»نىڭ ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشىشى بىلەن قانداق مۇناسىۋىتى بولسۇن؟! قانداق زۆرۈرىيىتى بولسۇن؟ ئۇنىڭ بۇ يەردىكى مەقسىتى نېمە؟

جانابىي غەنىزات ئەپەندىم! سىز تېخى «مۇلاھىزە» ناملىق بۇ ماقالىڭىزدا بەكمۇ راستچىل، ئالىيجاناب ئادەم قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ: «ساختىپەزلىك ھامان بىر كۈنى ئاشكارا بولۇپ، خەلق ئالدىدا شەرمەندە بولىدۇ» دېگەن ئىدىڭىز. ھەقىقەتتە شەرمەندە بولىدىغىنى زادى كىم؟ بۇنى خەلق باھالىسۇن.

## ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى (ئېلىپبە جەدۋىلى)
## بىلەن ئۇيغۇرچە «ئېلىپبە» دەرسلىكىنىڭ
## مۇناسىۋىتى ۋە پەرقى توغرىسىدا

ھەممە كىشىگە ئايانكى، دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئالدى بىلەن يېزىقى، يەنى

ئۆز مىللىتىنىڭ تىلىنى تولۇق ئىپادىلەش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەرپلەر ئىجاد قىلىنغان بولىدۇ. ئاندىن ئۇ ھەرپلەر بەلگىلىك قانۇنىيەت بويىچە تەرتىپكە سېلىنىپ، رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ، شۇ مىللەت يېزىقىنىڭ «ئېلىپبە» سى، يەنى شۇ مىللەت يېزىقىنىڭ «ئېلىپبە جەدۋىلى» بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى» (ئېلىپبە جەدۋىلى) مۇ مانا شۇنداق بولۇپ، ئۇ ئەرەب يېزىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىققا كەلگەن ۋە ئەسىرلەردىن بۇيان ئىسلاھ قىلىنىپ ۋە ئۆزگىرىشلەر كىرگۈزۈلۈپ، بۈگۈن بىز قوللىنىۋاتقان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى» بارلىققا كەلگەن. بۇ — ھەممىگە چۈشىنىشلىك بولغان ئاددىي بىر ساۋات. بۇ يەردە شۇنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى» بىلەن ئۇيغۇرچە «ئېلىپبە» دەرسلىكى بىر - بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، شۇنىڭدەك بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئىككى مەسىلە. يەنى «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى» (ئېلىپبە جەدۋىلى) ئېلىپبەلىك يېزىقتا بەلگىلەنگەن ھەرپلەرنىڭ رەت تەرتىپى، نامى ۋە ھەرپلەرنىڭ ئومۇمىي شەكلى كۆرسىتىلگەن جەدۋەل. يەنى يېزىقتىكى ھەرپلەر يىغىندىسى. «ئېلىپبە» دەرسلىكى بولسا ئەنە شۇ 32 ھەرپنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن ساۋات چىقىرىش قوللانمىسى. ئۇزاق تارىختىن بۇيان تۈزۈپ نەشر قىلىنغان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر «ئېلىپبە» دەرسلىكى مانا شۇ دەۋردە بېكىتىلگەن «ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى» تەركىبىدىكى ھەرپلەرنى ئاساس قىلىپ تۈزۈلگەن. ئۇ ھەرپلەرنى قاتناشتۇرماي، ئۇنىڭدىن پايدىلانماي تۈزۈپ «ئېلىپبە» دەرسلىكىنى تۈزۈشتىن سۆز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. مەنمۇ 1956 - يىلى شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن تۈزگەن بارلىق «ئېلىپبە» دەرسلىكلىرىنى ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتى ئىشلەپ بېكىتكەن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەستىقلىغان «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى» تەركىبىدىكى 32 ھەرپكە ئاساسەن تۈزگەن ۋە نەشر قىلدۇرغان. بۇ يەردە شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇكى، ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز مىللىتىنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقى تەركىبىدىكى ھەرپلەرنى قاتناشتۇرماي، ئۇنىڭدىن پايدىلانماي تۈزۈپ «ئېلىپبە دەرسلىكى» نى تۈزۈپ چىقىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ۋە «ئېلىپبە دەرسلىكى» نى تۈزگۈچى ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ «ئېلىپبە» تەركىبىدىكى بىرەر ھەرپنى، ھەتتا بىرەر بەلگىنىمۇ ئۆزگەرتىش، چىقىرىۋېتىش ياكى يېڭىدىن كىرگۈزۈش ھوقۇقى يوق. لېكىن غەنىزات غەيۇرانى ئۆزىنىڭ «مۇلاھىزە» ناملىق ماقالىسىدە ئۆزىچە ھەيۋە كۆرسىتىپ: «ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇنىڭغا سايىدەك ئەگىشىپ يۈرىدىغان ‹ئېلىپبە› دەرسلىكى ئۈستىدە يۇقىرىدا دېيىلگەن ئىسلاھاتلار ئېلىپ بېرىلغاندا، مەزكۇر ‹شەرەپ قۇچقان تۆھپىكار› نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەن، نېمىلەرنى ئىسلاھ قىلغان، قايسى ھەرپلەرنى قوشۇپ، قايسى ھەرپلەرنى ئېلىپ تاشلىغان، ھېچ بولمىغاندا قايسى چېكىتلەرنى ئۆزگەرتكەن بولغىيدى؟» دەپ يازىدۇ. ۋەھالەنكى، غەنىزات ئۆزىنىڭ «ئېلىپبە» دەرسلىكىنى تۈزگەنلىكى ھەققىدە توختالغاندا بولسا: «... مەن ئالدى بىلەن ئالمائاتادا تۈزۈلگەن ‹ئېلىپبە›گە ئاساسەن يەرلىك ماتېرىياللارنى قوشۇپ، 1950 - يىلى بېكىتىلگەن ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ئۈچۈن ‹ئېلىپبە› دەرسلىكىنى تۈزدۇم» دەيدۇ.

— غەنىزات ئەپەندىم! بۇ يەردە سىزدىن شۇنى سوراپ باقايكى، سىز تۈزگەن شۇ «ئېلىپبە» يېڭىزگە قانداق ھەرپلەرنى قوشقان، قانداق ھەرپلەرنى ئېلىۋەتكەن ياكى ھېچ بولمىغاندا قايسى چېكىتلەرنى قوشقان بولغىيتتىڭىز؟! دەپ بېقىڭا، كىمنىڭ ھۆكۈمەت بېكىتكەن ئېلىپبە تەرتىپىگە (ئېلىپبە جەدۋىلىگە) بىرەر ھەرپنى قوشۇش ياكى ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېتىش ھوقۇقى

بار ئىكەن؟

غەنىزات ئەپەندىم! سىز تىل - يېزىق كومىتېتى تەرىپىدىن بېكىتىلگەن «ئېلىپبە تەرىپى» بويىچە «ئېلىپبە دەرسلىكى» تۈزسىڭىز بولىدىكەن، ھەتتا بۇندىن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى تۈزگەن شۇ كىچىككىنە ئىشىڭىزنى بۇ مېنىڭ تۆھپەم ئىدى، دەپ مەتبۇئاتلاردا داۋراڭ كۆتۈرسىڭىز بولىدىكەنۇ، ئەكسىچە، باشقىلار «ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئېلىپبەسى» بويىچە «ئېلىپبە» دەرسلىكى تۈزسە، ئۇ «ئېلىپبە» دەرسلىكى پۈتۈن شىنجاڭدىكى كەڭ ئوقۇغۇچى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولسا، ھەتتا ئۇ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئىناۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن قايتا - قايتا مۇكاپاتلانسا، بۇ جىنايەت بولامدىكەن؟ ھەتتا ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ئەسىرگە يېقىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يېزىق تارىخىنى ئىنكار قىلغانلىق ھەم ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا ئېغىر ھاقارەت كەلتۈرگەنلىك بولامدىكەن؟! بۇ زادى قانداق مەنتىقە؟ سىزنىڭ ئەشۇ مەنتىقىڭىز بويىچە قارىغاندا، ئەمەلىيەتتە 1953 - يىلى ئېلىپبەنى تۈزۈپ نەشر قىلدۇرغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ 20 ئەسىردىن بۇيانقى يېزىق تارىخىنى ئالدى بىلەن ئىنكار قىلغان ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىغا ئېغىر ھاقارەت كەلتۈرگەن باشقا ئادەم ئەمەس، بەلكى دەل غەنىزات غەيۇرانى بولۇپ چىقمىدىمۇ؟! بۇ ئۆزىڭىزنىڭ كاچىتىغا ئۆزىڭىز ئۇرغانلىق بولماي نېمە؟

غەنىزات! سىز نېمە ئۈچۈن پارتىيە ۋە خەلق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن مەندەك بىر بىگۇناھ زىيالىيغا تۆھمەت قىلىپ، شۇنچە چوڭ قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ، جىنايەتكارغا ئايلاندۇرۇپ قويىسىز؟ سىزنىڭ شىنجاڭ مائارىپى ۋە نەشرىياتچىلىقى ئۈچۈن 40 يىلدىن ئارتۇق جان تىكىپ ئىشلىگەن بىر ئاددىي زىيالىيغا مۇنداق ناھەق، چوڭ قالپاقلارنى كىيگۈزۈشتىن مەقسىتىڭىز زادى نېمە؟! سىزگە ئۇنداق ھوقۇقنى كىم بەردى؟ سىز بىگۇناھ بىر ئادەمگە شۇنداق تۆھمەت - ھاقارەت قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن خەلقى ئالەم ئالدىدا خىجىل بولمامسىز؟!

## 9. مېنىڭ نەزىرىمدىكى غەنىزات ئەپەندىنىڭ تۆھمەت - بۆھتانلىرى

غەنىزات ئەپەندىم! سىز يەنە «مۇلاھىزە» ئىزدە: «... بۇ مۇكاپاتنىڭ كېلىشىدە قانداقتۇر بىر ئويۇن (ھىيلە - مىكىر، ئالدامچىلىق) نىڭ بارلىقى مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ» دېدىڭىز، بۇنداق قۇرۇق گەپ پاكىت بولالامدۇ؟ ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايدىغان «قانداقتۇ - پانداقتۇ» دېگەن بىر نېمىلەرنى دېگىچە كىشىنى قايىل قىلغۇدەك نەق پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ ھىيلە - مىكىر، ئالدامچىلىقلارنى پاش قىلىۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟! شۇنى كېسىپ ئېيتالايمەنكى، سىز ھېچقانداق پاكىتنى ئوتتۇرىغا قويالمايسىز، چۈنكى «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكى ئىلمىي پرىنسىپلارغا ئاساسەن ئوچۇق ئاشكارا ۋە ئادىللىق بىلەن باھالاپ بېكىتىلگەن، بۇ يەردە ھېچقانداق ھىيلە - مىكىر، ئالدامچىلىق ئويۇنى يوق.

غەنىزات غەيۇرانى ئۆزىنىڭ «مۇلاھىزە»سىدە: «... تەييار ئېلىپبە دەرسلىكىگە رەڭ بەرگەنلىكتەك ئاددىي بىر ئىشنىڭ ‹دۇنياۋى كەشپىيات› ھېسابلىنىپ، خەلقئارا ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشىشى مېنىڭچە، زادىلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش ئىدى. كېيىن مەن بۇ ئىشنىڭ راستلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ يەردە مەلۇم بىر ئىمتىيازنىڭ پۇرسەت يارىتىپ بېرىشى بىلەن ئوينىلىۋاتقان بىر ئالدامچىلىق ئويۇنىنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلدىم›...، ‹ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي مائارىپ نەشرىياتى نۇرغۇن زىيالىيلارنى يىغىپ، بۇ ‹تۆھپىكار› نىڭ ئالتۇن مېدالىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىگەنلىك خەۋىرى تارقالدى. بۇنى ئاڭلاپ، مۇشۇ دەۋردىمۇ نومۇسسىزلارچە

قىلىنىۋاتقان ئالدامچىلىقنىڭ 〈تۆھپە〉 دەپ قارىلىپ، نەپرەتلىنىشنىڭ ئورنىغا داغدۇغىلىق تەبرىكلىنىۋاتقانلىقىنى زادىلا قوبۇل قىلالمىدىم» دەپ يازىدۇ. غەنىزات «قوبۇل قىلالمىغانلىقى» بىلەن بۇ رېئال ھەقىقەتنى يوققا چىقىرالامدۇ؟ غەنىزات بۇ يەردە ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان بۇ پاكىتنى ئىنكار قىلىش قەستىدە: «ئۇ نومۇسسىزلارچە ئالدامچىلىق»، «ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنمەي تەبرىكلەۋاتىدۇ» دەپ، بۇ مۆۋەپپەقىيەتنى تەبرىكلىگۈچى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى قاتارلىق ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋەتلىك ئورگانلىرىغا، رەھبىرىي خادىملارغا ۋە سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە»نىڭ «دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى»نى تەبرىكلىگۈچى ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرگە، نەشرىيات خادىملىرىغا، رادىئو - تېلېۋىزىيە خادىملىرىغا ئوچۇق - ئاشكارا ھۇجۇم قىلدى. بۇ ئۇلارغا قىلىنغان ھاقارەت ئەمەسمۇ؟

غەنىزات غەيۇرانى ئۆزىنىڭ «مۇلاھىزە» سىدە يەنە مېنى تەييار ئېلىپبەگە رەڭ بەرگەن «رەڭچى» دەپ، داۋراڭ سالدى.

جانابىي غەنىزات ئەپەندىم! بۇ يەردە سىزدىن شۇنى سوراپ باقاي، سىز دەۋاتقان «تەييار ئېلىپبە» زادى قايسى ئېلىپبە؟ ئۇ «تەييار ئېلىپبە» سىزنىڭ 1953 - يىلى تۈزگەن ئېلىپبە-يىڭىزمۇ ياكى باشقا بىر «ئېلىپبە» دەرسلىكىمۇ؟ سىز «ئالتۇن مۇكاپات»قا ئېرىشكەن «رەڭلىك ئېلىپبە»نىڭ شۇ سىز دەۋاتقان 〈تەييار ئېلىپبە〉 دەرسلىكىگە رەڭ بەگەنلىكىدەك ئاددىي بىر ئىش» ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشكە جۈرئەت قىلالامسىز؟ ئۇنى ئىسپاتلىغۇدەك پاكىتىڭىز بارمۇ؟ ئازادلىقتىن بۇيان (جۈملىدىن 1953 - يىلدىن بۇيان) ئۇلۇغ پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە بارلىق ساھەلەردە، جۈملىدىن شىنجاڭ مائارىپى، نەشرىياتچىلىقى، دەرسلىك قۇرۇلۇشى ساھەسىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش، يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدىكى 200 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت نەشرىيات خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئىشلىشى ئارقىلىق نەشرىياتچىلىق، دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تۈزۈپ نەشر قىلىش، جۈملىدىن «ئېلىپبە» دەرسلىكىنى تۈزۈپ نەشر قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ زور ئۆزگىرىش، زور يېڭىلىق ۋە زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. سىز بۇ جەھەتتىكى يېڭىلىق ۋە تەرەققىياتلارنى ئىنكار قىلالامسىز؟ جۈملىدىن يېرىم ئەسىردىن بۇيان «ئېلىپبە» دەرسلىكىدىمۇ يىلدىن يىلغا خېلى كۆپ ئۆزگىرىش، يېڭىلىق ۋە ئىجادىي تەرەققىياتلار بارلىققا كەلگەن تۇرسا، قانداقمۇ 1997 - يىلىدىكى «رەڭلىك ئېلىپبە» 1953 - يىلدىن 1955 - يىلغىچە نەشر قىلىنغان «تەييار ئېلىپبە»گە رەڭ بەرگەن «رەڭچى»نىڭ مەھسۇلى بولسۇن؟! سىز بۇ مەسىلە ھەققىدە «رەڭچى»لىك قىلدى، دەپ قۇرۇق گەپ ساتماي، پاكىت كۆرسىتىپ، داۋالى سۆزلىسىڭىز بولمامدۇ؟ سىز ھەقىقىي ئادەم بولسىڭىز، ئەمەلىيەتكە، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشىڭىز كېرەك.

## 10. «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكى ھەققىدە مەملىكىتىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىنكاسلار

ئابدۇسالام توختى تۈزۈپ، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكىگە «دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپات» بېرىلگەندىن كېيىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللار، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بۇ ھەقتە كۆپلىگەن خەۋەرلەرنى تارقاتتى ۋە

كۆپلىگەن ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىن تېپىك قىلىپ «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى» نىڭ 2000 - يىللىق 5 - دېكابىر سانىغا بېسىلغان تۆۋەندىكى باياننى كەلتۈرۈپ ئۆتىمەن. مەزكۇر گېزىتنىڭ شۇ سانىدا، ئەينى چاغدىكى يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ سۆزلىرى ئومۇملاشتۇرۇلۇپ: «بۇ 〈رەڭلىك ئېلىپبە〉 يۇقىرى سۈپەتلىك، ئاممىباب، يۇقىرى ئۆلچەملىك، چۈشىنىشلىك بولۇپ، بالىلار پسىخولوگىيىسى، فىزىئولوگىيىسى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان، ھەر جەھەتتىن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ئېلىپبە، ئۇ ئىلىم - پەننىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى» دەپ يۇقىرى باھا بېرىلگەن. ئىچكىرى ئۆلكە ۋە چەت ئەللەردىكى گېزىت، ژۇرنال، لۇغەت ۋە قامۇسلاردىمۇ ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ «دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىقى» ۋە ئابدۇسالام توختىغا پەخرى دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانى ۋە «دۇنيادىكى مەشھۇر كىشىلەر تۆھپىكارلىرى ئالتۇن مېدالى» بېرىلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ مائارىپ، نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ تونۇشتۇرۇشقا ئائىت ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. مەسىلەن:

1. «جۇڭگونىڭ بۈگۈنكى زامان ئالىي كەسپىي - تېخنىكا تالانت ئىگىلىرى قامۇسى» نىڭ 398 - بېتىدە؛ 2. «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان مەشھۇر تەھرىرلىرى ۋە مۇخبىرلىرى مەخسۇس لۇغىتى» نىڭ 460 - بېتىدە؛ 3. «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى لۇغىتى» دە؛ 4. «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى» لۇغىتىنىڭ 1 - بېتىدە؛ 5. مەرھۇم سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ باش مەسلىھەتچىلىكى بىلەن نەشر قىلىنغان «جۇڭگو بۈگۈنكى زامان سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر كىشىلەر خاتىرىسى» نىڭ 904 - بېتىدە؛ 6. «خۇاشىيا ئەزىمەتلىرى لۇغىتى» نىڭ 507 - بېتىدە؛ 7. «دۇنيادىكى مەشھۇر كىشىلەر لۇغىتى» 2 - تومىنىڭ 448 - بېتىدە؛ 8. يولداش ماۋزېدۇڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ 110 يىللىقى خاتىرىلەنگەن «سەنئەتلىك نادىر ئەسەرلەر توپلىمى» نىڭ 377 - بېتىدە؛ 9. قازاقىستاندا چىقىدىغان ئۇيغۇرچە «يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 2002 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مۇستەقىللىقىنىڭ 10 يىللىقىغا بېغىشلاپ چىقارغان سانىدىكى «ئالىمنىڭ ئۇتۇقى خەلقئارا مەيداندا ئېتىراپ قىلىندى» ناملىق ماۋزۇ بىلەن ئېلان قىلىنغان ماقالىدە ۋە باشقا گېزىت - ژۇرناللاردا كەمىنە ئابدۇسالام توختىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى نۇقتىلىق ھالدا تونۇشتۇرۇلدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان پولاتتەك پاكىتلارنى غەنىزات غەيۇرانى قانداقمۇ ئىنكار قىلالىسۇن؟!

## 11. «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكىنىڭ تىراژى توغرىسىدا

ئۇزاق يىللىق تارىختىن بۇيان تۈزۈپ نەشر قىلىنغان «ئېلىپبە» لەر بولسۇن ۋە مەيلى 1953 - يىلى غەنىزات مەن تۈزدۈم، دېگەن «ئېلىپبە» بولسۇن، ئەينى يىللاردا ئىشلىتىلىپ، بەلگىلىك تىراژدا بېسىلىپ، تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرغان. بۇنى مەن ھېچقاچان ئىنكار قىلغىنىم يوق. ئۇ ئېلىپبەلەرنىڭ ئەينى يىللاردا قانچىلىك تىراژدا بېسىلغانلىقىمۇ ماڭا نامەلۇم. ھەتتا مەن غەنىزات تۈزگەن «ئېلىپبە» نى ھازىرغىچە كۆرۈپمۇ باققىنىم يوق. بۇ يەردە غەنىزات «مۇلاھىزە» سىنى كەينىگە ياندۇرۇپ، 1953 - يىلى ئۆزى تۈزگەن «ئېلىپبە» ھەققىدە گەپ ئاچماي، 1990 - يىللاردا نەشر قىلىنغان «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ تىراژى ئۈستىدە توختىلىشى لازىم ئىدى. شۇڭا مەن بۇ يەردە «رەڭلىك ئېلىپبە» نىڭ تىراژى ھەققىدىكى ھەقىقىي ئەھۋالىنى جامائەتچىلىككە مەلۇم قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، نەشرىيات بىرەر كىتابنى

نەشر قىلىشتا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىمۇ كۆزدە تۇتىدۇ. نەشرىياتچىلىقتا ھەر ئىككىلا جەھەتتىكى ئۈنۈمگە سەل قارىغىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان بارلىق دەرسلىك لەرنىڭ تىراژىنى ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى بەرگەن. دەرسلىك كىتابلار ۋە باشقا كىتابلار ئەنە شۇ شىنخۇا كىتابخانىسى بەرگەن تىراژ سانىغا ۋە مائارىپ مىنىستىرلىقى بېكىتكەن مەكتەپلەرگە «دەرس باشلىنىشتىن ئىلگىرى كىتابلارنى يەتكۈزۈش، ئادەم بېشىغا بىر نۇسخىدىن كىتاب بولۇش» (课前到手，人手一册) دېگەن بەلگىلىمىگە ئاساسەن مائارىپ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ۋە تارقىتىلغان. ھەرقانداق بىر كىتابنىڭ ئالدى بىلەن تىراژ سانىنى بېكىتمەي تۇرۇپ، قارا - قويۇق ھالدا نەشر قىلىش ۋە تارقىتىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلالمايدۇ.

ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» ھەر يىلى ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسىنىڭ شىنجاڭدىكى بارلىق باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن توپلىغان تىراژ سانىغا ئاساسەن بېسىلغان. تۆۋەندە ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» 1984 - يىلى نەشر قىلىنغاندىن باشلاپ، ھەر يىلى قانچە نۇسخىدىن (تىراژدىن) بېسىلغانلىقىغا ئائىت سانلىق مەلۇماتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن. 1984 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكىنىڭ قولۇمدا ساقلانغان نۇسخىلىرىدىكى ھەر يىللىق تىراژى تۆۋەندىكىچە:

1. 1984 - يىل (1 - نەشرى) نۇسخىسىنىڭ تىراژى 100 مىڭ (16 فورمات).

2. 1985 - يىلدىن 1988 - يىلغىچە نەشرى (نۇسخىسى) نىڭ تىراژى 120 مىڭدىن 248 مىڭغىچە.

3. 1991 - يىلى 6 - ئايدىن 2001 - يىلى 6 - ئايغىچە 100 مىڭدىن 300 مىڭغىچە (خەلقئارا چوڭ 32 فورمات).

4. 1996 - يىلى 340 مىڭ تىراژدا بېسىلغان (خەلقئارا چوڭ 32 فورمات).

5. 1997 - يىلى 330476 نۇسخا (تىراژ) دا بېسىلغان (خەلقئارا چوڭ 32 فورمات).

6. 2001- يىلى (بىرلەشكە دۆلەتلەر تەشكىلاتى باللار فوندى جەمئىيىتى بىلەن ئاۋستىرالىيە خەلقئارا تەرەققىيات مەھكىمىسى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلىپ باستۇرغان) تىراژى 130 مىڭ نۇسخا.

7. 2002 - يىلى يەنە شۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى ئورۇن ياردەم قىلىپ باستۇرغان «رەڭلىك ئېلىپبە» تىراژى 130 مىڭ نۇسخا. ئىككى يىلدا جەمئىي 260 مىڭ نۇسخا نەشر قىلىنغان.

**قوشۇمچە:** 1956 - يىلى مائارىپ نەشرىياتى قۇرۇلغاندىن كېيىن نەشر قىلىنغان «ئېلىپبە» لەرنىڭ تىراژى تۆۋەندىكىچە:

1. 1956 -، 1957 - يىلدىن 1959 - يىلغىچە 80 مىڭدىن 160 مىڭغىچە (رەڭسىز).

2. 1959 - يىللىق نەشرى 160 مىڭ تىراژى نۇسخا (رەڭسىز).

يېڭى يېزىقتا ئىشلەنگەن «بىر قىسىم ئېلىپبە» لەرنىڭ تىراژى تۆۋەندىكىچە:

1. 1980 - يىلى نەشر قىلىنغان يېڭى يېزىق «ئېلىپبە» دەرسلىكىنىڭ تىراژى 184 مىڭ نۇسخا (رەڭسىز).

2. 1982 - يىلى نەشر قىلىنغان «يېڭى ئېلىپبە» دەرسلىكى تىراژى 150 مىڭ نۇسخا (رەڭسىز).

(قالغان «ئېلىپبە» لەرنىڭ نۇسخىسى قولۇمدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، قانچىلىك تىراژدا بېسىلغانلىقىنى يېزىش ئىمكانىيىتى بولمىدى)

يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار ھەربىر كىتابنىڭ نەشر ھوقۇقىدىكى تىراژ سانىغا ئاسا. سەن يېزىلدى. ئېلىپبەنىڭ ھەر يىلدا قانچىلىك تىراژدا بېسىلغانلىقىنى ۋە ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېسابتا قانچىلىك تىراژدا بېسىلغانلىقىنى ۋە 1957 ـ يىلدىن 1997 ـ يىلغىچە بولغان 40 يىلدا قانچە مىليون نۇسخا بېسىلغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقىرىشتا غەنىزات ئەپەندى خاتالاشقان. غەنىزات «ئاز بولغاندا 150 مىڭ، كۆپ بولغاندا 340 مىڭ تىراژدا بېسىلغان» دېگەن جۈملىدىكى ئەڭ كۆپ سان 340 مىڭنى ئوتتۇرا سان قىلىپ، ئۇنى 44 يىلغا كۆپەيتىپ، ئۇنىڭ 14 مىليون 960 مىڭ بولىدۇ، دەپ ھېسابلىغان. غەنىزات ئەپەندى بۇ سانلىق پاكىتلارنىڭ ئالدىدا ئەمدى نېمە دېيەلەيدىكىن؟!

## 12. «شان ـ شەرەپ ۋە تۆھپە» توغرىسىدا

ھەممىگە مەلۇمكى، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكى، خەلقىمىزنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىقى، جاپالىق ئەمگىكى ۋە تەتقىقاتى ئارقىلىق ئازادلىقتىن كېيىن مەملىكىتىمىز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پەرزەنتلىرى ئىچىدىن ھەرقايسى ساھەلەردە زور نەتىجىلەرنى ياراتقان نۇرغۇن «شەرەپ قۇچقان تۆھپىكار» لار بارلىققا كەلدى. مەسىلەن، مەشھۇر سەنئەتكارلىرىمىزدىن زىكرى ئەلپەتتا، ھۈسەنجان جامى، مۇساجان روزى، پاشا ئىشان، پاتەم قۇربان، غىياسىددىن بارات، ئابلىز شاكىر، ھېيتەم ھۈسەيىن، دىلنار ئابدۇللا، ئوسمان ئەمەت؛ مەشھۇر رەسسام، خەتتاتلىرىمىزدىن غازى ئەھمەد، ھوشۇر ئېلى، نىياز كېرىم شەرقىي؛ ئالىملىرىمىزدىن كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان جەمائەت ئەربابى ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن، ئاتاقلىق ئەدەبىياتشۇناس مەرھۇم شەرىپىدىن ئۆمەر، ئاتاقلىق تىلشۇناس مىرسۇلتان ئوسمانوف، ئاتاقلىق تەرجىمشۇناس، لۇغەتشۇناس توختى باقى ئارتىشى، مەشھۇر تىلشۇناس، پروفېسسور خەمىت تۆمۈر، پروفېسسور مەرھۇم ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، پروفېسسور ھوشۇر ئىسلام قاتارىق كىشىلەر؛ شائىر ـ ئەدىبلىرىمىزدىن زۇنۇن قادىر، تېيىپجان ئېلىيوف، مەرھۇم ئابدۇرېھىم تىلەشوف ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر، ئابدۇللا تالىپ، تالانتلىق شائىرىمىز-دىن رەخىم قاسىم، بۇغدا ئابدۇللا، تالانتلىق ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى مەمەت پولات، تالانتلىق تەتقىقاتچى قاۋسىلقان قامجان، تالانتلىق يازغۇچى ئابلىز ھوشۇر ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان پىشقەدەم، ئوتتۇرا ياش ۋە ياش «شەرەپ قۇچقان تۆھپىكار» لار بارلىققا كەلدى. بولۇپمۇ، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ ياشلىرىمىز ئىچىدىن دوكتور ئاشتى زەپەر ئابلىز، دوكتور خالمۇرات غوپۇر، تەتقىقاتچى، پروفېسسور ئازات رەھمىتۇللا سۇلتان، دوكتور ئەسئەت سۇلايمان ئۇيغار، راھىلە داۋۇت ئەلچىن، ئابلىز مەمتىلى ئورخۇن، غەنىزات مىسالغا ئالغان دوكتور ساھىبجامال دۆلەت خانىم، دوكتۇر رەنا قاسىم، دوكتور ئادالەت ئەخمەتجان قاسىمى، ئاتاقلىق بوكس شاھى ئابدۇشۇكۇر ۋە يەنە بۇنىدىن باشقا نۇرغۇنلىغان تالانت ئىگىلىرى بارلىققا كەلدى. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى «شەرەپ قۇچقان تۆھپىكار» لاردۇر. بۇ تۆھپىكارلارغا قاراپ ھەممىمىز چەكسىز خۇشاللىق ۋە پەخىرلىنىش ھېس قىلماقتىمىز. ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ ۋەتىنىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ، مىللىتىمىزنىڭ پەخرى، ئۈمىدى، شان ـ شەرىپى ۋە ئىقبال يۇلتۇزى. مەن ئۇلارغا قايىل، ئۇلارنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن ئۆزلىرنى ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشكە بېغىشلاپ، يېڭىلىق يارىتىش روھىدىن مەڭگۈ ئۆگىنىمەن. مەن ئۆزۈمنى ئۇلارغا سېلىشتۇرغىنىمدا نەتىجىلىرىمنىڭ ئازلىقىنى ھېس قىلىمەن ۋە بەكمۇ خىجىل بولى-مەن. مەن مېنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن پارتىيە ۋە خەلقىم ئۈچۈن يەنىلا كۆپلەپ قەرزدار

ئادەممەن. ئەسلىدە بۇ ئالتۇن مۇكاپاتنى مەندىنمۇ ئارتۇق تۆھپىسى بار كىشىلەرگە بەرگەن بولسا، مەن تېخىمۇ خۇشال بولغان بولاتتىم. لېكىن دۇنيادىكى تۆت ئىلمىي تەشكىلات ۋە ئىلمىي خادىملار مېنىڭ ئۇيغۇرچە «رەقەملىك ئېلېكتىرونىكا» دەرسلىكى ناملىق كىتابىمغا «دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپات بەردى.» شۇڭا مەن باھالىغۇچىلارغا كۆپتىن كۆپ تەشەككۈر بىلدۈرىمەن. چۈنكى بۇ ئىش ماڭا زور ئىلھام، خۇشاللىق ۋە شان - شەرەپ ئاتا قىلدى. لېكىن شۇنى تەكىتلەپ ئۆتىمەنكى، بۇ مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، گەرچە زور خۇشاللىق بولسىمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن چوڭ ئىش دەپ مەغرۇرلىنىپ، كۆرەڭلەپ كەتسەم ھەرگىز بولمايدۇ. لېكىن كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ بۇنى چوڭ ئىش دەپ ھېسابلاپ، بۇنىڭغا ئالقىش ياڭراتقانلىقى، ئۇنىڭغا بۇ ئۇيغۇر مائارىپى ۋە نەشرىياتچىلىقىنىڭ دۇنياۋى ئىلىم - پەن ئەسەرلىرىنى باھالاش مەيدانىدا ئېرىشكەن بۇ چوڭ نەتىجىسى، دەپ قاراپ، تەنتەنە قىلغانلىقىنىڭ ئۆزىمۇ مەن ئۈچۈن چوڭ شان - شەرەپتۇر.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۆزىنى بەكمۇ بىلىمدان چاغلايدىغان غەنىزات تالانتلىق تەتقىقاتچى يولداش قاۋسىلقانغا «مۇلاھىزە» سىدە: «قارىغاندا ئاپتور (شەرەپ)، (تۆھپە)، (تۆھپىكار) دېگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى مۇتلەق چۈشەنمەيدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ» دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ تىلشۇناس «شەرەپ» «تۆھپە»، «تۆھپىكار» سۆزلىرىنىڭ لۇغەت مەنىسىنى چۈشەندۈرۈشكە چامى يەتمەي، پەقەت ئىككى نەپەر دوكتور قىزنىڭ تۆھپىلىرىنى كېيىنتىلەردىن كۆچۈرۈپ يېزىپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلىدۇ، ئەجەبا، «شەرەپ، تۆھپە» سۆزلىرى ئۈچۈن كەلتۈرۈلگەن مىسال ئۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرگەنلىك بولامدۇ؟!

جانابىي غەنىزات غەيۇرانى ئەپەندىم! يولداش قاۋسىلقان گەرچە قازاق مىللىتىدىن بولسىمۇ، ھەم قازاق تىلى ھەم ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق بىلىدىغان، ھەم قازاق ئەدەبىياتىنىڭ ھەم ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تالانتلىق ۋە تۆھپىكار تەتقىقاتچىسى. ئۇ سىزدەك خېلى - خېلى ئادەملەرگە مول بىلىم بېرەلەيدىغان ئەقىل - پاراسەتلىك ئۇستازدۇر.

ئۇنداقتا «شان - شەرەپ»، «تۆھپە»، «تۆھپىكار» دېگەن سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى نېمە؟ غەنىزات ئەپەندىم، مېنىڭ تۆۋەندىكى چۈشەندۈرۈشۇمنى ئاڭلاپ بېقىڭ:

1. شان — ياخشى ئىشلارنى قىلىپ ئېرىشكەن ھۆرمەت، شەرەپ، ئابروي، شەۋكەت؛ نام، داڭق، شۆھرەت؛

2. شان - شەرەپ — شان ۋە شەرەپ، پەخىر ۋە ئىپتىخار، ئاتاق - ئابروي؛ ئەدەپلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك بولۇش — پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، شان - شەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان زور ئىش؛

3. تۆھپە — ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن كۆرسەتكەن، ماختاشقا لايىق، پەخىرلىنەرلىك ئىش؛ سىڭدۈرگەن ئەجىر، خىزمەت ۋە شۇ خىزمەتتە كۆرۈلگەن نەتىجە. مەسىلەن: ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن قوشقان تۆھپە دېگەندەك؛

4. تۆھپىكار — مەلۇم بىر ئىش ياكى كەسىپكە تۆھپە قوشقان كىشى، تۆھپە ياراتقۇچى كىشى.

غەنىزات ئەپەندىم، سىزگە يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويايكى، شەرەپ (شان - شەرەپ) ھەرگىزمۇ شەرەپسىز قوغلىشىپ، ئىزدەپ يۈرگەن كىشىلەرگە، شەرەپ تەمەگەرلىرىگە بېرىلمەيدۇ، شەرەپ دەۋاگەرلىرىگە تېخىمۇ بېرىلمەيدۇ. لېكىن ئۇ سەممىمىي - ساداقەت بىلەن ئومۇمنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن ئۈن - تىنسىز تىرىشىپ، جاپالىق ئىشلەيدىغان، ئۆزىنى كۆرسىتىشنى ھەرگىز خالىمايدىغان كىشىلەرگە مەنسۇپ.

## 13. خاتىمە

جانابىي غەنىزات غەيۇرانى ئەپەندىم! سىز بىلەن مەن گەرچە سىرداش ئادەملەر بولمىساقمۇ، لېكىن بىر - بىرىمىزنى بىلمەيدىغان، زادىلا چۈشەنمەيدىغان ئادەملەر ئەمەس ئىدۇق. 1950 - يىللاردىن تارتىپ 2000 - يىللارغىچە يوللاردا، يىغىنلاردا ۋە توي - تۆكۈنلەردە ئۇچرىشىپ قالساق، بىر - بىرىمىزگە ئوچۇق چىراي سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ تۇراتتۇق. مېنىڭچە، ئوتتۇرىمىزدا تىلغا ئالغۇدەك بىرەر زىددىيەتمۇ يوق ئىدى. شەخسەن مەن سىزگە بۇ خېلى سەۋىيىسى بار ئادەم، خېلى تۈزۈك ئادەم دەپ قاراپ كەلگەن. سىزنى خېلى تۆھپىسى بار ئىلمىي خادىم، پېشقەدەم شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى، دەپ قارايتتىم، سىزنى ھۆرمەت قىلاتتىم. سىزگىمۇ «بۇ ئادەم ماڭا ھۆرمەت قىلىدۇ» دەپ قاراپ كەلگەنىدىم. لېكىن سىز ئۇيغۇرچە «رەڭلىك ئېلىپبە» دەرسلىكىگە «دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپات بېرىلگەنلىك» خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بارلىق پاكىتلارنى كۆرسىڭىزمۇ كۆرمەسكە، ئاڭلىسىڭىزمۇ ئاڭلىماسقا سېلىپ، «رەڭلىك ئېلىپبە»گە «دۇنيا ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن ئالتۇن مۇكاپات بېرىلگەنلىكى»نى تامامەن ئىنكار قىلىپ، ئۇنى بىر ئالدامچىلىق دەپ قارىدىڭىز. سىز بۇ قىلمىشلىرىڭىزنىڭ ئاخىر نېمىگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقىنى ئويلىشىپ باقتىڭىزمۇ؟

جانابىي غەنىزات غەيۇرانى ئەپەندىم! بىلىپ قويۇڭكى، پىتنە - پاسات بىلەن پاكىتنى، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا مېنىڭچە، سىز ئەڭ ياخشىسى، بۇ خاتالىقىڭىزنى ئىقرار قىلىڭ ۋە باشقا ئېغىر خاتالىق ۋە كەمچىلىكلىرىڭىزنى چوڭقۇر تونۇپ، مەندىن ۋە بارلىق ھاقارەتلەنگۈچىلەردىن مەتبۇئات يۈزىدە كەچۈرۈم سوراڭ.

بۈگۈنكى 20 - ئەسىر كىشىلىرى بەكمۇ ھوشيار، بەكمۇ ئەقىللىق، ئۇلار ئەمەلىيەتكە، پاكىتقا، ھەقىقەتكە ئىشىنىدۇ. چۈنكى ھەقىقەتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى — ئەمەلىيەت ۋە پاكىت. پاكىت، مۇنازىرە ۋە «مۇلاھىزە» دىن ئۈستۈن. پاكىت دېگەنلىك ھەقىقەت دېگەنلىكتۇر. ھەقىقەت دۇنيانى ئىجازەتسىز كېزىدۇ. پەرەز، مۇلاھىزە، مۇھاكىمە دېگەنلەر پاكىت ئەمەس، ئۇنى قانۇن ئېتىراپ قىلمايدۇ. قانۇن پەقەت پاكىتنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ.

غەنىزات ئەپەندى، ئاخىرىدا سىزگە «پىتنە - پاسات تارقىتىپ ئاۋارە بولماي، خەلقىمىزگە ياقىدىغان بەزى ياخشى شېئىرلارنى ۋە ئىلمىي ماقالىلەرنى يېزىشقا ئاز - تولا كۈچ ئاجرىتىپ، ئاخىرقى ئۆمرىڭىزنى مەنىلىك ۋە خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىڭ» دېگەن تەكلىپنى بېرىمەن.

خەير - خوش، غەنىزات غەيۇرانى ئەپەندىم.

(ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا، ئالىي مۇھەررىر، پەخرى دوكتور)

# دوست ـ دوستنىڭ ئەينىكى

نەجىبە ئەمىن

بسم اللەالرحمن الرحيم

كىشىلىك تۇرمۇشتا ھەرخىل زۆرۈرىيەتلەر سەۋەبىدىن ھەرخىل سالاھىيەتتىكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداقلا يەنە زۆرۈرىيەتسىز بولسىمۇ مىجەز ـ خۇلق شەكلەن ماس كېلىپ قېلىش، بىرەر مەسىلىگە قارىتا قارىشى ئوخشاپ قېلىش، ياكى بىر ـ بىرىگە قىزىقىپ قېلىش ۋە ياكى دوستۇمنىڭ دوستى بولۇپ ئارىلىشىپ دوستلىشىپ قېلىشتەك ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇردە ئىبنى ئەبى مۇسا ئۆزىنىڭ ئاتىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: ياخشى ھەمراھ خۇددى ئىپار ساتقۇچىغا ئوخشايدۇ. ئىپار ساتقۇچىنىڭ ياكى ئىپارىدىن سېتىۋالسەن ياكى ئىپارىنىڭ خۇشبۇيىدىن پۇرايسەن. تۆمۈرچىنىڭ كۆيۈكى بولسا، بەدىنىڭ ـ نى ياكى كىيىمىڭنى كۆيدۈرىدۇ ياكى ئۇنىڭ سېسىق پۇرىقى بۇرنۇڭغا كىرىدۇ. («سەھىھۇل ـ بۇخارى»، 108 ـ بەت)

كىشىلىك دۇنياسى ئادەملەر بىلەن تولغان. ھاياتتا بولغان مۇھەببەت، كىشىلىك تۇر ـ مۇشتا بولغان قىزغىنلىق ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنى بىر ـ بىرىگە باغلايدىغان دوستلاشتۇرىدى ـ غان تۈرتكىلىك كۈچ. رەسۇلۇللاھ ھەدىستە مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىن — چىقىشىپ دوست بولۇپ ئۆتكۈچىدۇر، چىقىشىپ، دوستلىشىپ ئۆتمىگەن كىشىدە ياخشىلىق يوق» (ئىمام ئەھمەد، ئىمام تىبرانى، ئىمام ھاكىم توپلىغان). دەرۋەقە كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ دوستلىشىپ ئۆتۈش ئىنتايىن ياخشى ئىش. ھايات سەپىرىدە دىيانەتلىك، ئېتىقادلىق، پەزى ـ لەتلىك، ۋاپادار دوستلار بىلەن بىللە بولۇش تېخىمۇ خۇشاللىنارلىق ئىش. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «پاك، بۈيۈك ئاللاھ بىرەر بەندىسىنى دوست تۇتسا جىبرىئىلغا: ئاللاھ پالانى كىشىنى دوست تۇتتى، سەنمۇ ئۇنى دوست تۇتقىن دەيدۇ. ئاندىن جىبرىئىل ئاسماندىكىلەرگە: ئاللاھ پالانى ئادەمنى دوست تۇتتى. سىلەرمۇ ئۇنى دوست تۇتۇڭلار دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئاسماندىكىلەرمۇ دوست تۇتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى زېمىندىكىلەرمۇ دوست تۇتىدۇ.» («ھەدىس ـ شەرىفتىن ئۇنچە ـ مارجانلار»، 637 ـ بەت) دېمەك، يۇقىرىقى ھەسىلەردىن مۇئمىنلەر ئارىسىدىكى قېرىنداش ـ لىق، دوستلۇق رىشتىنىڭ ئاسمان ۋە زېمىن ئارىسىدا قانچىلىك پۇختا باغلىنىشقا، قانچى ـ لىك كاتتا دەرىجىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئېتىقادى، بىلىم قۇرۇلمىسى، تەربىيىلىنىش ئەھۋالى، مەقسەت ـ مۇددىئالىرى، مىجەز ـ خۇلقى، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، ئىجتىمائىي دائىرىسى، مەسىلىلەرگە ۋە شەيئىلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئوخشاش بولمىغاند ـ لىقتىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت جەريانىدا كىشىلەر ئارىسىدا ئوخشاش بولمىغان پىكىر ئىختى ـ لاپلىرىنىڭ بولۇشى ۋە بۇ جەرياندا شەكىللەنگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى مۇقەررەر.

ئالاقە دائىرىمىز كېڭەيگەن، ئېھتىياج ھەر خىللاشقان مۇشۇنداق مۇرەككەپ ھاياتىي دۇنيادا كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا يېقىنلىق، بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدىن باشقا يەنە كەسپىي ۋە

ئىجتىمائىي جەھەتتىكى رىقابەتلىرىمۇ كۆنسېرى چوڭقۇرلاشماقتا. رىقابەت بەيگىسىدىكى كى-
شىلەر، ھەرخىل تاللاشلار ئارا بىردە بۇ ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، بىردە ئۇ ئىش بىلەن
مەشغۇل بولۇپ، بىردە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە باغلاپ، بىردە بۇنىڭ بىلەن دوستلىشىپ ھاياتلىق
چەمبىرىكىدە توختىماي ئايلانماقتا. تۆۋەندە ھاياتلىق چەمبىرىكىدە پاسسىپ رول ئويناۋاتقان
بىر نەچچە تۈرلۈك كىشىلەرگە نەزەر سېلىپ باقايلى: رىقابەتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشەن-
مىگەن بەزى كىشىلەر رىقابەتتىن ئىبارەت بۇ «دەستەك» تىن پايدىلىنىپ باشقىلارغا زىيان
سېلىش ھېسابىغا ئۆزى پايدا ئېلىشتەك ئىنسانىي خىسلەتتىن خالىي ھالدىكى «ئۆتۈق» تىن
بەھرىمەن بولۇشماقتا. بەزىلەر دۇنيا بايلىرى ئالدىدا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق ئانچىكىم
روزىغارلىرى ئۈستىدە توختىماي ماختىنىپ تەكەببۇرلۇق قىلىشسا، بەزىلەر ھالال ـ ھارام-
نىڭ پەرقىگە باقماي يىغقان پۇل ـ پۇچەكلىرىدىن ماختىنىپ، پېقىر ـ مىسكىنلەرگە
ھومىيىشىپ يۈرۈشمەكتە. يەنە بەزىلەر ئۆي ـ بىسات، كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەتتىن
ئىبارەت ماددىنىڭ قۇللىرىغا ئايلىنىپ، ئىنسانىي غۇرۇر، مىللىي ئەخلاق ۋە مۇقەددەس
ئەنئەنىلەرگە پىسەنت قىلماي، رىقابەت جەريانىدا بىردە مەۋھۇم خۇشلۇقتىن شادلىنىپ قىن ـ
قىنىغا پېتىشماي غۇجمەكلىشىپ، بىردە ھەسرەتلىك پىغانلىرىنى يوشۇرالماي ئاھ ئۇرۇشۇپ
يۈرۈشمەكتە. يەنە بەزىلەر باركى، خۇددى لىۋىيە رەھبىرى كازافى ئېيتقاندەك، قىممەتلىك
ۋاقىتلىرىنى «باشقىلار بىلەن ئاتالمىش دوستلۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىشتەك بىھۇدە ئىشلارغا
سەرپ قىلىشقا مەجبۇر بولىشىدۇ.» جەمئىيەتتىكى مۇشۇنداق ئاتالمىش دوستلۇق مۇناسىۋەت-
لىرى جەريانىدا بەزى كىشىلەر بىر ـ بىرىنى گەپتە چېقىپ، بىر ـ بىرىنىڭ سىر ئەسرارلى-
رىنى ئاشكارىلاپ، تۆگمىدەك ئىشلارنى تۆگىدەك يوغىنىتىپ، بىشەملىك قىلىشىپ، قوپال،
ئوسال مىجەزلىرى بىلەن بىر ـ بىرىگە ھۆرپىيىپ تەلۋىلىك قىلىشماقتا. يەنە شۇنداق
كىشىلەرمۇ باركى، باشقىلارغا بۆھتان چاپلاش، غەيۋەتخورلۇق قىلىش، پىتنە ـ پاسات
تارقىتىش، باشقىلارنىڭ شەخسىيىتىگە تاجاۋۇز قىلىشنى ئۆز كەسپى دائىرىسىدىكى ئىش
قاتارىدا ساناشماقتا. دېمەك مۇشۇنداق كىشىنى بىزار قىلىدىغان ناتوغرا ئىللەتلەرنىڭ ھەممى-
سى دىيانەتسىز، ياخشى تەربىيە كۆرمىگەن، ماددىي مەنپەئەتكىلا بېرىلگەن شەخسىيەتچى،
روھىي دۇنياسى قۇرۇق، ئاخىرەت ئەندىشىسى يوق كىشىلەرنىڭ تەبىئىتى بولۇپ، دىيانەت-
لىك، تەقۋادار، سەمىمىي، ياخشى تەربىيىلىك مۆمىنلەرگە يات بولغان، دوستلۇق گۈلىستا-
نىنى خازان قىلىدىغان ئىللەتلەردۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى،
رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ئۇ قېرىندىشىغا خىيا-
نەت قىلمايدۇ، يالغانچىلىق قىلمايدۇ، ياردەم بەرمەي تاشلاپ قويمايدۇ. ھەرقانداق مۇسۇلما-
نىڭ يەنە بىر مۇسۇلماننىڭ ئابروينى، ماللىرىنى، قېنىنى تۆكۈشى ھارامدۇر. تەقۋالىق
مانا بۇ يەردە. ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنى ھاقارەتلەشلا بىر كىشىنىڭ يامان ئىكەنلىكىگە كۇپايە
بولىدۇ.» («رىيازۇسسالىھىن» دىن) مەن يېقىندا بىر كىشىنىڭ سىر ـ ئەسرارلىرىنىڭ
ئاشكارىلىنىشىدىن ئەندىشە قىلىپ دوستىغا تۆھمەت چاپلىغانلىقىنى، ھەتتا زەنجىرسىمان
دوستلىرى ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ، دوستلار ئارىسىنى يىراقلاشتۇرغانلىقىنى، بىرقانچە
دوستىنىڭ ھەق ـ ناھەقنى ئايرىشقا قۇربى يەتمىگەنمۇ ياكى كۆرۈنمەس بىر ئازغۇنلۇقنىڭ
ئۇلارنىڭ قەلبىدە مەۋج ئۇرۇۋاتقانلىقىدىنمۇ ياكى ئازغىنە مەنپەئەتنىڭ ئۇلارنىڭ ھەق ـ
ناھەقنى ئايرىشىغا توسۇق بولۇۋاتقانلىقىدىنمۇ بۇ مەسىلىگە قارىتا پاسسىپ پوزىتسىيىدە
بولغانلىقىنى ئەمەلىيەتتە بولسا، بۆھتان چاپلىغۇچىنىڭ مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، تەربىيە-
سىز، ئىلمۇ ـ ئېرفاندىن خەۋەرسىز، ئېنىق ياكى ئېنىقسىز ئىشلىرىدا پالچى ـ كاھىنلارغا
يۆلىنىدىغان، تۇرمۇش ئىرىكچىلىكىدە ھەرقايان يۈگۈرۈپ، جەمئىيەت تەجرىبىسى توپلاپ،
ھەر قىسىم كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ، دىتىغا ياقسا چىرمىشىپ، ياقمىسا تاشلىشىپ

يۈرگەنلىكىنى؛ پۇل، مال، ماددىي مەنپەئەتنى دىيانەت، ساپ ئېتىقاد، ئىلمۇ - ئىرفان، سەمىمىيلىك، ۋىجدان - غۇرۇردىن ئۈستۈن بىلىپ ياشاۋاتقان ئادەم ئىكەنلىكىنى؛ ئۇنىڭ يەنە نۆۋەتتە كەلسە ئەتراپىدىكى توغرا نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئۇلارغا مايىللاشقاندەك رەڭدار - رەڭسىز تونغا ئورىلىپ ئىچكى ماھىيىتىنى يېپىشقىمۇ ئۈلگۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدىم. بۇ پەقەت مەن ئۇچراتقان ۋە ئاڭلىغان ھادىسىلەرنىڭ بىر تامچىسى، خالاس. ئەگەر شۇنداق كىشىلەر ئۆز قىلمىشلىرىنى توغرا تېپىشسا ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايەتلىرىگە نېمە دەركىن؟ ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنلەرگە قىلمىغان ئىشلارنى (چاپلاپ) ئۇلارنى رەنجىتىدىغانلار بۆھتاننى ۋە روشەن گۇناھنى ئۈستىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ.» (سۈرە ئەھزاب، 58 - ئايەت). ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مۇئمىنلەر ئۈستىدە يامان سۆزلەرنىڭ تارقىلىشىنى ياقتۇرىدىغان ئادەملەر شۈبھىسىزكى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە قاتتىق ئازابقا قالىدۇ.» (سۈرە نۇر 19 - ئايەت) دەرۋەقە، كىشىلەر ئالاقە جەريانىدا كىشىلەرنىڭ دوستلۇق، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرى ھەققىدە نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلىش تەس. ئەمما بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ پەقەت ئۆز مەقسەت - مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ياكى شۆھرەتپەرەسلىك يولىدا غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىپ، ئەخلاق - پەزىلەت، دىيانەت، ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان ئادەملەرنىڭ، ھەتتا كۆڭلى ئازار يېگەن، تەكەببۇر، بىرەھىم نادانلارنىڭ ئالدىدا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، كەينىدە باشقىلارغا ھال - مۇڭ ئېيتىپ يۈرۈشكەنلىكىنى چېلىقتۇرۇش ئاسان. بۇنداق دوستلۇق ئىزھارى ئۆز غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىش بىلەن باراۋەر ئەمەسمۇ؟ يەنە كېلىپ نادانلار ھوزۇرىدىن نېمىگە ئېرىشىش مۇمكىن؟ پارس مۇتەپەككۇرى شەيخ سەئدىنىڭ ھېكمەتلىك مىسرالىرى نادانلار بىلەن بولغان دوستلۇقنىڭ يارىماس كۆرۈنۈشىنى يارقىن ھالدا يورۇتۇپ بەرگەن:

كىشى نادان بىلەن گەر بىللە بولدى،
نادان دېگەن ئاتاقنا شەرتى تولدى.
دېدىم داناغا مەن: «قىل بىر نەسىھەت»،
دېدى: «نادان بىلەن قۇرما سۆھبەت».

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قىسقا ھەم قىممەتلىك ھاياتىمىزدا ئىلىم ساھىبلىرىنى، دىيانەتلىك سالىھ كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈپ، ئۇلارنى دوست تۇتۇپ، ئۇلارنىڭ ئەخلاق پەزىلەتلىرىدىن بەھرە ئېلىپ، ھايات بېغىمىزدا خۇش پۇراق گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇپ ئۆزىمىزگە ۋە ئۆزگىلەرگە نەپ بېرىشى ئىنسانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش يولىدىكى ئېسىل نەمۇنىلەردۇر. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا بىر كىشى كېلىپ: «يا رەسۇلۇللاھ سالىھ كىشىلەرنى ياخشى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىگە يېتەلمىگەن ئادەم توغرىسىدا قانداق دەيدىلا؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ: «كىشى ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئادىمى بىلەن بىللە بولىدۇ» («رىيازۇسسالىھىن» دىن) دېدى.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىدۇكى، رەسۇلۇللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىشىنىڭ دىيانىتى ئۆزىنىڭ دوستىنىڭ دىيانىتىگە قارىتا بولىدۇ. شۇڭا سىلەر ئارىلىشىۋاتقان ئادىمىڭلارغا قاراپ ئارىلىشىڭلار». دېمەك، ئىنسان خاراكتېرىنى كۆزىتىدىغان نەرسە ئۇنىڭ دوستىدۇر. دوستۇم، ئەگەر سىز ئەتراپىڭىزدىكى بىر ئۈچۈم كىشىلەرنىڭ مەرھەمىتىگە نائىل بولالمىغان ياكى بىر تۈركۈم كىشىلەرگە ئۆزىڭىزنى ھەر قانچە يېقىن تۇتسىڭىزمۇ ئايرىلىپ قالغان، بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ ھەيرەتتە قالغان چاغلىرىڭىزدا رەسۇلۇللاھنىڭ مۇنۇ

ھەدىسىدىن ئىلھام ئېلىڭ: «كىشىلەر ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ كانىغا ئوخشاش كاندۇر. ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتىكى ياخشىلىرى ئىسلامدىمۇ ياخشى بولغانلىرىدۇر. روھلار روھى دۇنيادا تۈر - تۈرى بىلەندۇر. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدا تونۇشقانلىرى بۇ دۇنيادىمۇ ئۈلپەتلىشىپ، چىقىشىپ بىللە ئۆتىدۇ. شۇ چاغدا تونۇشمىغانلىرى بۇ دۇنيادا قارشىلىشىپ ئۆتىدۇ.» («رىيازۇسسالىھىن» دىن)

چىن دوستلۇقنىڭ ئاساسى دۇنيا مەنپەئەتىدىن خالىي ھالدىكى ئېتىقادنىڭ قوزغىشىدۇر. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «ئەرشنىڭ ئەتراپىدا نۇردىن بولغان مۇنبەرلەر بار بولۇپ، ئۇ يەردە كىيىملىرى نۇر، چىرايلىرى نۇر بولغان كىشىلەر بار. ئۇلار پەيغەمبەر ياكى شەھىدلەر ئەمەس. پەيغەمبەر ۋە شەھىدلەر ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدۇ. كىشىلەر: 〈يا رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى بىزگە سۈپەتلەپ بەرگىن〉 دېگەندە، ئۇ مۇنداق دېدى: 〈ئۇلار ئاللاھ ئۈچۈن ئۆزئارا ياخشى كۆرۈشكەن، ئاللاھ ئۈچۈن بىر يەردە ئولتۇرۇشقان، ئاللاھ ئۈچۈن بىر - بىرىنى يوقلاشقانلاردۇر〉» (نەسەئى توپلىغان). بىز پەخىرلەنگەن ھالدا شۇنداق دېيەلەيمىزكى، ئىلىم ساھىبلىرى، ئىلىم ھەۋەسكارلىرى بىلەن بىللە بولغان دەملەر نېمىدېگەن مەنىلىك ھەم ئەھمىيەتلىك ھە! ديانەتلىك، ئېتىقادلىق، پەزىلەتلىك، ۋاپادار دوستلار بىلەن بىللە بولغان دەملەر نېمىدېگەن شېرىن ھەم گۈزەل ھە! قىيىنچىلىق، زەربىلەرگە باش ئەگمەيدىغان ئۈمىدۋار دوستلارغا ھەمنەپەس بولۇش نېمە دېگەن شەرەپلىك ھە! دەرۋەقە، دوستلىرىمىز ديانەتلىك، تەقۋادار، ئىلىمگە ھەۋەسكار، ياخشى تەربىيىلىك، توغرا پىكىرلىك، گۈزەل ئەخلاقلىق، خۇراپات ۋە بىدئەتتىن خالىي دوستلاردىن بولسا ھەربىر قەدەملىرىمىز رەڭگارەڭ، خۇشپۇراق گۈللەرگە تولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، قەدەملىرىمىز ئازغۇن تىكەنلىكلەردە بولىدۇ. ھەقىقىي چىن دوستلۇق، قېرىنداشلىق شەرتلىرىدە ئۆزىمىزگە نېمىنى راۋا كۆرسەك دوستلارغىمۇ شۇنى راۋا كۆرۈشىمىز، ماددىي مەنپەئەت ئۈچۈن دوستلاردىن يۈز ئۆرۈمەسلىكىمىز، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى يۆگىشىمىز، ھۆرمەت - ئېتىبارىنى قىلىشىمىز، ياخشى تىلەكلەردە بولۇشىمىز، دۇئالاردا ياد ئېتىشىمىز كېرەك. مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كىشى ئۆز قېرىندىشىغا ئۇ يوق ۋاقتىدا دۇئا قىلسا، پەرىشتە ئۇنىڭغا: ساڭىمۇ شۇنداق بولسۇن دەيدۇ». سالىھلاردىن بىر كىشى مۇنداق دېگەن: «ئادەم ئۆلسە ئۇنىڭ ئائىلىسى ئۇنىڭدىن قالغان مىراسلارنى ئۈلىشىدۇ. ئۇ قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلاردىن پايدىلىنىدۇ. سالىھ قېرىندىشىچۇ؟ ئۇ قېرىندىشىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى، كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئەسلەپ تەنھا قايغۇغا چۆمىدۇ. كېچە - كۈندۈز تۇپراق قەۋىتى ئاستىدىكى قېرىندىشىغا دۇئا قىلىدۇ، مەغپىرەت تىلەيدۇ».

جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى رەڭگا - رەڭ ئۆزگىرىشلەرگە، رەھىمسىز شاللاشلارغا پىسەنت قىلماي، پارلاق نىشان ئۈچۈن قەيسەرانە روھ بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان دوستلار! بىز ئىدىيە ۋە ئورۇنلىما، ئەخلاق - پەزىلەت جەھەتتە ئۆزىمىز بىلەن تەڭداش كىشىلەر بىلەن دوستلىشالايمىز. بىز ھاياتىمىزنىڭ ھەربىر دەملىرىدە بىر بىرىمىزگە ديانەت، ھىدايەت، مېھىر، ياخشى ئاقىبەت تىلەش بىلەن بىللە ئۆزىمىزنى ھەر تەرەپتىن مۇكەممەللەشتۈرۈپ، گۈزەل پەزىلەتلىرىمىز ئارقىلىق ھەقىقىي دوستلۇقىمىزنى كۈچەيتەيلى، ۋاپادار دوستلىرىمىزنى كۆپەيتەيلى. چۈنكى، دوست - دوستنىڭ ئەينىكى.

(ئاپتور: ئۈرۈمچى شەھەرلىك كەسپىي ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىدە)

# ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى كەسپىي ئەخلاق

ئەنۋەر سەمەد قورغان

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ۋە ئەنئەنىۋى هۈنەر — كەسىپ رىسالىلىرى

كەسپىي ئەخلاق — ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىلىرى ئىچىدىكى، جۈملىدىن ئەخلاق ئىچىدىكى ئۆزگىچە بىر ساھە بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن بار بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي — ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئۇ كىشىلەرنىڭ كەسپىي پائالىيەتلەر داۋامىدا ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئۆزلىرىنىڭ كەسپى، ھۈنىرى، خىزمىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن باغلىنىشلىق بولغان ئەخلاق نورمىلىرى، مىزانلىرى ۋە قائىدىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەخلاق نورمىلىرى ۋە مىزانلىرى جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى كەسىپلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى، كەسىپلەر ئارىسىدىكى ھەمدە كىشىلەرنىڭ كەسپىي تۇرمۇشىدىكى ئەمگەكچى بىلەن جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرگە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۇيغۇن ھالەتتە تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

كەسپىي ئەخلاق بىلەن پۈتۈن ئەخلاق سىستېمىسىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى ئوخشاش بولۇپ، ئۇ يېگانە، رېئاللىقتىن ھالقىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ ھەرخىل ئامىللارنىڭ، جۈملىدىن جۇغراپىيىۋى شارائىت ئامىلى، ئىقتىسادىي ئامىل، سىياسىي ئامىل، مەدەنىيەت ئامىلى، دىنىي ئامىل قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان تۈزۈم ۋە ھالەتلەردىكى مىللەتلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقىدىكى نورمىلار، نىزاملار ۋە قائىدىلەرمۇ مۇناسىپ دەرىجىدە ئوخشاپ كەتمەيدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك، بىز بۇ بابتا توختالماقچى بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ئەمەلىيىتىنى مەنبە قىلغان، ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇرلار بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى - توقاي تارىخىي مۇساپە ۋە تۈرلۈك ھالەتلەرنىڭ ئوخشىماسلىقى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى باشقا مىللەتلەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقىدىن پەرقلىق خۇسۇسىيەتلەرنى ھازىرلىغان، قىزىقىش، ئۆرپ - ئادەت، پسىخىك ھالەت قاتارلىق جەھەتلەردىمۇ ئۆزگىچە مىللىي ئۇسلۇبىنى ھاسىل قىلغان.

ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن باشقا، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ياسايدىغان ساھە — ھۈنەر - كەسىپلەرگىمۇ كۆپ ئېتىبار بېرىپ، شانلىق ھۈنەر - سەنئەت تېخنىكىسىنى، نەتىجىلىرىنى ياراتتى. بۇ جەرياندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ۋە يازما ئەنئەنىسىگە مۇناسىپ ھالدا ئۆزلىرى شۇغۇللانغان ھۈنەرلەرنىڭ ئىش تەرتىپى، جەريانى، مەھسۇلاتلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىنى يېزىق بىلەن خاتىرىلەپ ھۈنەر - كەسىپلەرنىڭ قوللانمىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇلارغا يەنە ھەرقايسى ھۈنەر ۋە كەسىپلەرنىڭ رىۋايەتلىك تارىخى، مەزكۇر ھۈنەر - كەسىپلەردە رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك پەرھىزلەر ۋە ئەخلاق نىزاملىرىنى قوشۇپ، ئالاھىدە ھۈنەر -

كەسىپ قوللانمىلىرىنى روياپقا چىقاردى. بۇ ھازىر بىز كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان «ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىۋاتقان كىچىك دەستۇرلاردۇر. ئۇيغۇرلاردا ھۈنەر - كەسىپلەر ئۇلارنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى ئورنى ۋە رولىغا قاراپ يىرىك ھۈنەر ۋە مەيدە (ئىككىلەمچى) ھۈنەر دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلغان. يىرىك ھۈنەرلەر يەنە پىرلىق (ئىجاد قىلغۇچىسى بار دەپ قارىلىدىغان) ھۈنەرلەر دەپمۇ ئاتالغاندىن باشقا، بۇنداق ھۈنەر - كەسىپلەرنىڭ ئىش جەريانى، قورال - سايمىنى، رىۋايەتلىك تارىخى، ئىش ئەخلاقى ... بايان قىلىنغان بىرقەدەر مۇكەممەل رىسالىسى بار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار يەنە «رىسالىلىك ھۈنەر» دەپمۇ ئاتالغان. خەلق ئارىسىدىكى ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرى بىرقەدەر كۆپ بولۇپ، ئومۇمەن نىسبەتەن چوڭراق، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشىغا زور تەسىر كۆرسىتىدىغان ھۈنەر - كەسىپلەرنىڭ رىسالىلىرى بار بولغان. ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان ھۈنەر - كەسىپلەردىن تېرىقچىلىق (دېھقانچىلىق)، ناۋايلىق، ئاشپەزلىك، باققاللىق، قويمىچىلىق، قاسساپلىق، كېگىزچىلىك، تېرىچىلىق، جۇۋا - تۇماقچىلىق، شامچىلىق، سوپۇنچىلىق، باپكارلىق (توقۇمىچىلىق)، بوياقچىلىق، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، سودىگەرچىلىك، ساتراچلىق قاتارلىق 22 ھۈنەر - كەسىپنىڭ رىسالىسى بار.

ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ھەققىدىكى مۇلاھىزىمىزدە ئەشۇ ئەنئەنىۋىي ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرىدىن سۆز ئېچىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇيغۇر ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرىدە ئەجدادلىرىمىز ئۇلارنى ئىجاد قىلغان ھۈنەر ۋە كەسىپلەرنىڭ باشلىنىشىنى دىنىي ئېتىقاد سەۋەبىدىن قەدىمكى ئىسلامىي — خرىستىئان — يەھۇدىي ئەنئەنىلىرىدىكى پەيغەمبەرلەرگە، ئەۋلىيالارغا چېتىپ قويغانلىقى، ھۈنەر - كەسىپكە ئائىت قائىدىلەردە قويۇق دىنىي تۈسنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلاردىكى ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا ھۈنەرۋەن، كاسىپلارنىڭ ساقلىنىشىغا تېگىشلىك بولغان يامان قىلىق ۋە ئادەتلەر، رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئەخلاق نورمىلىرى يەنىلا ئىجابىي ۋە ئىلغار بولۇپ، بۇ بىزنىڭ كەسپىي ئەخلاقىمىزنىڭ ئۆتمۈشىنى چۈشىنىشىمىزدە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ خاتىرىلەر ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى دەۋرلەرگىچە بولغان مەزگىلدىكى كەسپىي ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنى ۋە دائىرىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ.

ئۇيغۇر ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرىدىكى كەسپىي ئەخلاققا ئائىت بايانلارنى تەكشۈرگەندە، ئۇلارنىڭ مۇنداق تۈرلەرگە ئايرىلىدىغانلىقىنى بايقاشقا بولىدۇ: (1) ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ تۈرلۈك قورال - سايمانغا قارىتا مۇئامىلىسىگە ئالاقىدار ئەخلاق نورمىلىرى؛ (2) ئۇستاز بىلەن شاگىرت مۇناسىۋىتىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى؛ (3) ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ئىش ئورنى ۋە ھۈنەر - كەسىپكە بولغان مۇئامىلىسىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى؛ (4) ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ئۆزىگە قويۇلغان ئەخلاقىي تەلەپلەر.

تۆۋەندە بۇلار ھەققىدە ئومۇمىي خاراكتېرلىك مۇلاھىزىمىزنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويىمىز.

### 1) ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ قورال - سايمانغا قارىتا مۇئامىلىسىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ تۈرلۈك ھۈنەر - كەسىپلىرى ساھەسىدە ھۈنەرۋەن - كاسىپلار مۇئەييەن دىنىي قاراش ياكى خۇراپىي قاراش سەۋەبىدىن، ئۆزلىرى دائىم ئىشلىتىدىغان قورال - سايمانلارغا قارىتا مۇئامىلىدە بەلگىلىك پەرھىز چەكلىمىلەرنى ۋە ئەخلاق تەلەپلىرىنى قويۇپ، بۇنداق پەرھىز ۋە ئەخلاق تەلەپلىرىگە رىئايە قىلىشنى، ھۈنەر - كەسىپنىڭ روناق تېپىشى، ھوسۇل ياكى مەھسۇلاتنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىنىڭ شەرتى سۈپىتىدە تونۇيدۇ. بۇنداق چەكلىمىلەر ۋە تەلەپلەرگە قانچىلىك سېھىرلىك ۋە خۇراپىي قاراش سىڭگەن بولسۇن، ئۇلار

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر ـ كەسپلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا مەلۇم ئىجابىي رولالارنى ئوينىغان ۋە ئوينىماقتا. ھۈنەر ـ كەسپ رىسالىلىرىدىكى ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ قورال ـ سايمانلارغا قارىتا مۇئامىلىسىدىكى پەرھىز ۋە ئەخلاق تەلەپلىرى ئادەتتە قورال ـ سايمانلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلماسلىق، دەسسىمەسلىك، ئاتلاپ ماڭماسلىق، ناپاك ھالەتتە تۇتماسلىق، بۇزماسلىق، زۆرۈرىيەت بولمىسا ساتماسلىق، ئۈستىدە ئولتۇرماسلىق، ئىسراپ ئىشلىتىش قاتارلىقلاردۇر. بۇنداق ئەخلاقىي تەلەپلەر ھەممە كەسپلەرنىڭ رىسالىلىرىدە بار بولۇپ، ئۇ ئايرىم ئەھۋال ئەمەس. مىسال كەلتۈرسەك، «تېرىقچىلىق رىسالىسى» دە: «دېھقانچىلىق ئەسۋابلىرىمۇ ھەرخىل تەسبىھلەرنى ئېيتىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاشقا، ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ.»① دېيىلىدۇ. بۇنىڭغا ئوخشاش ئەخلاقىي كۆرسەتمىلەر ھەربىر رىسالىدە دېگۈدەك ئۇچرايدۇ.

### 2) ئۇستاز ـ شاگىرت مۇناسىۋىتىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى

ئۇستازنى ھۆرمەتلەش — ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەل كەسپىي ئەخلاقلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار بىلىم، ھۈنەر ئۆگەتكۈچىلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئەزىزلەپ، ئۇلارنى چوڭ كۆرىدۇ. شاگىرت ـ ئۇستازلىق مۇناسىۋەتلىرىدە شاگىرتلارنىڭ ئۇستازلارغا قارىتا ئەخلاقىي مەسئۇلىيىتى بىلەن ئۇستازلارنىڭ شاگىرتلارنى ياخشى تەربىيىلەش مەجبۇرىيىتىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. خەلق ئارىسىدىكى ئىشەنچلەردىمۇ شاگىرتلار ئۇستازلارنى ھۆرمەتلىمەسلىك، بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىق، ئۇستازى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىش، قاتتىق مۇئامىلىدە بولۇش، ئۇستازلارنىڭ ئەيىبىنى ئېچىش ... قا ئوخشاش ئىشلارنى قىلسا، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئالمىسا شۇ كەسىپنىڭ نېنىنى يېيەلمەيدۇ، ھۈنەر ئايرىغاندىن كېيىنمۇ روناق تاپالمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. مۇناسىپ ھالدا، خەلق ئارىسىدىكى ھۈنەر ـ كەسپ رىسالىلىرىدىمۇ شاگىرتلارنىڭ ئۇستازلىرىغا بولغان مۇئامىلىسىدىكى ئەخلاق تەلەپلىرى كۆپ ۋە ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن: «ياغاچچىلىق رىسالىسى» دە شۇنداق دېيىلىدۇ: «شاگىرتلار ھۈنەردە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئالتە خىل يامان ئەخلاقتىن خالىي بولۇشى لازىم: بىرىنچى، شاگىرت ئۇستازىنى چاقىرىشتا ئىسمىنى ئاتىماسلىق؛ ئىككىنچىسى، شاگىرت ئۇستاز ئۈستىدىن شىكايەت قىلماسلىق؛ ئۈچىنچى، شاگىرت ئۇستازغا قاتتىق مۇئامىلە قىلماسلىق؛ تۆتىنچى، شاگىرت ئۇستاز ئورنىدا تۇرۇپ بۇيرۇقۋازلىق قىلماسلىق؛ بەشىنچى، شاگىرت ئۇستاز ۋە باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى ئاچماسلىق؛ ئالتىنچى، شاگىرت ئۇستازىنىڭ بۇيرۇقىنى ئادا قىلىش.»② «بوياقچىلىق رىسالىسى» دە شۇنداق دېيىلگەن: «بوياقچىلىقتا ۋاجىب ئەركان (مۇھىم تەرتىپلەر) ئون تۈرلۈك: بىرىنچى، ئۇستازى شاگىرتىغا ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىتىش؛ ئىككىنچى، شاگىرتى ئۇستازىغا ئىخلاس بىلەن خىزمەت قىلىش، ...»③ بۇ خىلدىكى ئەخلاق نورمىلىرى باشقا رىسالىلىرىدىمۇ كۆرۈلگەندىن سىرت، رىسالىسىز ھۈنەرلەردىكى ئەخلاق ئادەتلىرىدىمۇ ئومۇميۈزلۈك ئۇچرايدۇ.

### 3) ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ ئىش ئورنى ۋە ھۈنەر ـ كەسىپكە بولغان مۇئامىلىسىدىكى ئەخلاق نورمىلىرى

ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي ئەخلاقىدا بولسۇن ياكى كەسپىي ئەخلاقىدا بولسۇن، ھۈنەرۋەن ـ كاسىپلارنىڭ ئىش ئورنى ۋە ئۆزلىرى شۇغۇللىنىۋاتقان ھۈنەر ـ كەسىپلەرگە قارىتا بەزىبىر ئەخلاق نورمىلىرىنىڭ بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئاياندۇر. كۆز قاراش جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلاردا مەلۇم كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىش، ھالال ئەمگەك قىلىپ ياشاپ، ھۈنەر ئىگىلەش خاسىيەتلىك ئىشلار جۈملىسىدىن سانىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا شۇ قاراشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان «بىلىم ـ يېنىپ تۇرغان چىراغ، ھۈنەر ـ ئېقىپ تۇرغان بۇلاق»، «ھۈنەر بولسا

قولۇڭدا، نان تېپىلار بولۇڭدا»، «ھۈنەرلىك ئۆلمەس، ھۈنەرسىز كۈن كۆرەلمەس»...
دېگەندەك ماقالىلار بار. ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرىدە ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ
ھالال ياشاشنىڭ، جەمئىيەتكە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنىڭ مۇھىملىقى دائىم مۇھەممەد پەيغەمبەر-
نىڭ «ئەلكەسبۇ ھەبىبۇللاھ» (ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئاللاھنىڭ دوستى-
دۇر.) دېگەن سۆزى ئارقىلىق تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈلگەن. رىسالىلەردە ھۈنەرۋەن - كاسىپ-
لارغا قارىتا پەرز، ۋاجىب، سۈننەت، ھارام، مەكرۇھ قاتارلىق دىنىي ئۇقۇم شەكىللىرىدە
ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار چەكلىمە ۋە تەلەپلەرنىڭ تۈپ روھى كەسىپنى سۆيۈش، كەسىپكە
بېرىلىش ۋە ئىخلاس قىلىش، كەسىپنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان ئىشلاردىن قاتتىق
ساقلىنىش، شاگىرت تەربىيىلەش يولى بىلەن كەسىپنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ،
بۇ ھەقتە كەسىپنىڭ قائىدىسى بايان قىلىنغان رىسالىنى ساقلاپ، ئوقۇپ تۇرۇش ۋە شاگىرتلا-
رغا ئۆگىتىشتەك ئەھۋالدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، «كېگىزچىلىك رىسالىسى»دە شۇنداقلا
دېيىلگەن: «رىسالە ساقلاش ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ھەم پەرز، ھەم ۋاجىبتۇر. چۈنكى،
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: (ئەلكەسبۇ ھەبىبۇللا) دېگەن مۇبارەك ھەدىسنى بايان قىلغان.
كاسىپلار توغرا نىيەت بىلەن ھۈنىرىگە سادىق بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەققىگە خىيانەت قىلماي،
ساپ دىل، سەمىمىي ھەم پاكىزلىك بىلەن ھۈنەر قىلسا ئىككى ئالەمدە ياخشى نەتىجىگە
ئېرىشىپ قىيامەت كۈنى يۈزى ئاق بولىدۇ. بارلىق پىر - ئۇستازلىرى رازى بولىدۇ. ئەگەر
ئۇنداق قىلماي ساختىپەزلىك بىلەن ھۈنەر قىلسا ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ.»④ بۇنىڭغا
ئوخشاش بايانلار باشقا رىسالىلەردىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇر ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرىدە
كەسىپنى سۆيۈش ئەخلاقىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى — ئىش ئورنىنى ھۆرمەت قىلىش، پاكىز
تۇتۇش، ئاسراش ... تەك ئەخلاقلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

4) ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ئۆزىگە قويۇلغان ئەخلاقىي تەلەپلەر

ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - كەسىپ ساھەلىرى باشقا ساھەلەرگە سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر
قويۇق دىنىي تۈسكە، ئەخلاقىي چەكلىمىلەرگە ئىگە. بۇنداق بولۇشتىكى بىر سەۋەب —
كىشىلەرنىڭ دىنىي ئەقىدە جەھەتتىكى ئىخلاسمەنلىكىنى، پەزىلەت ۋە ياخشى خۇلق يېتىلدۇ-
رۇشنى ھۈنەر - كەسىپنىڭ روناق تېپىشىدىكى مەنۋىي ئاساس ياكى كاپالەت دەپ قارىغانلىقى-
دىندۇر. كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردا ئۆزلىرىگە قويىدىغان ئەخلاق تەلەپلىرىدىن تۇرلۇك
ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان ۋاقىتتا قويىدىغان ئەخلاق تەلەپلىرىنىڭ كۆپرەك بولۇشى
ئەشۇ پىكرىمىزگە دەلىلدۇر. ئۇيغۇرلار ھۈنەر - كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھۈنەرۋەن -
كاسىپلارنىڭ ئۆزلىرىدە بىر قاتار ئەخلاق سۈپەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلغان. بۇ
ئەخلاق سۈپەتلىرى ئىجتىمائىي مۇئامىلە ئەخلاقى، ئەخلاق ئېتىقادى، ئەخلاق ئېڭى، پاكىز-
لىك ... قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدۇ. ئەنئەنىۋى ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرىدە ھۈنەرۋەن -
كاسىپلارنىڭ ئۆزلىرىدە ھازىرلاشقا تېگىشلىك ئەخلاق سۈپەتلىرى كۆپ نۇقتىدىن كۆرسىتىل-
گەن، شۇنداقلا ئەشۇ ئەخلاقلارنىڭ ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ئىش - ئوقىتىنىڭ روناق
تېپىشىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن. ھۈنەرۋەن - كاسىپلار ئۈچۈن قويۇلىدىغان
ئەخلاق تەلەپلىرى پەزىلەتلىك، تەقۋادار، مېھرىبان بولۇش، يامان ئىللەتلەردىن، جۈملىدىن
ھارام بىلەن ھالالنى ئايرىماستىن ئىستېمال قىلىش، زىناخورلۇق قىلىش، ئوغرىلىق قى-
لىش، قىمار ئويناش، شارابخورلۇق قىلىش، ھۈنەردە ساختىپەزلىك قىلىش، يالغان سۆز-
لەش، ناپال يۈرۈش، كىشى ھەققىگە خىيانەت قىلىش، خېرىدارغا يىرىك سۆز قىلىش ۋە
قوپال مۇئامىلە قىلىش ... قا ئوخشاشلاردىن ساقلىنىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن،
«ناۋايلىق رىسالىسى»دە شۇنداق دېيىلگەن: «ناۋايلىق كەسپىدە بەش خىل ئىشنى قىلىش
سۈننەتتۇر: بىرىنچى، ئۆزىنى ھەرخىل ئىشلاردىن پاك تۇتۇش؛ ئىككىنچى، ئۇستازلار

ئالدىدا ئەدەپ - ئەخلاق بىلەن تۇرۇش؛ ئۈچىنچى، ئۆزىنى تۆۋەن، باشقىلارنى يۇقىرى بىلىش؛ تۆتىنچى، ھاۋايى - ھەۋەستىن ئۆزىنى ساقلاش؛ بەشىنچى، تونۇر بېشىدا پىر - ئۇستازلىرىنى ياد قىلىپ ئاللاھدىن ياردەم تىلەش.»⑤ «ساتىراشلىق رىسالىسى» دە بولسا: «ساتىراشلىق كەسپىدە يەتتە خىل ئىشنى قىلىش ھارام: بىرىنچى، دۇكان ئىچىدە ناپاك يۈرۈش؛ ئىككىنچى، ئاللاھنى ئۇنتۇش؛ ئۈچىنچى، ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلماسلىق ۋە ئۇرۇق - تۇغقان، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى قاقشىتىش؛ بەشىنچى، ھاراق - شاراب ئىچىش، نەشە - تاماكا چېكىش؛ ئالتىنچى، لىۋاتە (ئەر بىلەن ئەر زىنا) قىلىش؛ يەتتىنچى، زىناخورلۇق قىلىش.» دېيىلىدۇ. ⑥ بۇنىڭدىن باشقا، كەسىپ ساھەسىدىكى ئەخلاق تەلەپلىرى رىسالىلەردە ۋاجىب، سۈننەت، پەرز، مەكرۇھ، ھارام، قىلىش خەتەرلىك بولغان ئىش دېگەندەك شەكىلدە ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرىدە بايان قىلىنغان كەسپىي ئەخلاق نورمىلىرى ئىچىدە ئىسلام دىنىدىكى پەرز (مەجبۇرىيەت) لەر، سۈننەتلەر ۋە بەزىبىر خۇراپىي تەركىبلەر بار بولسىمۇ، ئەمما يۇقىرىقىلارنى نەزەردىن ساقىت قىلغاندا، ئۇلاردىن قېلىپ قالدىغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ جامائەت ئەخلاقى بىلەن كەسپىي ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. قىسقىسى، ئۇيغۇر ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرى يالغۇز ھۈنەر - كەسىپلەرنىڭ ئىش تەرتىپى ۋە جەريانلىرى بايان قىلىنغان دەستۇر بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇ ئۇيغۇر كەسپىي ئەخلاقىنىڭ مۇكەممەل قوللانمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىغا ئائىت يازما مەنبەلەر ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇلاردىن باشقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى تېخىمۇ كەڭ مەنىدىكى كەسپىي ئەخلاقنى پەلسەپە - جەمئىيەت ئومۇمىيلىقى نۇقتىسىدىن بايان قىلغانلىقى بىلەن ئۇيغۇرلاردىكى قەدىمكى كەسپىي ئەخلاقنىڭ ھالىتىدىن، تەشەببۇسلىرىدىن ۋە يۈزلىنىشلەردىن دالالەت بەرگۈچى مەنبە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «قۇتادغۇبىلىك» تىكى كەسپىي ئەخلاقنىڭ كاتېگورىيىسىدە نوقۇل قول ھۈنەر - كەسىپلىرى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، پادىشاھ - ئەمەلدارلارنىڭ ئەخلاقىغا ئائىت ئېسىل تەشەببۇسلارمۇ بار. شۇ مەنىدىن قارىغاندا، مەزكۇر ئەسەر ئۆز نۆۋىتىدە ھازىرقى مەنىدىكى كەسپىي ئەخلاق قوللانمىسى بولۇشقا مۇناسىپ. «قۇتادغۇبىلىك» تە بەگ، ۋەزىر، ئەسكەر باشلىغۇچى، ئۇلۇغ ھاجىپ، ئىشىك ئاغىسى، ئەلچى، پۈتۈكچى، خەزىنىدار، باش ئاشپەز، ئىچىملىك باشى (ساقى) لەرنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى مەسىلىسىگە بېغىشلانغان مەخسۇس بابلاردا، سىياسىي - مەمۇرىي ساھەدىكى ئەشۇ كىشىلەرنىڭ كەسپىي خىزمىتىدىكى ئەخلاقىغا ئائىت تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن باشقا، مەمۇرىي خادىملارنىڭ ھەرخىل تەبىقىدىكى كىشىلەر، جۈملىدىن ساراي ئەھلى، ئاۋام، پەيغەمبەر ئەۋلادى، ئالىملار، تېۋىپلار، ئەپسۇنچىلار، چۈش ئۆرىكۈچىلەر، مۇنەججىملەر، شائىرلار، دېھقانلار، سودىگەرلەر، چارۋىچىلار، قول ھۈنەرۋەنلەر، پېقىرلار، خىزمەتچىلەرگە بولغان ياخشى مۇئامىلىسىنى بەجا كەلتۈرۈشكە ۋە ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئەخلاقىي ھەرىكەتلىرى ۋە ئەخلاق سۈپەتلىرى ھەققىدىمۇ كۆپ ئىلغار تەرغىباتلار بار.

«قۇتادغۇبىلىك» تە پادىشاھ (بەگ) لەرنىڭ كەسپىي ئەخلاقىدىكى تۈپ نىزام - ئادالەت، كۆيۈمچانلىق، ئەقىل، سېخىيلىق، سىلىقلىق، پاكلىق (ئېرىغلىق)، كۆڭلى تۈزلۈك، گۈزەل خۇي (ياخشى مىجەز - خاراكتېر)، سەۋرچانلىق، ئۇياتچانلىق، چىن سۆزلۈك، جەسۇرلۇق دەپ قەيت قىلىنسا (بۇ مەزكۇر ئەسەرنىڭ 28 - بابى «بەگلىككە لايىق كىشىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى بايانىدا» دا تەپسىلىي يورۇتۇلغان)، ۋەزىرلەر، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقىدىكى تۈپ نىزام - ۋاپادارلىق، ساداقەت، پاكلىق، ئۇياتچانلىق، دۇرۇسلۇق، گۈزەل خۇي، مۇلايىملىق، يۇمشاق تىللىق، تىلى بىلەن دىلى بىردەكلىك،

ئىستىپاقلىق (كېڭەشلىك) دەپ سۈپەتلەنگەن. ھۆكۈمەت خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى مەمۇرىي، مۈلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە خادىملارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ئۈچۈنمۇ يۇقىرىقىدەك پەزىلەتلەر شەرت قىلىنغان. ئەسەردە ھۆكۈمەت خادىملىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك كەسپىي ئەخلاقىنى ھازىرلىشى نوقۇل ئادىمىيلىك زۆرۈرىيىتى سۈپىتىدىلا ئەمەس، مۇھىمى دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىشى، ئادالەتلىك جەمئىيەتنىڭ بەرپا بولۇشى، خەلقنىڭ سائادەتلىك تۇرمۇشقا ئېرىشىشىنىڭ توپ شەرتى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مانا بۇ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىيىسىدىكى ئادالەت، قانۇن، ئەخلاق ئۈستىگە قۇرۇلغان غايىۋى جەمئىيەتنىڭ كۆرۈنۈشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا يۇسۇپ خاس ھاجىپتىن باشقا ھەربىر ئەدىب ۋە ئەخلاقشۇناسمۇ ھاكىمىيەت ساھەسىدىكى كەسپىي ئەخلاق مەسىلىسى ھەققىدە پىكىر بايان قىلماي ئۆتمىگەن. نۇرغۇن داستانلار ئادىل شاھ غايىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەدىبلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغۇچىلارنى خەلققە قاراتقان سىياسەتلىرىدە، كەسپىي خىزمەتلىرىدە ئادالەتكە، دىيانەتكە، مېھرىبانلىققا ئۈندەيدۇ. نەۋائى ئۆزىنىڭ دىداكتىك ئەسىرى «مەھبۇبۇلقۇلۇب»تا ساتىرا ۋە تەنبىھ ۋاسىتىسىدىن پايدىلىنىپ، ئادىل پادىشاھلار، ئىسلام دىنىنى قوغدايدىغان بەگلەر، لاياقەتسىز ئورۇنباسارلار، زالىم، نادان ۋە پاسىق پادىشاھلار ۋە ۋەزىرلەر، دىيانەتسىز ئەمەلدارلار، نادان، تەكەببۇر خىزمەتچىلەر، قاراۋۇل - ساقچىلار، ئەسكەرلەر، شەيخۇل ئىسلام، قازىلار، پەتىۋاچى دىنىي ئۆلىمالار، مۇدەررىسلەر، تېۋىپلار، شائىرلار، كاتىپلار، مەكتەپدار ئوقۇتقۇچىلار، ئىماملار، مەزىنلەر، قارىيلار، سازەندە ۋە ناخشىچىلار، داستانچىلار، نەسىھەتچى ۋائىزلار، ئاسترونوملار، سودىگەرلەر، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، كاسىپلار، ھۈنەرۋەن - ئۇستازلار، پاششاپ، گۈندىپاي، مىرشەبلەر، دېھقانلار، يېتىمچى - ساياقلار، غېرىب - غۇرۇۋالار، بىكار تەلەت تىلەمچىلەر، قۇشچى ۋە ئوۋچىلار، تۇزكور خادىملار، سوفى - ئىشانلار ۋە دەرۋىشلەردىن ئىبارەت دىنىي، مەمۇرىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي خىزمەت ساھەلىرىدىكى ۋە ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى ساھەسىدىكى ئەللىكتىن ئارتۇق كەسىپ ئەھلىنىڭ كەسپىي ئەخلاقىنى سۈپەتلەيدۇ، شۇ كەسىپتىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلاقسىز قىلمىشلىرىنى كىنايە قىلىپ، ئېسىل پەزىلەتلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. بۇ يەردە بىز سەھىپە چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن «مەھبۇبۇلقۇلۇب»تىكى كەسپىي ئەخلاق تەشەببۇسلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئىزاھلىمايمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە نەۋائى تىلغا ئالغان كەسپىي ئەخلاقلار ئۇيغۇر ھۈنەر - كەسىپ رىسالىلىرىدە، «قۇتادغۇبىلىك»تە تەشەببۇس قىلىنغان كەسپىي ئەخلاقلار بىلەن، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي كەسپىي ئەخلاقىنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، پەرق بار دېيىلسە ئۇ پەرق يۇقىرىقى ئەسەرلەردە كەسپىي ئەخلاقنىڭ قايسى مەۋقەدە تۇرۇپ تەشەببۇس قىلىنغانلىقىدا، كەسپىي ئەخلاقنىڭ دائىرىسىدە ۋە تەكىتلىنىش، بايان قىلىنىش ئۇسلۇبىدىكى ئوخشىماسلىقتا كۆرۈلىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغان ئەسەرلەردە كىتابىي ھالەتتە يېزىپ قويۇلۇش بىلەن كۇپايىلىنىلگەن ئەمەس، بەلكى كەسپىي ئەخلاق ئۇيغۇرلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، ھۈنەر - كەسىپ، ھاكىمىيەت ۋە ھازىرقى زاماندىكى سىياسىي - مەمۇرىي خىزمەتلىرىدە شەكىلسىز تەرزدە رول ئوينىغان ۋە ئويناۋاتقان، ئەشۇ ساھەدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ۋە ئادەم بىلەن ئەمگەكنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى تەڭشەپ، كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى ئىچكى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇرغان تىرىك، پائال ھادىسىدۇر.

## 2. ئۇيغۇرلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىنىڭ تىپلىرى

ئۇيغۇرلار تارىخ مابەينىدە ھەرقايسى دەۋرلەردىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش ئېھتىياجىغا لايىقلىشىپ، نوقۇل بىرەر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش بىلەن چەكلىنىپ قالغان بولماستىن، قەبىلىۋىي ھايات دەۋرىدە چارۋىچىلىق كەسپىگە ياندىشتۇرۇپ دېھقانچىلىق، ئوۋچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، دېھقانچىلىقنى ئاساسىي ئىشلەپچىقىرىش شەكلى قىلغاندىن كېيىنكى دەۋرلەردە يەنە چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - تىجارەت بىلەنمۇ مەشغۇل بولغان. شۇڭا ئۇيغۇرلارنى نوقۇل دېھقان مىللەت ياكى چارۋىچى مىللەت ۋە ياكى ھۈنەرۋەن مىللەت دەپ ئاتاش مۇۋاپىق بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن دەۋرلەردىن تارتىپلا شۇ شۇغۇللانغان كەسىپلىرىنىڭ دائىرىسى بىرقەدەر كەڭ بولغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلار تارىختا دۆلەت قۇرۇپ، سىياسىي ھاكىمىيەت ئىشلىرى، مەمۇرىي، ھەربىي ئىشلار بىلەن ھەر دائىم مەشغۇل بولۇپ تۇرغان. دېمەك، ئۇيغۇرلاردىكى بىرقانچە چوڭ ۋە يىرىك كەسىپلەر مىللەت دائىرىسىدە ئومۇمىيلىقتا، تارىخىي ئىزچىللىقتا ئىگە، ئۇششاق، مەيدە (ئىككىلەمچى) ھۈنەر - كەسىپلەرمۇ مەلۇم رايون، مەلۇم ساھەلەردە ھەم ئىزچىللىقتا ئىگە. ئۇيغۇرچە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە كەسپىي ئەخلاق ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەر - كەسىپلىرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇلار ئەشۇ كەسىپلەر ساھەسىدە زور روللارنى ئارتقۇزۇپ كەلگەن. بۇ پاراگرافتا بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ھەربىر ھۈنەر - كەسىپ ۋە ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى كەسپىي ئەخلاقلىرىنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىشقا ئاجىزلىق قىلىمىز. شۇڭلاشقا، پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ بىرقانچە ئەنئەنىۋى، چوڭراق كەسىپلىرى ھەمدە ئىلىم ساھەسى، سىياسىي - مەمۇرىي ساھەلەردىكى ئەنئەنىۋى ئەخلاقلىرىنى ئايرىپ قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزىمىز (ئۇلار ئىچىدىكى سودا - تىجارەت ئەخلاقى ئايرىم پاراگرافتا بايان قىلىنىدۇ)

### 1) ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئەخلاقى

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدىكى ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى مىڭ يىللار مابەينىدە دېھقانچىلىق (يېزا ئىگىلىكى) بولۇپ تۇرماقتا. ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى تېرىقچىلىقنى ئاساس، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا - تىجارەتنى قوشۇمچە قىلىشتۇر. ئۇيغۇرلار نوپۇسىنىڭ 70% دىن ئارتۇقراقى ھېلىھەم دېھقانچىلىق ئىگىلىكى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەجدادلىرى مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا ئۆزلىرى ياشىغان زېمىنلاردا مەلۇم كۆلەمدىكى يېزا ئىگىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇيغۇرلار دېھقانچىلىققا ئەھمىيەت بېرىدۇ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنى زۆرۈر ماددىي تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا ئېرىشىشتىكى، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىكى مەلۇم كەسىپ، شۇنداقلا بارلىق جاندارلار ياشاشتا تايىنىدىغان ئۇل كەسىپ دەپ بىلىدۇ. دېھقانچىلىق قىلىشنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى ھەممىدىن ئەۋزەل كەسىپ دەپ قارايدۇ. «تېرىقچىلىق رىسالىسى» دە: دېھقانچىلىقنىڭ پىرى ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر، بارلىق دېھقانچىلىق قوراللىرىنى پەرىشتە جىبرىئىل ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دېھقانچىلىقنى ئۆگىتىدىغان چاغدا جەننەتتىن ئېلىپ چىققان»[7] دەپ يېزىلغان. دېھقانچىلىق ئەمگىكى ئۆتكەن دەۋرلەردە ئۈنۈمسىز بولسىمۇ، بىراق، ياشاش ئېھتىياجى ئۇنى ئۇلۇغلاش، سۆيۈش، قەدىرلەشتەك ئەخلاق ئېڭىنىڭ تىكلىنىشىگە ئاساس سېلىپ بەرگەن.

ئۇيغۇر دېھقانلىرى يەرنى قەدىرلەيدۇ، يېرى بار كىشىلەر يېرىنى ۋاقتىدا سۇغۇرۇپ، تېرىپ پەرۋىش قىلىدۇ. كىشىلەر دېھقانچىلىق ئەمگىكى داۋامىدا كۆپ جەھەتلەردە ھەمكارلە-

شىدۇ، لاپقۇتلىشىدۇ. يەرنى قۇرۇق قويماي، ھەرخىل زىرائەت، دەل - دەرەخ تېرىپ ۋە تىكىپ، قۇملۇق ۋە شورلۇق ناچار شارائىتتا بوستانلارنى بەرپا قىلىدۇ. خەلق ئارىسىدا «يەر ئالتۇن قوزۇق، غاجاپ يېسەڭ تۈگىمەس»، «يەر تويدۇرار، ئوت كۆيدۈرەر»، «يەر تويمىغۇچە، ئەل تويماس»، «يەرگە ئىشلە ئايانما، يوق ئامانەتكە تايانما»، «يەر - ھوسۇلنىڭ ئانىسى، ئەمگەك — ھوسۇلنىڭ ئاتىسى»... دېگەندەك ماقال - تەمسىللەر كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئۇلار ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئەمگەكچانلىق، يەرگە ئىخلاس، ھۆرمەت قىلىش... تەك ئەخلاقلىرىنىڭ ئىخچام كۆرۈنىشىدۇر.

ئۇيغۇر دېھقانلىرى چىدامىلىق، جەسۇر، ئاقكۆڭۈل ۋە قولى ئوچۇق. ئۇلار قەيەردە بولسا شۇ يەردە ھاياتلىق قاينايدۇ، يېشىللىق ئايىنىيدۇ. «قۇتادغۇبىلىك»تە شۇنداق يېزىلغان:

4416 بۇ دېھقان كىشىلەر بولۇر قولى كەڭ،
خۇدا بەرگىنىدىن تۇتار دىلنى كەڭ.

نەۋائى «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق ئەسىرىنىڭ «دېھقانلار ھەققىدە» دېگەن پەسلىدە: «... بۇنداق دېھقانلار ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋارىسىدۇر، بەلكى رىزقلانغۇچىلار دېھقانلارنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، دېھقاننىڭ ئۆزى ئادەم سەفىيۇللادۇر. كىمكى دېھقان بولىدىكەن، باشقىلارغا نان بېرىش - ئۇنىڭ ئىشى بولۇپ قالدى. دېھقان ئالىي مەرتىۋىسى بىلەن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئورنىدا بولۇپ قالدى» ⑨ دەپ تەرىپلەنگەندىن باشقا، دېھقانلاردىكى باشقا ئەخلاقىي سۈپەتلەر ئېسىل جۈملىلەر بىلەن ئىزاھلاپ ئۆتۈلگەن. ئۇيغۇرلاردىكى دېھقانلار ئۈچۈن قويۇلغان ئەخلاق تەلەپلىرى ئىچىدە توغرا نىيەتلىك بولۇش مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدا مۇناسىپ ئىشەنچلەر بولغاندىن باشقا، «مەسنەۋىي خەراباتى»نىڭ «دەريايان نىيەتى دېھقان» دېگەن بابىدا مۇنداق تەۋسىيەلەر بار:

«دېھقانا نىيەت تۈزۈپ ساچقىل ئۇرۇق،
ساچسە نىيەتنى تۈزۈپ، قالماس قۇرۇق،
قىلسە دېھقان ياخشى نىيەتنى داۋام،
ئۆكسۈمەس ھەرگىز ھوسۇلى ۋەسسالام.

...... ...... ...... ...... » ⑩

قىسقىسى، ئۇيغۇر دېھقانلىرىدا دۇرۇسلۇق، ئاقكۆڭۈللۈك، ئىش ۋە مۇئامىلىدىكى ھالاللىق، قىلغان ئەمگىكىگە تەمەننا ۋە رىيا قىلماسلىق، ئەمگەكنى ئىخلاس بىلەن قىلىش، سېخىي ۋە كەڭ قوللۇقتەك ئېسىل پەزىلەتلەر بار بولۇپ، ئەشۇ ئەخلاقىي سۈپەتلەر ئۇيغۇرلارنىڭ يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادىنىڭ گۈللىنىشى، خەلقنىڭ توق ئۆتۈشى، نۇرغۇن يېزىلاردىكى ئەمگەك ۋە تۇرمۇشنىڭ ئىناق، ئۇيغۇن، ھەمكارلىق ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ مەنىۋى كاپالىتى بولۇپ قالغان. ئۇيغۇر دېھقانلىرى شىنجاڭنىڭ ناچار جۇغراپىيىۋى مۇھىتى ۋە كېلىمات شارائىتى ئالدىدا قورقۇپ چېكىنىپ قالماي، جەسۇرلۇق ۋە چىدام بىلەن قۇم - بوران ۋە قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇپ، كەڭ سەھرا، يېزا - قىشلاقلاردا يول، سۇ ئىنشائاتى، ئورمان، باغ - ۋاران، بوستانلىق، ئوتلاق پەيدا قىلىپ، قوشۇمچە ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى قولدىن بەرمەي، ئۆز يۇرتىنى گۈللەندۈرۈپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقىدىكى مۇھىم تەرەپلەرنىڭ بىرى — ئۇلاردىكى سەمىمىيلىك، ئىخلاسمەنلىك ۋە سېخىيلىق بولۇپ، دېھقانلار ئۆز ئەمگەكلىرىدە يالغۇز

ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپلا قالماستىن، يەنە هايۋانات ۋە ئۇچار قاناتلارنىڭمۇ رىزقىنى كۆزدە تۇتۇپ زىرائەت تېرىشنى ئادەت قىلغان. ئۇندىن سىرت، ئىسلام دىنىدىكى ئۆشرە تۈزۈمىگە ئاساسەن، مىڭ يىلدىن بۇيان ئالغان ھوسۇلدىن ئۆشرە ئايرىپ، كەمبەغەللەر، يېرى يوقلار، مەدرىسە - خانىقالارغا ئىئانە قىلىپ، ئەشۇ كىشىلەر ۋە ساھەلەرنى ھەقسىز ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ كەلگەن. دېمەك، بۇ ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقىدىكى گۈزەل پەزىلەتلەر بولۇش سۈپىتىدە، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى پەسەيتىش، مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىشلاردا مۇئەييەن روللارنى ئارتقۇزۇپ كەلگەن.

2) ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىك ئەخلاقى

ھۈنەرۋەن - كاسىپلارنىڭ ھۈنەر - كەسپلەرگە قارىتا ئەخلاق پوزىتسىيىسىنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

(1) مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە ئېتىبار بېرىش: بۇ - ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىك ئەخلاقىنىڭ نېگىزىدۇر. مەھسۇلات سۈپىتىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ھۈنەرنىڭ تەرەققىياتىغا، ھۈنەرۋەنلىڭ ئىستىقبالىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىكتە شاگىرتلارنىڭ ھۈنەرنى ئۆگىنىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇستازىنىڭ ماقۇللۇقىسىز ھۈنەر ئايرىماي يەنە بىر مەزگىل پىششىقلاش، كىشى ھەققىگە خىيانەت قىلماسلىق ۋە ھالاللىقنى كۆزلەپ مەھسۇلاتنى سۈپەتلىك ياساپ چىقىش، ھۈنەرنى چالا - پۇلا قىلىپ سۈپەتسىز نەرسە ياسىغۇچىلارنى «گىرى» دەپ ئەيىبلەش ... قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق، ھۈنەر مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتىگە ئېتىبار بېرىدۇ. ھۈنەر - كەسپ رىسالىلىرىنىڭ ھەممىسىدە شۇ نۇقتا ئورتاقكى، ھۈنەرۋەن ھەربىر ئىشتا پىرىنىڭ نامىنى زىكرى قىلىش، ھەربىر ھەرىكەت ياكى ئىش ھالقىسىدا «قۇرئان» نىڭ مەلۇم ئايەتلىرىنى ئوقۇپ تۇرۇپ ئىش باشلاش لازىم. بۇ قائىدىدە كۆزلەنگەن نەرسە ئەقىدىدىكى ئىخلاسمەنلىك بولۇشتىن كۆرە، مەھسۇلاتنىڭ ھەربىر ئىش ھالقىلىرىدا سۈپەتلىك ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش بولسا كېرەك. ئۇيغۇرلار تارىختا نۇرغۇن ھۈنەرلەر دائىرىسىدە كۆپ مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى ھەمدە ئۇلارنى مۇكەممەللەشتۇرۇپ، مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە قىلدى. رىسالىلىك ھۈنەرلەردە ياسىلىدىغان يىپەك توقۇلمىلار، ئۆتۈك، كىيىم - كېچەكلەر، كېگىز، شىرداق ۋە گىلەملەر، سوپۇن، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، تۆمۈر ۋە ياغاچتىن ياسالغان مەھسۇلاتلار، تۈرلۈك يېمەكلىك، ئىچىملىك، نان ۋە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنىڭ كۆپىنچىسى سۈپەتلىك بولغانلىقى بىلەن داڭق چىقاردى، سودا - تىجارەتتە ئالماشتۇرۇلدى. ھازىرقى دەۋرلەردىمۇ ئەتلەس، يىپەك، مۇسەللەش، قاشتېشى بۇيۇملىرى، مىللىي پاسوندىكى كىيىم - كېچەكلەر، گىلەم، ھەرخىل يېمەكلىكلەر ئۆزىنىڭ چىنلىقى، سۈپىتى بىلەن خەلقئارا بازارغا تېز يۈزلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. قىسقىسى، ھۈنەرگە ئىخلاس قىلىش، نىيەتنى دۇرۇس تۇتۇش، سۈپەتكە كۆپ ئېتىبار بېرىش ... لەر ئۇيغۇر ھۈنەرۋەنچىلىك ئەخلاقىدىكى مۇھىم مەزمۇنلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(2) بىلىم - ھۈنەر ئۆگىنىش، تېخنىكىنى پىششىقلاش: ئۇيغۇرلار ھۈنەرلىك بولۇشنى ياخشىلىق قىلىشنىڭ مۇھىم يولى، دەپ تونۇيدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ ئۆمرىدە بىرەر ئەمەلىي تېخنىكا ماھارەتنى ئۆگىنىشى زۆرۈر، دەپ قارىلىدۇ. خەلق ئارىسىدىكى «ئوغۇل بالىغا 72 خىل ھۈنەر ئازلىق قىلىدۇ» دېگەن ھېكمەت شۇ قاراشتىن يەكۈنلەنگەن. شۇنىڭ جۈملىسىدە، ئۇيغۇرلار ھۈنەر - كەسپلەرنى ئىگىلەپ، ئۇلارنى تېخىمۇ پىششىقلاپ مەلىكىلىك ئۇستىلاردىن بولۇشنى كۆزلەيدۇ. خەلق ئارىسىدا ھۈنىرى ئۈستۈن كىشىلەر قارشى ئېلىنىدۇ، ماختىلىدۇ، نائۇستىلىق ھامان كۈلكىگە، ئەيىبكە دۇچار بولىدۇ. شاگىرتلارنىڭ ئۇستازىنىڭ ئۆيىدە ياكى ئىش ئورنىدا بەش - ئالتە يىللاپ ئۆگىنىش ۋە خىزمەت بىلەن ئۆتۈپ، ھۈنەردە

پىششىق بولمىغۇچە ھۈنەر ئايرىمايدۇ. مۇشۇنداق روھ ۋە ئەخلاق سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىدا نۇرغۇن ئۇستا ھۈنەرۋەنلەر ئوتتۇرىغا چىقىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس قول ھۈنەر مەدەنىيىتىنى ئاپىرىدە قىلغان. ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ھۈنەر مەدەنىيىتى سەمەرىلىرى بىلەن بېزىگەن. بۇ ھەقتە كۆپ مىسال كەلتۈرمىسەكمۇ، ئىلىم ئەھلىگە ئاياندۇر.

(3) تېجەشلىك بولۇپ، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش: تېجەشلىك بولۇش، ئىسراپچىلىق قىلماسلىق — ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش ئەخلاقىدىكى مۇھىم نىزام، شۇنداقلا ئىسلام ئەخلاقىدىكى مۇھىم تەشەببۇس بولۇپلا قالماي، يەنە ھۈنەرۋەنچىلىك كەسپىدىكى گۈزەل ئەخلاقلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشتا بېخىللىق تۇسىنى ئالمىغان تېجەشلىك بولۇشنى تەرغىب قىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ھۈنەرۋەن - ئۇستىلار ئۆزلىرى ئىشلىتىدىغان قورال - ئۈسكۈنە ۋە خام ئەشيانى قەتئىي ئىسراپ قىلماي، تېجەشلىك ئىشلىتىپ، مەھسۇلاتنى سۈپەتلىك تاماملاشنى كۆزلەيدۇ. بۇنداق ئەخلاقتا كىشىلەرنىڭ باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەۋېلىشنىڭ ئېغىر گۇناھ بولىدىغانلىقىدەك دىنىي ئېتىقادنىڭ تۇسى قويۇق. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىككۈچىلەر ئارىسىدا «ھەتتا قوڭغۇزنىڭ بېلىنى باغلاشقا يەتكۈدەك قىسقا يىپ بولسىمۇ، ئۇنى تاشلىۋەتسە يامان بولىدۇ» دەيدىغان ئىشەنچ بولغاندىن سىرت، تىككۈچى ئۇستىلار كېيىم بۇيرۇتقۇچىلارنىڭ رەختىنى ئاياپ ئىشلىتىپ، ئېشىپ قالغان كىچىك لاتا - پۇرۇچلارنىمۇ تاشلىۋەتمەي ئىگىسىگە كىيىم بىلەن بىللە قايتۇرىدۇ. ئۇنداق قىلماسلىق ھۈنەردىن بەرىكەتنى قاچۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان مىساللار باشقا ھۈنەرلەر ئىچىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە ئىسلامىيەتتىن كېيىن مەزكۇر دىنىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، ھۈنەرۋەنلەر زەھەرلىك چېكىملىك، ھاراق - شاراب، بۇت - سەنەم، قاتىللىق قوراللىرى، قىمار سايمانلىرى ... دېگەندەك نەرسىلەرنى ياساشتىن قاتتىق چەكلەنگەن. بۇنداق قىلىشنى ھەم دىنىي ئىخلاسمەنلىك ھەم كەسپىي ئەخلاق دەپ تونۇپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ھۈنەرۋەنچىلىك ئەخلاقىدا يەنە ئىنتىزامچانلىق، كەسپىنى سۆيۈش، كەسپداش ھۈنەرۋەنلەر ئارا ئىتتىپاقلىق دېگەندەك مەزمۇنلار بار بولۇپ، بۇ ھازىر تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان كەسپىي ئەخلاق مەزمۇنلىرى بىلەن تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

### 3) ئۇيغۇرلارنىڭ ئەمەلدارلىق ئەخلاقى

ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىنىڭ كۆپ مەزگىللىرىدە مەلۇم دىنلارغا ئىشەنگەن خەلق بولۇش سۈپىتىدە، ئىلاھقا ئىشىنىش، ئاخىرەتتىكى بەخت - سائادەتكە ئېتىبار بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، رېئال دۇنيادىكى بەختنى قولدىن بەرمەي، ئەمگەك ۋە مېھنەت بىلەن ئۆز ھاياتىنى قامداپ، ئۆز مەدەنىيىتىنى يارىتىپ كەلگەن. ئۇلار دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە تىجارەت ... ئىشلىرىنى ئاكتىۋال پوزىتسىيىدە قىلىپ كەلگەندىن سىرت، مۇئەييەن ۋاقىت ۋە ساھەلەردە خەلققە رەھبەرلىك قىلىش مەسىلىسىگىمۇ سەل قارىمىغان. ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئۆزىنى كۆرسىتىپ سايلاش شەكلىدە ھوقۇق تۇتۇش، قولغا كەلتۈرۈشنى ياقتۇرمايدۇ، مەنسەپ ئۈچۈن بارلىق چارىلەرنى ئىشقا سالىدىغان قىلمىشلاردىن ئۆزىنى تارتىدۇ. بىراق ئۇيغۇرلار ئەمەلدارلىققا قارشى تۇرمايدۇ، ئەگەر ئۆزلىرىگە ھوقۇق بېرىلىدىكەن، ئۇنى ھەم مەجبۇرىيەت ھەم مەنسەپ دەپ تۇتۇپ، ئەمەلدارلىق خىزمىتىنى بەجانىدىل ئورۇنداشقا تىرىشىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، پۇقرالار ئەمەلدارلارغا بولغان مۇئامىلىسىدە خۇشامەتچىلىكتىن، قارىغۇلارچە بويسۇنۇشتىن ساقلىنىدۇ. ئەمما ئەمەلدارلارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇش ئىسلامىيەت دەۋرىدە «پادىشاھنىڭ ئەمرى ۋاجىب» دېگەن قاراش ئارقىلىق زۆرۈر، دەپ ھېسابلانغان. بۇ رەھبەرگە بويسۇنۇشنىڭ ئىچكى ئىتتىپاقلىقنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم ئامىل ئىكەنلىكىدەك قاراشنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئادەتتۇر.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ تارىخ مابەينىدە يارىتىپ كەلگەن ئەخلاقى، ئەدەبىي، سىياسىي

ئەسىرلىرىدە ھاكىمىيەت ۋە ئەمەلدارلىق مەسىلىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلمىدى. تۈنجى بولۇپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تە دۆلەتنىڭ ئۇل - ئاساسى ۋە دۆلەت باشلىقى بىلەن ھاكىمىيەت مۇئەسسەسەلىرىنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ھەققىدىكى ئىلغار قارىشىنى تەپسىلىي شەرھلىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىدا دۆلەتنىڭ ئۇلى خەلق بولۇپ، رەھبەرلەر ۋە ھاكىمىيەت ئەسلىھەلىرىنىڭ ئەڭ تۈپ ۋەزىپىسى — خەلقنىڭ خاتىرجەم ۋە بەختلىك تۇرمۇش تەرتىپىنى بەرپا قىلىش ئىدى. ئاپتور دۆلەت باشلىقىنىڭ ۋە پۈتۈن مەمۇرىي خادىملارنىڭ بارلىق ئىش - ھەرىكىتى خەلق مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىش لازىملىقىنى، قانۇن تۈزۈشتە، ئىقتىساد ۋە سودا ئالاقىلىرىدە، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە تاشقىي خىزمەتلەردە، ھەتتا دىنىي خىزمەتلەردىمۇ خەلق مەنپەئەتىنى ئاساس قىلىش كېرەكلىكىنى ئىزچىل تەكىتلەيدۇ. خان ۋە بەگلەرنىڭ خەلقنى سائادەتكە يېتەكلەيدىغان سەركە، خەلق دەردىنى داۋالايدىغان ماھارەتلىك ھېكىم بولۇش لازىملىقىنى قىزغىنلىق بىلەن تەۋسىيە قىلىدۇ. ئۇ داستاندا شۇنداق يازغان:

1412 خەلق قوي كەبىدۇر، بېگىدۇر چوپان،
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان.
5241 ئېلىڭ سەن تېۋىپقا ئوخشارسەن بۇ كۈن،
ساڭا موھتاج ئېرۇر ئاغرىق خەلق پۈتۈن.
5242 بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىناۋادۇر.
5243 بىرى ئاچ، ئۇ بىرى يالىڭاچ يۈرۈر،
بىرى قايغۇ - غەمدە يىغانلار چېكۈر.
5244 سېنىڭدە تۇرۇر، كۆر، بۇنىڭ دورىسى،
داۋالا بولۇپ سەن ھېكىم ئۇستىسى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمەلدارلار ئەخلاقىغا قارىتا يەنە بىر تەلىپى — فېئوداللىق ھاكىممۇتلەقلىقتىن ساقلىنىش، ئۇنى ئادىل قانۇن ئارقىلىق چەكلەش ۋە تېزگىنلەشنى مەقسەت قىلىدىغان تەشەببۇستۇر. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئەمەلدار (بەگ، پادىشاھ، ھۆكۈمەت مەمۇرلىرى) نىڭ خەلق ئالدىدىكى قانۇنىي مەجبۇرىيىتى، خەلقنىڭ قانۇنىي مەجبۇرىيىتى ۋە ئەمەلدارلارنىڭ مەجبۇرىيەت ئاساسىدىكى ھوقۇقى ئوتتۇرىسىدا ئورگانىك بىرلىك بولۇشى زۆرۈر. بۇ ھەقتە «قۇتادغۇبىلىك»تە مۇنداق بايانلار بېرىلگەن:

5574 سېنىڭدە پۇقرانىڭ ھەققى ئېرۇر ئۈچ،
بۇ ھەققنى ئۆتە سەن، ھېچ ئىشلەتمە كۈچ.
5575 بىرى، ئۇ ئېلىڭدە كۈمۈشنى پاك ئەت،
ئەي ئىلمى كۆپ ئەرسەن، ئايارىن كۈزەت.
5576 بىرى، توغرا قانۇننى خەلقىڭگە بەر،
بىرىن - بىرى ئۈزمەكنى ئەلدىن كۆتەر.
5577 ئۈچىنچى، ئەمىن قىل پۈتۈن يوللارنى،
يوقاتقىن قاراقچى ۋە ئوغرىلارنى.
5578 پۇقرالار ئۆززە بار سېنىڭ ئۈچ ھەققىڭ،
ئۇلاردىن سورا، ئاچ ئەمدى قۇلاقىڭ.
5579 بىرى، يارلىقىڭنى ئەزىز تۇتسالەر،
نېمە بولسا تېزدىن ئۇنى قىلسىلەر.

5580 ئىككىنچى، خەزىنە ھەققىن توسمىسا،
ئەي مەردان، ھەقنى دەل چاغدا تاپشۇرسا.
5581 ئۈچىنچى، يېغىغا يېغى بولسىلەر،
سېنى سۆيگۈچىنى ئۇ ھەم سۆيسەلەر.
5582 ئۆتۈگەن بولۇرسەن ئۆزۈڭ ھەقلىرىن،
ئۇلارمۇ ئۆتۈگەن بۇلار ئۆز ھەققىن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمەلدارلىق ئەخلاقى توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ئادىل ۋە بىلىملىكلىكى (دانىشمەنلىكى) ھەققىدىكى قاراشلار دۇنيادا ئىزچىللىققا ئىگە ئوتوپىيە بولسىمۇ، ئەمما يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي، ئىدىيە تارىخىدا ئۇنى تۇنجى قېتىم بىرقەدەر تولۇق بايان قىلدى. فارابىينىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار» ناملىق ئەسىرىدە دۆلەتنىڭ رەئىسى پەيلاسوپ سۈپەت بولۇشى، ئۇ دۆلەتنىڭ ئۇستازى ۋە رەھبىرى سۈپىتىدە خەلقنى بەخت ۋە پەزىلەتتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتە يۈكسەلدۈرۈش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە يازما ۋەسىقىلەردە بىلىملىك، ئادىل، قەھرىمان خاقان ھەققىدىكى قاراش ۋە تەسەۋۋۇرلار ئۇچرايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەشۇ ئەنئەنە ئاساسىدا بارلىق خاقان – پادىشاھلارنى دانىشمەن ۋە ئادىل بىلەن نادان ۋە جاھىلدىن ئىبارەت ئىككى تىپقا ئايرىپ، ئەقىل ۋە بىلىمنى پادىشاھ، ئەمەلدار بولۇشنىڭ مۇھىم شەرتى (1780 –، 1781 –، 301 –، 217 –، 218 –، 4013 –، 1906 – بېيىتلەر) سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويىدۇ، شۇنداقلا پادىشاھ – ئەمەلدارلار بارلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىشلىرىدا ئادىل قانۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشى، خانلىقنى توغرا سىياسەت بىلەن بېزەندۈرۈشى، خەلق مەنپەئەتىنى ھاكىمىيەتنىڭ تۈپ پرىنسىپى قىلىش كېرەكلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ دۆلەت خادىملىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلاردا دۆلەت رەھبىرىنىڭ خادىم تاللىغاندا يارامىلىقلىرىنى تاللاش، ھەربىر كىشىنى ئۆز ئىقتىدارى ۋە پەزىلىتىگە لايىق ئىشقا قويۇش لازىملىقىنى تەكىتلىگەندىن باشقا، ئەمەلدارلارنىڭ ئەقىل – پاراسەت، بىلىم، سېخىيلىق، مەردلىك، ياخشى مىجەز، ئادىللىق، نەپسىنى يىغىش، خەلق سۆيەرلىك، ھوشيارلىق ۋە ئىشچانلىق قاتارلىق پەزىلەت ۋە سۈپەتلەرنى ھازىرلىشى، ئۇلارنىڭ ھاراق – شارابقا بېرىلمەسلىكى، يالغان پىتنە – ئىغۋادىن ساقلانمىقى، پارىخورلۇق ۋە سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللانماسلىقى، ئىنسابلىق بولۇش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. قىسقىسى، پادىشاھ ۋە باشقا مەمۇرىي خادىملارنىڭ بىلىم، ئەخلاق، قانۇن جەھەتتىكى سۈپەتلىرى، ئەخلاقىي مەجبۇرىيەتلىرى مەزكۇر ئەسەردە تولىمۇ ھېكمەتلىك تەرزدە تەشەببۇس قىلىنغان.

ئەلىشىر نەۋائى «سەددىي ئىسكەندەر» ناملىق داستانىنى يېزىپ پەزىلەتلىك، غايىۋىي جەمئىيەت ۋە ئادىل شاھ غايىسىنى ئەدەبىي شەكىلدە ئىپادىلىگەندىن سىرت، «مەھبۇبۇلقۇلۇب» ناملىق ئەسىرىدە پادىشاھ ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقى ھەققىدىمۇ بەزى تەۋسىيەلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ مەزكۇر ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى «بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قىلىق، ئەھۋاللىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا» نىڭ ئالدىنقى 13 پەسلىنى مەمۇرىي – مۈلكىي ئەمەلدارلار، پادىشاھلار، دىنىي رەھبەرلەرنىڭ ياخشى – يامان خۇلقلىرىنى شەرھلەشكە بېغىشلىغان بولۇپ، كۆپىنچە تەنبىھ، پاش قىلىش، كىنايە قىلىش ۋاستىسىنى قوللىنىپ، يۇقىرىقى خىلدىكى كىشىلەرنىڭ نادانلىق، زالىملىق، بىلىمسىزلىك، تەمەخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، يالغانچىلىق، خىيانەتكارلىق، دىيانەتسىزلىك، ناكەسلىك، پىسىق – پۇچۇر ... قاتارلىق يامان خۇلقلىرىنى قاتتىق سۆكىدۇ. خەلققە ياخشىلىق كەلتۈرۈش يولىدا ئىشلىگەنلىرىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئۇ شۇنداق يازغان: «ئادىل پادىشاھنىڭ

يۈكسەك مەرتىۋىسى ئۇنىڭ تەرىپ ـ تەۋسىپىدىن يۈيۈكرەكتۇر. ... ئادىل پادىشاھ باھار يامغۇرى بىلەن قۇياشتەك گۈللەر ئېچىلدۇرىدۇ، مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۈستىگە گۆھەرلەر چاچىدۇ، كەمبەغەل ئاجىزلار ئۇنىڭ مۇلايىملىقى ۋە مادارا سىدىن ئارام ئالىدۇ. ... پەقىرلەرنىڭ ئىشى — ئادىل پادىشاھقا دۇئا قىلىش ۋە نازلاش (ئەركىلەش)، ئادىل پادىشاھنىڭ ئادەت ـ قىلىقى — پەقىرلەرگە سېخىيلىق، مېھرىبانلىق بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىش. ... ئادىل، ئەقىللىق پادىشاھ ئەينەككە ئوخشاش، زالىم، نادان ھەم پاسىق پادىشاھ بولسا تامامەن ئەكسىدۇر. ئادىل پادىشاھ يورۇق تاڭ بولسا، نادان ۋە پاسىق پادىشاھ قاراڭغۇ كېچىدۇر. مۇنداق شاھقا نالايىق ئىش ياقىدۇ، لېكىن ئەلگە ياققان ئىش ئۇنىڭ ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ، بەلكى ئەيىب. ... دىيانەتسىز باشلىق يامان، بۇزۇق، كېرەكسىز نەرسىدۇر، ئۇ ناكەس، بىلىمسىزدۇر. ... باشلىق بولغان ئادەم ئىلىم ئەھلىگە يېقىندىن ياردەم قىلسۇن، پېشقەدەم ئۇلۇغلارغا خىزمەتكار ۋە ياردەمچى بولسۇن، پۇقرالارغا قىزغىن، تىرىشچان خىزمەت قىلسۇن. ...»⑪

نەۋائىدىن كېيىن مۇھەممەد ئابدۇللا خەراباتى «مەسنەۋىي خاراباتى» نىڭ «پادىشاھى ئادىل ۋە زالىملارنى ئەيتۇر» دېگەن بابىدا، مۇھەممەد سادىق قەشقەرىينىڭ «ئەدەبۇسسالىھىن» ناملىق ئەسىرىدە ۋە باشقا نۇرغۇن ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىدا پادىشاھ، ئەمەلدارلارنىڭ ئەخلاق مەسىلىسى ئەتراپلىق، كۆپ تەرەپلىمە تەھلىل قىلىنغان ھەمدە ئۇلارنىڭ كەسپىي ئەخلاقىغا ئائىت نۇرغۇن تەۋسىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. خۇددى ئەخلاقشۇناسلىرىمىز ۋە ئەدىبلىرىمىز تەشەببۇس قىلغاندەك، پاك، ئادىل بولۇپ، خەلققە ياخشىلىق قىلىش، يامانلىقنى توسۇپ، ئادالەتنى ئەۋج ئالدۇرۇش تارىخىمىزدىكى پادىشاھلار ۋە ئەمەلدارلارنىڭ تۈپ ھاكىمىيەت پرىنسىپى بولۇپ كەلدى. ئاز ساندىكى زالىم ئەمەلدارلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ قىسىم ئەمەلدارلار ھاكىمىيەت ئىشىدا خەلقچىل ۋە ئوتتۇرىچە بولۇشنى ئەخلاقى ۋە ئادىتىگە ئايلاندۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىسلام دىنىدا خەلققە رەھبەر بولغانلارنىڭ ئادىل بولۇشى، ياخشىلىق قىلىشى، يامانلىقنى تىرىشىپ چەكلىشى، چىرىكلىكتىن ساقلىنىشى قاتتىق تەلەپ قىلىنغان. بىر رىۋايەتتە ئاخىرەت كۈنىدە كىشىلەردىن ھېساب ئېلىنغاندا ئەڭ ئالدى بىلەن ھېساب بېرىدىغىنى ئەمەلدار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئادىل بولغان ـ بولمىغانلىقى، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى قاتتىق سوراق قىلىنىدۇ، دېيىلىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ نۇرغۇن ھەدىسلىرىدىمۇ ئەمەلدار بولغۇچىلارنىڭ كىشىلەرگە ھەر جەھەتتىن قولايلىق يارىتىپ بېرىش لازىملىقى، ئۇلارغا ھەيۋە قىلماسلىقى، خىيانەتتىن ساقلىنىشى، بۇيرۇقنى چۈشىنىپ ئاندىن ئىجرا قىلىش لازىملىقى، ئەمەلدار بولۇشنى تەلەپ قىلماسلىق، سوۋغا (پارا) قوبۇل قىلماسلىق، نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلمەسلىك، ... قاتارلىق ئىشلارنى بەجا كەلتۈرۈشى تەلەپ قىلىنغاندىن باشقا، گۇناھ بولمايدىغان ئىشلاردا پۇقرالارنىڭ رەھبەر بولغۇچىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇشى ھەم تەلەپ قىلىنغان⑫. ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقچىللىق ئەنئەنىسى بىلەن ئىسلام دىنىدىكى يۇقىرىقىدەك تەلەپلەر بىرلىشىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىدىكى كەسپىي ئەخلاقىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇنداق كەسپىي ئەخلاق تارىخ مابەينىدە ئۇيغۇرلاردىن چىققان نۇرغۇن ئىلىم سۆيەر، ئادىل، خەلقپەرۋەر ئەمەلدارلارنىڭ ۋۇجۇدىدا تېپىلىدۇ.

### 4) ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقى

ئۇيغۇرلار تارىختا شۇغۇللىنىپ كەلگەن كەسپلەر ئىچىدە يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بىر نەچچە چوڭ كەسپتىن باشقا، ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىشمۇ مۇھىم كەسپلەردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى دەۋرلەرگىچە ئىلىم ساھەسىدىكى كىشىلەر (زىيالىيلار) نىڭ سانى خېلى كۆپ بولغان بولسا، ھازىرقى دەۋردە زىيالىيلارنىڭ مىللەتنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى ئىچىدە ئىگىلەيدىغان نىسبىتى كۈنسايىن ئېشىپ بارماقتا.

ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ ئەخلاقىدىن سۆز ئاچقاندا شۇنى ئالدى بىلەن بايقىشىمىز مۇمكىن-
كى، ۋەتەن سۆيۈش ۋە خەلق سۆيۈش روھى — ئۇيغۇر ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك
ئەخلاقى ئېتىقادىدۇر. مىڭ يىللار مابەينىدە ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن يات ئەللەرگە بارغان
ئۇيغۇرلار ۋەزىپىسى تامام بولغاندىن كېيىن يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ مەرىپەت ۋە مىللىي
ئازادلىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولدى. مەھمۇد كاشغەرى، ئابدۇقادىر داموللام، تەجەللى،
تەۋفىقلەر شۇلار ئىچىدىكى ۋەكىللىك شەخسلەردۇر. ئەدىبلەر، ئۆلىمالار يالغۇز ئىلىم
تارقىتىپ خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزىدىغان قەلەم كۈرىشى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت،
ئازادلىق ئىشلىرىغا قىزغىن ئىشتىراك قىلىپ، يولباشچىلاردىن بولۇپ قالدى. ئۆز نۆۋىتىدە
ئۇلار ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىنى خەلقنى سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلى-
رىنىڭ ئەسەرلىرىدە، ئىلمىي پائالىيەتلىرىدە خەلقنىڭ يىغىسىنى يىغلىدى، كۈلكىسىنى
كۈلدى. خەلقنىڭ ئاھۇ - زارلىق تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، قۇللۇقتا، ئاسارەتكە
قارشى تېمىدىكى ئەسەرلەرنى كۆپرەك يازدى. دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن زېھنى-
نى، ۋاقتىنى، ھاياتىنى قۇربان قىلغانلار كۆپىنچە ئىلىم ساھىبلىرى بولدى.
ئۇيغۇر ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ كەسپىي ئەخلاقى يەنە ئۇلارنىڭ كەمتەرلىك بىلەن ئۆگى-
نىش، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىش، ھەقىقەتنى ئىزدەش، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش جەھەتلەردە
كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇرلار تارىخىدىكى تىلشۇناسلار، تېبابەت ئالىملىرى، پەيلاسوپلار، ئەدىبلەر،
تارىخشۇناسلار، ئاسترونوم ۋە تەبىئىي پەن ئالىملىرى، جەمئىيەتشۇناسلار، ئەخلاقشۇناسلار،
دىنىي ئۆلىمالار ئۇن - يىگىرمە يىللاپ ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، مال - دۇنيا يىغىشتىن
ۋاز كېچىپ، ئۆز يۇرتىدا ۋە باشقا ئەللەردە كۆپ ئىلىملەرنى تەھسىل قىلىپ، يۇرتىغا قايتىپ
ياكى شۇ يەرلەردە ھېچبىر ھەق تەلەپ قىلماي ئۆگىنىش ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللاندى.
شەخسىي تۇرمۇشىنى قۇربان قىلىپ، خەلققە ئەھمىيەتلىك ئەمگەك مېۋىلىرىنى قالدۇرۇپ،
ئۇن - تىنسىز ۋاپات بولدى. ئۇلارنىڭ خالىس، كەمتەر، تىرىشچان روھى ئەۋلادلارغا مىراس
بولۇپ قالدى. شۇڭا بۇنداق ئەھۋالنى ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىكى زىيالىيلار ۋۇجۇدىدىمۇ كۆرۈپ
تۇرۇۋاتىمىز. نۆۋەتتە كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىدىغان ئىلىم ساھىبلىرى كۆپلەپ يېتىشىپ
چىققاندىن باشقا، توپلىغان، ئۆگەنگەن ماتېرىيال ۋە بىلىملىرىنى خەلققە كىتاب، ماقالە
شەكلىدە سوۋغا قىلىدىغان، ۋاپات بولۇش ئالدىدا ماتېرىياللىرىنى ياش ئىلىم ساھىبلىرىغا
قالدۇرىدىغان ئەھۋاللار پىشقەدەم زىيالىيلار ئارىسىدىكى ئېسىل ئەخلاق بولۇپ ئىپادىلەنمەك-
تە. ئۇنىڭدىن باشقا، خەلقىمىز ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئوقۇغان، ئۆگەن-
گەن، پايدىلانغان ماتېرىياللارنى موزېيلارغا، كۇتۇپخانىلارغا ھەدىيە قىلىشىمۇ ئەشۇ خىل
كەسپىي ئەخلاق جۈملىسىدىكى ئىش سانىلىدۇ. ئۇيغۇر ئىلىم ساھىبلىرىنىڭ ئەشۇنداق
ئېسىل كەسپىي پەزىلىتى سەۋەبىدىن تارىخىمىزنىڭ مەدەنىيەت بېتى ئاق قالماي، تۈرلۈك
ۋە كۆپ نەتىجىلەر بىلەن تولۇپ كەلدى. ئىلىمخۇمارلىق پۈتۈن مىللەتنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى.

## 3. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت ئەخلاقى

ئۇيغۇرلار تارىختا سودا - تىجارەتكە ئىزچىل ئېتىبار بېرىپ كەلگەن ھەمدە يىپەك يولى
سودا ئالاقىسىدە تىجارەتكە ماھىرلىقى بىلەن مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن خەلقتۇر. ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئەجدادلىرى ئىچكى سودىغا ئېتىبار بېرىپ قالماستىن، بەلكى تاشقى سودىغىمۇ ئېتىبار
بەرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىنى شەكىللەندۈرۈشكە قاتناشقان سوغدىلار يىپەك يولى
سودىسىدا ئىنتايىن ئاكتىپ رول ئوينىغان قوۋم بولۇپ، ئۇلارنىڭ سودىغا ماھىرلىقتەك
ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇرلارغا ئۇدۇم تەرزىدە مىراس بولۇپ قالغان. تارىخىمىزدىكى ھەرقايسى
خانلىقلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك خانلىقلىرى ۋە غەربتىكى ھەرقايسى خانلىقلار بىلەن قىلغان

چارۋا مال، ئاشلىق، يىپەك، گەزمال، مەتبەئە بۇيۇملىرى، دورا - دەرمەك، پار - پۇر بۇيۇملار، قاشتېشى، ... سودىسى ئىنتايىن جانلانغان. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت شەكلى يۇرت ئاتلاپ تىجارەت قىلىش ۋە مۇقىم ئولتۇرۇپ دۇكان ئېچىپ تىجارەت قىلىشتەك ئىككى خىل شەكىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار سودا - تىجارەتنىڭ خەلق ئىگىلىكىدە تۇتىدىغان مۇھىم ئورنىغا ئاساسەن سودا - تىجارەتنى ئۇلۇغ بىلىپ، ئۆزىگە خاس تىجارەت ئەخلاقى، تىجارەت مىزانى، تىجارەت ئادەتلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» ئەنە شۇ مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن دەستۇردۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت ئەخلاقى خۇددى باشقا ساھەلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، تۈپ ئەخلاقىي قاراشلىرى ۋە ئۆزلىرى ئىشەنگەن دىنلارنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. باشقا كەسپىي ساھەلەرگە سېلىشتۇرغاندا، سودا - تىجارەت ئەخلاقىدا ئىسلام ئەخلاقىنىڭ، جۈملىدىن ئىسلام دىنىدىكى سودا - تىجارەتكە ئائىت مىزانلار، پەرھىزلەرنىڭ تەسىرى ۋە تۈسى بەكرەك قويۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىللىق، ياخشىلىق، مەردلىك، ... تەك تۈپ ئەخلاقى ئېڭىنىڭ سودا - تىجارەتتىكى ئىزناسى بەك چوڭقۇردۇر.

ئۇيغۇرلاردا سودا - تىجارەت مۇھىم كەسپلەر قاتارىدا تونۇلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، سودا - تىجارەتنىڭ پۈتۈن قائىدىلىرىنى شەرھلەيدىغان «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» بارلىققا كەلگەن. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» ئىسلامىي تەركىبلەرنى ئۆزىگە قانچىلىك سىڭدۈرگەنلىكىگە قارىماي، ئۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت ئەخلاقىنىڭ نىسبەتەن مۇكەممەل قوللانمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى»دە بېكىتىلگەن ئون ئىككى خىل ۋاجىب (زۆرۈر ئەمەل)، ئون ئىككى سۈننەت، توققۇز ھارام (چەكلەنگەن ئىش ياكى نەرسە)، ئون خىل مەكرۇھ (يامان ئېلىنىدىغان قىلىق)، يەتتە خىل يامان ئىش ۋە بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك يىگىرمە ئىككى ئىشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سودا - تىجارەت ئەخلاقىنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىدىن ئىبارەت.

ئۇيغۇرلارنىڭ رېئاللىقتىكى سودا - تىجارەت ئەمەلىيىتىدىن ۋە تارىخىي يازمىشلاردىكى سودا - تىجارەتكە ئائىت بايانلاردىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەزكۇر كەسپ ساھەسىدىكى تۆۋەندىكىچە ئەخلاقلىرىنى بايقىشىمىز مۇمكىن:

**1) خېرىدارغا ئەدەبلىك مۇئامىلە قىلىش، ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىش**

ئۇيغۇرلار تىجارەتنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلۇغلايدۇ، دېھقانچىلىقتا ئېسىلىۋېلىپ، سودا - تىجارەتكە سەل قارايدىغان چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. ھەربىر تىجارەتچى سودا جەريانىدا خېرىدارلارغا نىسبەتەن (مەيلى چۆپقەت خېرىدار بولسۇن ياكى ئادەتتىكى خېرىدار بولسۇن) ئوچۇق چىراي، خۇشخۇيلۇق، قىزغىن تەكەللۇپ ۋە تەۋەززۇ بىلەن ئۆز مېلىنى ساتىدۇ. خېرىدارلارنى ئاتىغاندا «تاغا»، «دادا»، «ئاكا»، «ئۇكا»، «ئاچا»، «ھامما»... غا ئوخشاش ئىبارىلەرنى ئىشلىتىدۇ. تىجارەت جەريانىدىكى گەپ - سۆزگە دىققەت قىلىپ، مالنىڭ خاراكتېرىنى، كەمچىلىكى ۋە ئارتۇقچىلىقىنى، ئىشلىتىلىش ئۇسۇلىنى ئېنىق چۈشەندۈرگەن ھالدا، خېرىدارنىڭ تاللىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆز ئارزۇسىنى ئۇلارغا تاڭمايدۇ، خېرىدارنى تەڭلىكتە قالدۇرمايدۇ. خەلق ئارىسىدىكى «ئۆتمەس ماتا، زورلاپ ساتار» دېگەن ماقال ئەنە شۇ ئەھۋالنى سەلبىي نۇقتىدىن يىغىنچاقلاپ بەرگەن. ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر خېرىدارلارنىڭ مال ھەققىدىكى سوئاللىرىغا ئېرىنمەي جاۋاب بېرىپ، بىرنى بىر دەيدۇ، لەۋزىدە تۇرىدۇ، كىچىككىنە پايدا - زىيان بىلەن بەك ھېسابلىشىپ كەتمەي، «ئەلدىن ئەلگە نەپ» پرىنسىپى بويىچە خېرىدارنى رازى قىلىدۇ. خېرىدار مالنى سېتىۋېلىپ بولغاندىن كېيىن قۇتلۇقلاپ، «ئىشلەتكىلى نېسىپ قىلسۇن» ... دېگەندەك سۆزلەر بىلەن ئۇزۇتۇپ قويىدۇ. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى»دە بايان قىلىنغان ئون ئىككى سۈننەتنىڭ بىرى — خۇشخۇي بولۇش، بەجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشنىڭ توققۇزىنچىسى خېرىدارغا چىرايلىق سۆز قىلىپ مۇلايىم

بولۇشتۇر[13]. «سودىگەر تىلى بىلەن بازار تاپىدۇ، گىلەم قىلى بىلەن بازار تاپىدۇ» دېگەن خەلق ماقالى سودىگەرلەرنىڭ خېرىدارلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىنىڭ زۆرۈرلىكىدەك مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

## 2) جاپاغا چىداپ تىرىشىپ تىجارەت قىلىش

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۇيغۇر ئەجدادلىرى ئىچىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر تىجارەت قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن يوللارنى بېسىپ، قاتناش قولايسىز شارائىتلاردىمۇ يىراق يەرلەرگە بېرىپ سودا - تىجارەت ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈپ كەلگەن. بۇنداق ئەھۋال ھازىرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەلىشىر نەۋائى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىنىڭ بىرىنچى قىسمىنىڭ ئالتىنچى پەسلى «تىجارەتچى - سودىگەرلەر ھەققىدە» دە مەزكۇر مەسىلە توغرىسىدا توختىلىپ شۇنداق يازغان: «بۇنداق كىشى (يەنە سودىگەر - تىجارەتچى) نىڭ ئالدى بىلەن مەقسىتى توغرا بولۇشى، مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قاتتىق مۇشەققەت تارتىشى، سودا ئۈچۈن دەريا - دېڭىزغا كېمە سېلىشى، گۆھەر ئۈچۈن لەھەڭ ئاغزىغا ئۆزىنى ئۇرۇشى، پۇل - مالنىڭ ھەشەمەتىگە سەۋەب قىلىشى، ... ئېسىل، نەپىس كېيىملەرنى ئاياپ، كونا (ئاددىي) كېيىملەرنى كېيىشى، لەزىز غىزالار ئورنىغا قۇرۇق (قاتتىق) نانلارنى يېيىشى لازىم.»[14] خۇددى يۇقىرىقى دەۋەتتە ئېيتىلغانىدەك، ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر نۇرغۇن جاپالارنى چېكىپ، پۇل - بايلىق توپلايدۇ، ئۆزلىرى ئاددىي ياشاش بەدىلىگە مال - مۈلكىدىن سەدىقە - ئېھسان قىلىدۇ، يۇرتلار ئارا ئۇچۇر ۋە مەدەنىيەت تارقىتىدۇ. خۇددى يۈسۈپ خاس ھاجىپ:

4419 بۇنىڭدىن كېيىنكى تىجارەتچىدۇر،
قىلىپ ئال - سات ئۇ تىنىماي پايدا ئالۇر.
4420 جاھاننى كېزەرلەر تىرىكلىك تىلەپ،
ئەقىل، كۆڭۈلنى بىر خۇداغا باغلاپ.
شەرقتىن غەربكە يۈرۈپ ئايلىنۇر،
تىلەگىڭ نىر ئەرسە ساڭا كەلتۈرۈر.
...... ...... ......

دېگەندەك، ئۇيغۇر سودىگەرلىرى ئائىلىسى، يۇرتى ۋە مىللەتنىڭ ماددىي، مەنىۋى ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن كۆپ جاپا چېكىدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، دەل مۇشۇنداق جاپا چېكىش روھى مىللەتنى قۇتقۇزىدىغان كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3) سودىدىكى ئادىللىق ۋە بىر - بىرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت پائالىيىتىدە ئېلىم - سېتىمدىكى ئادىللىق ۋە كىشىلەرنىڭ بىر - بىرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈشى تەشەببۇس قىلىنىدۇ. بۇنداق ئادىللىق پرىنسىپى تۆۋەندىكىدەك جەھەتلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ؛ بىرى، جىڭ - تارازىنى ئادىل، توغرا تۇتۇش. مەيلى ئىسلامدىكى جىڭ - تارازىنى خاتا تۇتۇپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىشنىڭ ھارام‌لىقى ھەققىدىكى بۇيرۇقلار سەۋەبىدىن بولسۇن ياكى مىللىي ئەخلاقتىكى سەممىيەت پرىنسىپى سەۋەبىدىن بولسۇن، ئۇيغۇرلار تىجارەتتە جىڭ - تارازا ۋە باشقا ئۆلچەم سايمانلىرىنى ئىشلىتىپ مال ساتقاندا ئادىل بولماسلىقتىن قاتتىق ھەزەر قىلىدۇ. «قۇرئان» دا شۇنداق دېيىلگەن: «ئۆلچەمنى تولدۇرۇپ بېرىڭلار. كەم بەرگۈچىلەردىن بولماڭلار. (نەرسىلەرنى) توغرا تارازىدا تارتىڭلار. كىشىلەرگە نەرسىلەرنى (يەنى قايسى يول بىلەن بولمىسۇن، كىشىلەرنىڭ ھەقلىرىنى) كەم بەرمەڭلار. يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، پىتنە - پاسات تېرىماڭلار.»[15] ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا مۇنداق بىر گەپ بار: «يەتتە يىل تارازا تۇتقان

ئادەمگە ئۆزىنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئېلىش راۋا بولار.» بۇ ئەمەلىيەتتە يەتتە يىل تارازا تۇتۇپ
سودا قىلغاندا، ناۋادا تارازىنى توغرا تۇماي كىشىلەرگە نەرسىنى كەم بېرىپ گۇناھ ئۆتكۈزسە،
كۆپىرلىق بولىدۇ - دە، ئۇنىڭ جىنايىتىگە ئۆز قىزىنى نىكاھىغا ئېلىشتەك قەبىھ ئىشمۇ
ماس كېلىپ قالىدۇ، دېگەنلىكتىن ئىبارەت. شۇنداق چەكلىمە ۋە ئەخلاقىي بۇرچ تۇيغۇسى
سەۋەبىدىن، ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ئۆلچەم ئىشلىتىپ سېتىلىدىغان ھەرقانداق مالنى خېرىدار-
لارغا تولۇق، ھەتتا ئاشۇرۇپ بېرىشتەك ئېسىل ئەخلاقنى يېتىلدۈرگەن. يەنە بىرى، ئۇيغۇر-
لارنىڭ ئاغزاكىي ئىپادىلەش ئۇسلۇبىدىكى «ۋىجدان تارازىسى»نى توغرىلاشتۇر. سودا -
تىجارەتتە مەلۇم بىر تەرەپ ئۆزىنىڭ ئورنىدىكى ۋە ھوقۇقىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ
سودىلىشىش مەقسىدىگە يەتكەندە، گەرچە ئالغۇچى ۋە ساتقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئادىل
بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپ باھادا يول قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ سودا
ئەخلاقىغا ماس كەلمەيدۇ. مۇناسىپ ھالدا، ئۇيغۇرلار بىر - بىرى بىلەن سودا ئالاقىسى
قىلغاندا، ھوقۇقدار كىشىلەر بىلەن كەمبەغەل پۇقرالارغا نىسبەتەن باھادا ئوخشاش بولۇشنى
ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. ھوقۇقدارلارمۇ تىجارەتتە باشقىلارنىڭ مېلىنى تۆۋەن باھادا ئېلىۋېلىشتىن
ئۇيۇلىدۇ. خېرىدارنىڭ ئارزۇسى ۋە رايىغا مۇخالىپ كېلىدىغان ھەرقانداق شەكىلدىكى باھانى
ئېگىز - پەس قىلىۋېتىش — ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت ئەخلاقىدا بەك يامان ئېلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلار يەنە سودا - تىجارەتتە خېرىدارلار بىلەن باھا ئۈستىدە ئۇششۇقلۇق قىلمايدۇ،
چاكىنا ھېساباتنى ياقتۇرمايدۇ. باھادا يول قويۇپ، سېتىلغان مالنىڭ سېتىۋالغۇچىغا ھەقد-
قىي نەپ ئېلىپ كېلىشىنى تىلەيدۇ. يۇرتداشلار ئارا سودىدا بۇنداق ئۆتۈنۈپ بېرىش ئەھۋالى
تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

**4) سودىدا سەمىمىي بولۇش، قۇۋلۇق ئىشلەتمەسلىك**

ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت ھەققىدىكى قارىشىدا، تىجارەتچى مال ئوبروتىغا قاتنىشىپ،
جەمئىيەتكە پايدىلىق بولۇش شەرتى ئاستىدا مال توشۇش، قاچىلاش - چۇشۇرۇش، ... قاتارلىق
سودا ھالەتلىرىدە پايدىغا ئېرىشسە ھالال بولىدۇ. ئەمما ھەرقانداق شەكىلدىكى قۇۋلۇق ياكى
ناۋۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق پايدىغا ئېرىشسە مەكرۇھ بولىدۇ، بۇنداق پايدا بەرىكەت قىلمايدۇ.
شۇ ئەقىدىگە مۇناسىپ ھالدا، تىجارەتچىلەر «قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدىغان»، مالنىڭ
خۇسۇسىيىتى، ئىشلىتىلىشى، ... نى خاتا تونۇشتۇرىدىغان، سۇپەتلىك مال بىلەن سۇپەتسىز
مالنى ئارىلاشتۇرۇپ خېرىدارنى ئالدايدىغان قىلمىشلاردىن قەتئىي چەكلىنىپ، خېرىداردا خاتا
چۈشەنچە، خاتا باھا ئۇقۇمى شەكىللەندۇرۇپ قويمايدۇ. يەك ئىچىدىكى سودىدىن ئوچۇق بازار
سودىسىغا كۆپرەك مايىل كېلىدۇ. مالنىڭ باھاسىنى ئۇقمايدىغان كىشىلەرگە قىممەت باھادا
سېتىش، بازارغا بارىدىغان يوللاردا مال ساتقۇچى كىشىلەرنىڭ ماللىرىنى توسۇپ ئەرزان
باھادا ئېلىۋېلىش قىلمىشلىرى يامان ئېلىنىدۇ. كىشىلەردىكى «ئاتام بازار، ئانام بازار»
قارىشى دەل ئەشۇ خىل ئادىل، سەمىمىي سودا ئەخلاقىنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇرلار
يەنە ناچار مالنى قەسەم قىلىپ ياخشى مال كۆرسىتىپ سېتىشنى قەبىھلىك، ئەخلاقسىزلىق
دەپ تونۇيدۇ. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى»دە تىلغا ئېلىنغان سودىگەرچىلىكتە قاتتىق چەك-
لەنگەن توققۇز خىل ھارام ئىش ئىچىدە ئېلىپ - سېتىشتا يالغان سۆز قىلىش ۋە يالغان
قەسەم قىلىشلار بار[16].

**5) ئوبروتنى راۋانلاشتۇرۇش، بېسىۋېلىشقا قارشى تۇرۇش**

ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئېڭىدا، پۇل ۋە باشقا ۋاسىتىلەرگە تايىنىپ، جەمئىيەت جىددىي
ئېھتىياجلىق ماللارنى بېسىپ يېتىۋېلىپ، باھاسى ئۆرلىگەندە سېتىپ كۆپ پايدا ئېلىشنى
كۆزلەش — چوڭ ئەخلاقسىزلىق دەپ تونۇلىدۇ. مەلۇم ماللارنى مونوپول قىلىۋېلىپ خېرد-
دارلارنى ئارتۇقچە زىيانغا ئۇچرىتىش، جەمئىيەتتىكى تەمىنلەش - تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى
ۋاقىتلىق تەڭپۇڭسىزلىقتىن پايدىلىنىپ زور پايدىغا ئېرىشىش قىلمىشى ئىسلام دىنىدا قاتتىق

چەكلەنگەن بولۇپ، بىر ھەدىستە ئاشلىق سودىگەرلىرى (رەۋەندە) ئۆز قولىدىكى ئاشلىقنى قىرىق كۈندىن ئارتۇق ساتماي بېسىپ يېتىۋېلىشىنىڭ ئىنتايىن يامان قىلمىش ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنىدۇ. يېقىنقى مەزگىللەردە ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارىتىدە تۇشۇش ۋە كىچىك دۇكان - يايما شەكلىدىكى تىجارەت ئاساسىي ئورۇندا يۈرۈپ كەلدى. چوڭ مالىيە گۇرۇھلىرى، مونوپول گۇرۇھلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە تاۋارلارنى بېسىپ يېتىۋېلىش، مونوپول قىلىشىدەك ئەھۋال ئازراق كۆرۈلدى. تارىختىن قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارىتىدە ئىپادىلەنگەن مالنىڭ تارقىلىش دائىرىسى كەڭ بولۇش، ئاز پايدا ئېلىش ھېسابىغا تاۋار ئوبوروتىنى تېزلەشتۈرۈشتەك ئالاھىدىلىك دەل مۇشۇ خىل سودا ئەخلاقىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشىدۇر.

## 6) توغرا رىقابەت قىلىش، زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش

سودا - تىجارەتتە ئۆز مەنپەئەتى بىلەن باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، ھەربىر سودىگەر دۇچ كېلىدىغان مەسىلىدۇر. ئۇيغۇرلارنىڭ قارىشىدا بايلىق — ھاياتلىقنىڭ بېزىكى بولۇپ، ئۇ ياشاشتىكى مەقسەت ئەمەس. ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر بۇ دۇنيالىق بەخت ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىدۇ، بايلىق يارىتىدۇ، ئەمما بايلىقتىن خۇدىنى يوقىتىپ، ناكەس ۋاستىلەر ئارقىلىق باشقىلارغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. ناۋادا قايسى سودىگەر نوقۇل بايلىق توپلاش ئۈچۈنلا ھېچبىر ۋاستە تاللىمايدىكەن، جامائەتنىڭ كۈچلۈك ئەيىبلىشىگە، چەتكە قېقىشىغا دۇچار بولىدۇ. ئۇيغۇرلار سودا - تىجارەتتە كەسىپداشلار ئارىسىدىكى رىقابەت جەريانىدا ئىنساب ۋە يول قويۇش ئاساسىدا ئۆز مېلىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، تىجارەت مۇھىتىنى ياخشىلاش، مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى ئەلالاشتۇرۇش، مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، مال باھاسىنى مۇۋاپىق چۈشۈرۈش، باشقىلارغا مەنپەئەت بېرىش قاتارلىق يوللار بىلەن توغرا رىقابەت قىلىدۇ. «ھەربىر كىشىنىڭ رىزقى باشقا» دېگەن ئەقىدە تۈپەيلىدىن كىچىك بازارلاردا ئوخشاش تاۋارنى ئېلىپ - ساتىدىغان تىجارەتچىلەر ئارىسىدا ناتوغرا رىقابەت ۋە بەسلىشىش ئەھۋالى ئاز كۆرۈلىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەتچىلىكىدە نۇرغۇن ئوخشاش تىجارەتچىلەر تاۋارنىڭ تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن دائىم ئۆزى تېرىپ، ئۆزى بېقىپ، ئۆزى پىششىقلاپ ئىشلەپ، يەنە ئۆزلىرى ساتىدۇ. دېمەك، ھەم دېھقان، ھەم چارۋىچى، ھەم ئىشچى (ھۈنەرۋەن) ھەم سودىگەر سالاھىيەتلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ھازىرلانغان بولىدۇ. بۇنداق ئىش تەرتىپىدە پۈتۈپ چىققان تاۋارنىڭ تەننەرقى ۋە باھاسى تۆۋەن بولغاچقا، سېتىلىش مىقدارى چوڭراق بولىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ سودا - تىجارەت ئىشلىرىنىڭ تارىختىن بۇيان گۈللىنىپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرىدىن بىرىدۇر.

## 7) جازانىخورلۇققا قارشى تۇرۇش

جازانىخورلۇق (سۈتخورلۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كۆپ پايدىغا ئېرىشىشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى بولۇپ، ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت ئەخلاقىغا زىت كېلىدىغان قىلمىشتۇر. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئالاقىسىدە قەرز ئېلىش - بېرىش ئىشلىرىنى قىلىدۇ. ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىلار نامراتلارغا پۇل - مال قەرز بېرىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىشى «ساۋاب ئىش» دەپ قارايدۇ. ئەمما قەرز بەرگۈچى قەرزداردىن قەرزنى ئالىدىغان چاغدا، بەرگەن پۇل - مالدىن بۆلەك ئۆسۈم ئالمايدۇ، بولۇپمۇ قوش ئۆسۈم ھېسابلىنىدىغان جازانە ئالمايدۇ. ئىسلامىيەتتىن كېيىن مەزكۇر دىندا جازانە ۋە ئۆسۈمنىڭ ھارام دەپ بېكىتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئالاقىلىرىدە مەزكۇر قىلمىش ئاساسەن مەۋجۇد بولمىغان. جازانە باي، ھاللىق كىشىلەرنىڭ قەرز بېرىپ ئۆسۈمنى يېيىش ھېسابىغا

ئەمگەك قىلماي ياشىشنى، كەمبەغەللەرنىڭ تېخىمۇ نامراتلىشىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋېتىدىغان بولغاچقا، جازانە شەكلىدىكى سودا ياكى ئىقتىسادىي ئېلىم - بېرىم ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يامان كۆرۈلىدىغان ئىشقا ئايلىنىپ، جازانىگە قارشى تۇرۇش ئۇيغۇر خەلقى ئورتاق ئېتىراپ قىلىدىغان گۈزەل پەزىلەت بولۇپ مۇقىملاشقان.

8) لەۋزىدە تۇرۇپ، ئىناۋەتكە ئېتىبار بېرىش

قەدىمدىن ئېتىبارەن ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى سودىدىكى ئىناۋەتكە ئەھمىيەت بېرىپ، لەۋزىدىكى چىڭلىقنى مۇھىم بىلىپ كەلگەن. ئۇلار خېرىدارغا تاۋارنى تونۇشتۇرغاندا ھەق، راست سۆزلەپ، مالنىڭ سۈپىتىگە يارىشا باھا قويۇپ، خېرىدارغا تاۋارنى تونۇشتۇرغاندا ھەق، راست سۆزلەپ، مالنىڭ سۈپىتىگە يارىشا باھا قويۇپ، خېرىدارنى خاتىرجەم قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەن. ناۋادا خېرىدار سېتىۋالغان مالدىن مەسىلە كۆرۈلسە، ئۇنى ئاكتىپلىق بىلەن قايتۇرۇۋېلىپ، پۇلنى ياندۇرۇش ياكى يەڭگۈشلەپ بېرىش — ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكىدىكى ئېسىل ئادەت بولۇپ مۇقىملاشقان. تىجارەتچى بىلەن خېرىدار مەلۇم مالنىڭ باھاسىنى كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، باشقا خېرىدار كېلىپ شۇ مالغا بىرىنچى خېرىدارنىڭمۇ يۇقىرى باھا قويسىمۇ، تىجارەتچى ۋەدىسىگە ئەمەل قىلىپ مالنى كېلىشىپ قويغان خېرىدارغا ساتىدىغان، ئېغىزدىن چىققان باھا سۆزىنى ۋەدە دەپ قاراپ، ئۇنى ئىمكانقەدەر بەجا كەلتۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىدىكى مۇھىم كەسپىي ئەخلاق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» دىمۇ سودىگەرلەر ئۈچۈن ھارام دەپ بەلگىلەنگەن توققۇز خىل ئىش ئىچىدە باھاسىنى پۈتۈشۈپ بولغان مالنى باشقا كىشىگە قايتىدىن قىممەت باھادا سېتىشنى چەكلەشتەك قائىدە بار.

9) خەير - ساخاۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش

ئۇيغۇرلار مەيلى مىللەتداشلىق نۇقتىسىدىن بولسۇن ياكى دىنداشلىق نۇقتىسىدىن بولسۇن، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، كۆيۈنۈشىنى، ياردەم قىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇنداق تەشەببۇس ۋە ئارزۇ ماددىي تۇرمۇشتا، كونكرېتراق ئېيتقاندا، سەدىقە ئىشلىرىدا، ئىجتىمائىي خەير - ساخاۋەت پائالىيەتلىرىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىپ، ئېغىر نامراتلىق ھادىسىسىنىڭ مەۋجۇت بولماسلىقى، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ھەمدە مىللىي ئۇيۇشقاقلىق كۈچىنى زورايتىشتا زور رول ئويناپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى جەمئىيەتتە پۇل - مېلى يېتەرلىك، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىراق بىر گۇرۇھ بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار مىللەت سۆيۈش ھېسسىياتى ۋە دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك ئۆز پۇل - ماللىرىدىن كەمبەغەللەرگە ۋاقتى - ۋاقتىدا زاكات ۋە ئۆشرە تارقىتىپ كەلگەندىن باشقا، سەدىقە، خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىدا يولباشچىلاردىن بولۇپ كەلگەن. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى» دىكى سودىگەرلەر قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئون ئىككى ئىش ئىچىدە ئاجىز - مىسكىنلەرگە نەپىقە بېرىش، ھەر يىلدىكى ئىككى ھېيت نامىزىدا خەير - ساخاۋەت قىلىشتەك ئىككى نىزام بار؛ ئون ئىككى سۈننەت ئىچىدە سېخىي بولۇش ۋە يېتىم - يېسىرلەرگە خەير - ساخاۋەت قىلىشتەك ئىككى نىزام بار؛ ئون خىل مەكرۇھ ئىچىدە سائىل (تىلەمچى) نى قۇرۇق ياندۇرماسلىق قاتارلىقلار بار[17]. دەرۋەقە، ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى قەدىمدىن بۇيان مەبلەغ چىقىرىپ مەكتەپ - مەدرىسە بەرپا قىلىپ، يول ۋە كۆۋرۈك ياساپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلقلەرنى يۆلەپ، ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغان. بۇ جەھەتتە چوڭ سودىگەر ئاكا - ئۇكا مۇسابايوفلارنىڭ ئاتۇش ۋە ئىلى رايونىدا قىلغان خەير - ساخاۋەت ئىشلىرىنى ئەسلىسەك كۇپايە قىلىدۇ.

## 10) پاك بولۇش

ئۇيغۇرلارنىڭ پاكلىق ھەققىدىكى قارىشىنىڭ ئىككى خىل مەنىسى بار: بىرى تاشقى، جىسمانىي پاكلىق؛ يەنە بىرى ئىچكى، روھىي پاكلىق. ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ئەخلاقىدا مۇھىت تازىلىقى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنغان تەرەپلەرنىڭ بىرىدۇر. ئۇيغۇر تىجارەتچىلىرى تىجارەت داۋامىدا تازىلىقنى چىڭ تۇتىدۇ، دۇكان ئىچى - سىرتىنى پاكىز تازىلاپ، خېرىدارغا ئازادە مۇھىت يارىتىپ بېرىدۇ. جىسمانىي تازىلىقىمۇ دىققەت قىلىپ، سۈپەتلىك ياسىنىپ خېرىدار-لار بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە مايىل كېلىدۇ. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى»دە بۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەسىلەن، «سودىگەرچىلىك كەسپىدە ئون ئىككى خىل ئىش ۋاجىب (زۆرۈر) دۇر: ... يەتتىنچى، ھەپتىدە بىر كۈن، يەنى جۈمە كۈنى غۇسلە قىلىش (پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇش)؛ ... سودىگەرلىكتە ئون ئىككى سۈننەت بار: بىرىنچى، ھەمىشە پاكىز بولۇش؛ ... سودىگەرلىكتە ئون خىل ئىش مەكرۇھدۇر: بىرىنچى، قولنى يۇيماي تائام يېيىش؛ ... سودىگەرلىكتە يەتتە خىل ئىش ياماندۇر: بىرىنچى، ئۆزىنى ناپاك تۇرۇش؛ ئىككىنچى، كىيىم - كېچەكلىرىنى پاسكىنا كىيىش؛ ئايالى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت قىلغاندىن كېيىن غۇسلە قىلماي تۇرۇپ تائام يېيىش؛ ... تۆتىنچى، دۇكان ئىچىنى پاسكىنا تۇتۇش؛ بەشىنچى، سۈپۈرەندە - ئەخلەتنى دۇكان ئىچىدە قويۇپ قويۇش؛ ئالتىنچى، ئۆمۈ-چۈك تورىنى ئۆيدە تۇرغۇزۇش؛ ...» ⑱ يۇقىرىقى بەلگىلىمىلەر ئىچىدە گەرچە بارچە كىشى-نىڭ شەخسىي تازىلىقىغا قارىتا تەلەپ تەركىبلىرى بار بولسىمۇ، ئەمما ئۇ تەلەبلەرنىڭ سودىگەرچىلىك رىسالىسىدە قەيت قىلىنىشى ئۇيغۇرلاردا سودىگەرلەرنىڭ پاكىزلىق سۈپىتىگە قارىتا ئۆلچەمنىڭ نىسبەتەن يۇقىرى ياكى قاتتىقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ تىجارەت ئەخلاقىدا سودىگەرلەرنىڭ روھىي پاكلىقىمۇ كۆپ تەكىتلىنىدۇ. «سودىگەرچىلىك رىسالىسى»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەلەپلەر ئىچىدە سودىگەرلەرنىڭ دىنىي مەجبۇرىيەتلەرنى ئىرىشىپ ئادا قىلىشىدەك تەلەپلەردىن باشقا، زىنا قىلماسلىق، كۆڭلىدە يامان نىيەت ساقلىماسلىق، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، پىتنە - ئىغۋا تېرىماسلىق، يامان سۆزلىمەسلىك، كىشىلەرنى ھاقارەتلىمەسلىك، ... تەك چەكلىمىلەر، دائىم خۇشخۇي بو-لۇش، سەۋرچانلىق، كىشىلەرگە رەھىمدىل بولۇش، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى شاد قىلىش، مۇلايىم ۋە ئېغىر - بېسىق بولۇش، كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش، ... كە ئوخشاش تەشەببۇسلارمۇ بار. بۇلار تىجارەتچىلەرنىڭ قەلبىنىڭ پاك بولۇشى ھەققىدىكى ئەخلاقىي تەلەپلەر بولۇپ، ئۇ خەلق ئارىسىدىكى «تاپاۋەت نىيەتكە بېقىپ بولىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك پىكىرگە مۇجەس-سەملەنگەن.

## 11) ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن (ھارام) نەرسىلەرنى ئېلىپ - ساتماسلىق

ئىسلام دىنى سودا - تىجارەت بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىشقا ئىگە. يەنى، ئىسلام دىنىدا سودا - تىجارەتنىڭ خەلققە مەنپەئەتلىك ئىش بولۇشى ھەققىدىكى ئەمر ۋە پەرھىزلەر نۇرغۇن. بۇ پەرھىزلەردە جەمئىيەتكە ۋە كىشىلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيانلىق بولغان نەرسىلەر-نى ئېلىپ - سېتىش قەتئىي مەنئىي قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن، ئىسلامىيەت دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكىدە يېيىش، ئىچىش ۋە ئىشلىتىش چەكلەنگەن ھەرقانداق نەرسە، جۈملىدىن چوشقا، چوشقا گۆشى، باشقا ھارام ھاۋانلارنىڭ گۆشى، ھارام ۋە باشقا ئىسپىرتلىق ئىچىم-لىكلەر، تاماكا، نەشە قاتارلىق كەيىپ قىلغۇچى چېكىملىكلەر، بۇت (ھەيكەل)، كرېست، ... قاتارلىقلار ئېلىپ - سېتىلمىغاندىن باشقا، كىشىلەرنىڭ نورمال ئالاقىسىگە يامان تەسىر ئېلىپ كېلىش مۇمكىنچىلىكى بار، جەزم قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىلەر، مەسىلەن، ھايۋان-نىڭ قورسىقىدىكى بالا ھايۋان، ئاسماندىكى قۇش، سۇدىكى بېلىق، تىرىك ھايۋاننىڭ ئىچكى

ئەزالىرى، پىشمىغان مېۋە، ئېتىزلىقتا ئۆسۈۋاتقان زىرائەت قاتارلىقلارنىڭمۇ ئېلىپ ـ سېتىلىشى چەكلەنگەن. تىجارەتتىكى بۇنداق چەكلىمىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئىسلام دىنىدىن كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ مىللىي تىجارەت ئەخلاقىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ سېتىق ئىشلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس يولدا راۋاجلىنىشىغا، جەمئىيەتتىكى ناچار قىلىق ۋە كەيپىياتنىڭ يامراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىنى پاكلاشقا مۇئەييەن ئىجابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ كەلگەن.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ سودا ـ تىجارەت ئەخلاقىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىكى سودا، ئىقتىسادىي ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى رولى زور بولۇپ، دەل مۇشۇنداق كەسپىي ئەخلاقنىڭ تىزگىنلىشى ئاستىدا، ھەربىر دەۋردىكى ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكى ھەرقايسى دەۋردىكى ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ باشقۇرغان ياكى باشقۇرمىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ساقلاپ، راۋان تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. بۈگۈنكى دەۋردە ئۇيغۇر تىجارەتچىلىكىدە ئەشۇ ئەنئەنىۋىي تىجارەت ئەخلاقىنىڭ ئورنى يەنىلا چوڭ، چەكلەش كۈچىمۇ كۈچلۈك بولۇپ، بۇ ــ رايونىمىز سودا تىجارەت ۋە ئىقتىساد ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ مۇھىم مەنىۋىي تۈۋرۈكلىرىدىن بىرى بولۇپ رول ئوينىماقتا.

### ئىزاھلار

①②③④⑤⑥⑦⑬⑯⑰⑱ نەسرۇللا مەخسۇم لۇكچۇنى، قۇربان ۋەلىلەر نەشرگە تەييارلىغان: «قەدىمكى ھۈنەر ـ كەسىپ رىسالىلىرى»، 1 ـ توم، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە.

⑧ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى 5 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 913 ـ بەت.

⑨ ئەلىشىر نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 ـ يىلى 9 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 68 ـ بەت.

⑩ مۇھەممەد ئابدۇللا خەراباتى: «مەسنەۋىي خەراباتى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى 10 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 79 ~ 80 ـ بەتلەر.

⑪ ئەلىشىر نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 15 ~ 26 ـ بەتلەر.

⑫ مۇھەممەد فۇئاد ئابدۇلباقىي: «لۇۋلۇئۇل مەرجان» («ھەدىس شەرىفتىن غۇنچە ـ مارجانلار»)، ئابدۇللاجان ئابدۇلكەرىم تەرجىمىسى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى 12 ـ ئاي نەشرى، ئۇيغۇرچە، 441 ~ 460 ـ بەتلەر.

⑭ ئەلىشىر نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب»، 60 ـ بەت.

⑮ «قۇرئان كەرىم»، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، 1986 ـ يىلى 11 ـ ئاي نەشرى، سۈرە شۇئەرا، 181 ~ 183 ـ ئايەتلەر.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدىن، دوتسېنت، فولكلور پەنلىرى دوكتورى)

# زۇلمەت ئىچىدە نۇر[1]

**(ئەلىشىر نەۋائى ھەققىدە قىسسە)**

**مىركەرىم ئاسىم**

## دەرۋىشەلىنىڭ پىتىنىسى

نەۋائى ھىراتنىڭ شىمالى تەرىپىدىكى گوزۇرگاھ دېگەن جايدىن ئوتتۇز تاناپچە يىنام يەر سېتىۋېلىپ، كۆكەرتكەنىدى. پىستىزار تاغلارنىڭ باغرىدىكى دۆڭلىككە سۇ چىقىرىپ ئانار، ئەنجۈر، ئۈرۈك، تەك تىكتۇرگەن ۋە باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىرايلىق بىر شىپاڭ سالدۇرغانىدى.

سالقىن ۋە جىمجىت كۈز كېچىسى... تۇنياق تەرەپتىن ئىللىق، مەيىن شامال چىقىپ تۇراتتى. مېۋىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن شاخلىرى ئېگىلگەن دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى بىر – بىرى بىلەن پىچىرلىشاتتى.

پاختىلىق چاپان كىيىۋالغان شائىر شىپاڭدا ئولتۇرۇپ، ئالدىدىكى شىرە تۆپىسىگە قويۇلغان قاچىدىكى بۇلاق سۈيىنى ئارىلاپ، بىر يۇتۇم سۇ ئىچكىنىچە كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ، ئويلىنىپ قالاتتى ۋە ۋاقتىسىز سارغىيىپ يەرگە چۈشۈۋاتقان يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشىغا قۇلاق سالاتتى.

نەۋائى مانا شۇنداق يېقىملىق، جىمجىت ۋە سالقىن كۈز كېچىلىرىنى ياقتۇراتتى. بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ قومۇش قەلىمىدىن ئاجايىپ سەترلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. شائىرنىڭ ئىللىق بىر تەبەسسۇم بىلەن يورۇغان يۈزىدە پاك قەلبى ئەينەكتەك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ پەقەت ئىش ئۈستىدىلا ئۆزىنى بەختلىك ھېس قىلاتتى. بىراق زۇلۇم ۋە زۇلمەتنى ئۆز شوئارى قىلىپ ئالغان زامان بۇنداق تىنچ ۋە ئاسايىشلىق ئەمگەكنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلەتتى.

تىنچ ۋە كۆپكۆك ۋادىلار بەزىدە ئىسسىق شامال بېسىپ كىرىپ، يېشىل مايسىلارنى خازاڭ قىلغاندەك ئۇ يەر – بۇ يەرلەردە بەگ ۋە ھاكىملار پاراكەندىلىك تۇغدۇرۇپ، خەلقنىڭ ئارامىنى بۇزاتتى، يانغان چىراغلارنى ئۆچۈرەتتى.

شائىر بۈگۈن يېرىم كېچىگىچە ئىشلەشنى مۆلچەرلىگەنىدى، بىراق ۋاھشەن چۆلدىن كەلگەن كۆڭۈلسىز بىر خەۋەر ئۇنىڭ ئىلھامىنى قاچۇرۇۋەتتى. بېھلۇل ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاغزىغا تامغا بېسىلغان بىر لىپاپىنى سۇندى.

— كىم بەردى بۇنى؟

— دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان بىر ئاتلىق. بەلخدىن كەلدىم، دەپ ئېيتتى.

---

① بېشى ئۈتكەن ساندا.

نەۋائى خەتنى ئېچىپ، ئالدىراپ - تېنەپ ئوقۇشقا باشلىدى:

*«دۇئايى بىنىھايەۋە سالامى مۇشتاقانەدىن كېيىن، ساق - سالامەتلىكىمنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە سىز بۇرادىرىمىزنىڭ ساق - سالامەتلىكىنى تىلەيمەن. قالغان سۆزلەرنى بۇ مەكتۇبنى ئېلىپ بارغان كىشىدىن ئاڭلىغايسىز. بۇ كىشى مېنىڭ ئەڭ سادىق مۇلازىملىرىمەدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھېچبىر سىرنى يوشۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.*

*ئىنىڭىز دەرۋىشئەلى.»*

بۇ مۇجمەل ۋە سىرلىق مەكتۇپ ئەلىشىرنى تەمتىرىتىپ قويدى: «ئەخمەق ئۇكام، يەنە بىر بالايىقازانى باشلايدىغانغا ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

— مەھدۇم، ئاتلىق كىشىنى بۇ يەرگە چاقىرىڭ، بارلىق ئارىسىدىن ئېلىپ ئۆتۈڭ، نۆكەرلەردىن ھېچكىم كۆرمىسۇن.

نەۋائى كەچكى مېھماننى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن شىپائىنىڭ چېتىدىكى ھۇجرىغا كىردى. ئارىدىن بەش - ئالتە دەقىقە ئۆتكەچ، قارا شايى چاپان كىيگەن ، جۇغى كىچىك بىر ئادەم كىرىپ تەزىم قىلدى ۋە نەۋائىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆرۈشتى. بېھلۇل دەستىخان سېلىپ، راسلاغلىق بىر پەتنۇس بىلەن نان ئېلىپ كەلدى، ئاندىن ئۇنچۇقماي چىقىپ كەتتى.

نەۋائى ھاياجانلانغانلىقىنى يوشۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىپ:

— بەلخدىن نېمە خەۋەرلەر ئېلىپ كەلدىڭىز، تىنچلىقمۇ؟ — دەپ ئاستا سورىدى.

— تىنچلىق، ھاكىم جانابلىرى، يەنى بۇرادىرى ئەزىزىڭىز دەرۋىشئەلى جانابلىرى ساق - سالامەت، سىزگە بېھەد سالام ئەۋەتتى.

— سالامەت بولسۇن.

— مەن سىز ئۈچۈن مۇھىم بىر خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. ھىسار ھاكىمى سۇلتان مەھمۇد ئەسكەر توپلاپ سۇلتانىغا قارشى ئۇرۇش قىلماقچى ...

— ھە؟ سۇلتان مەھمۇدما؟

— ھە، بىزمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىرزاھۇسەيىنگە قارشى ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرمەكچىمىز.

— ھە، ھە، مۇنداق دەڭ!

— شۇنداق. ئىنىڭىز ئاستراباد ۋەقەسىنى ئاڭلاپ، غەزەپلەندى. مەجدىددىن بىر كۈنى مېنىڭمۇ بېشىمغا چىقىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىدۇ. مەجدىددىننىڭ بارغانسېرى قولى ئۇزۇراپ ھەممە ئىشلارنى ئىگىلىۋالدى، بۇ ئەھۋال بىزنى تەشۋىشكە سالماي قويمايدۇ. سىزنىڭ ئاسترابادا ئىسيان كۆتۈرمىگەنلىكىڭىز بىزنى ھەيران قالدۇردى.

— خەلقنىڭ تىنچلىقىنى، مەملىكەت مەنپەئىتىنى مەن ئۆز نەپسىمدىن يۇقىرى قويدۇم. شۇڭلاشقا بۇ ئىشنى قىلمىدىم، — دېدى نەۋائى ئاستا.

— ئەمما دەرۋىشئەلىبەگ بۇ ھەقتە باشقىچە پىكىردە. ئۇ جاناب تەۋەككۇل كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ، مۇخالىفەت دەرياسىغا كىرىشكە بەل باغلىدى. ۋە لېكىن ئىشنى باشلاشتىن ئاۋۋال سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ئالماقچى بولدى.

— مېنىڭ بېرىدىغان مەسلىھەتىم بايا ئېيتقان سۆزۈمدىن مەلۇم بولغاندۇر، — دېدى نەۋائى قەتئىي قىلىپ، — مەن سىلەرنىڭ بۇ بولمىغۇر ئىشلارنى ياقلىمايمەن. سىز شۇنى ياخشى بىلىڭكى، ھازىرقى چاغدا پادىشاھقا قارشى ئىسيان كۆتۈرۈش — ئەسلىدىمۇ ئازاب

ئىچىدە كۈن كەچۈرۈۋاتقان خەلقنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇش دېگەنلىكتۇر. سىز قوزغالسىڭىز قۇندۇز ھاكىمى باش كۆتۈرگۈسى. موغۇلبەگمۇ، بەدىئۈززامانمۇ شۇنداق. مەملىكەت يەنە قانغا مىلىنىپ، ئۇلۇسنىڭ ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلغۇسىدۇر. بىر زالىم ئورنىغا ئولىغان زالىملار خەلقنىڭ بېشىدا ياڭاق چېقىشقا باشلايدۇ، — نەۋائى ئۆز پىكرىنى چۈشەندۈرمەن دەپ تەرلەپ - پىشىپ كەتكەن بولۇپ، يۈزلىرى قىزىرىپ، كۆزلىرى چاقنايتتى، — بىلمىدىم، مېنىڭ ئېيتماقچى بولغان پىكرىمنى چۈشەندىڭىزمۇ، چۈشەنمىدىڭىزمۇ، ئەمما ھەر قانداق ئىسيان ۋە مۇخالىفاتقا قارشى ئىكەنلىكىمنى چۈشەنگەندۇرسىز.

— ئاڭلىدىم، تەقسىر.

— ئىنىمىز دەرۋىشئەلى مەجدىددىنگە ئاچچىقلاپ ئوت بىلەن ئويناشمىسۇن، بۈرگىگە ئاچچىقلاپ كۆرپىنى كۆيدۈرمىسۇن. بىلىشىمچە، مەجدىددىندىن پادىشاھنىڭ رايى قايتقان. يېقىندا ۋەزىپىسىدىن ھەيدەلسىمۇ ئەجەب ئەمەس، يەنە تەكرار ئېيتىمەن: ماجرانى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىشقا ھەرىكەت قىلىڭ. ھىسار ھاكىمىنى قوللىماڭ. ئەگەر سىلەر ئىسيان كۆتۈرسەڭلار، مەن پادىشاھ تەرىپىدە تۇرىمەن.

نەۋائى خېلىغىچە مېھمان بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدى. تاڭ ئېتىشقا يېقىن مېھماننىڭ ئېتىنى ئىگەرلەۋېتىپ:

— مېنىڭدىن ئىنىمغا كۆپتىن - كۆپ سالام ئېيتىڭ، — دېدى.

— بەزى گەپلەرگە قاراپ قولىڭىزغا خەت بەرمىدىم، مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاغزاكى يەتكۈزسىڭىز بولىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، ھەممىسىنى يەتكۈزگەيمەن.

— سىزنى بۇ يەردە ھېچكىم تونۇمامدۇ؟ — بىئارام بولۇپ سوراپ قالدى ئەلىشىر.

— ياق، تونۇمايدۇ.

نەۋائى بىر ئاز تىنچلىنىپ، مېھماننى ئۇزۇتۇۋېتىپ: «يالاڭتۆش كۆرمىدىمىكىن؟» دەپ ئويلىدى، يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان بىر پالاكەتنى سەزگەندەك يۈرىكى كەينىگە تارتىپ كەتتى. يالاڭتۆش سۇلتاننىڭ ئىشەنچلىك ئادىمى، ئۇنى ھەيدىۋېتىش ياكى جازالاشقا ھەددى يوق ئىدى.

دەرۋەقە، ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەچ، بىر شۇم خەۋەر ئاڭلاندى. مىش - مىشلارغا قارىغاندا، بەلخ يولىدا، ھىراتتىن خېلى نېرىدا ياساۋۇللار بىر ئادەمنىڭ ئۆلۈكىنى تېپىۋاپتۇ. قاتىللارمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۇچىسىدىكى قارا شايى چاپانغا، پۈتىدىكى ئەدەبى ئۆتۈككە تەگمەپتۇ، بازاردا مىش - مىش سۆزلەر تارقىلىپ كەتتى. بەزىلەر ئۆلگەن ئادەم ھىسار ھاكىمىنىڭ پايلاقچىسى دېسە، باشقىلار پادىشاھنىڭ مەخپىي چاپارمىنى ئىكەن، يېقىندا چوڭ ئۇرۇش بولارمىش، دېيىشەتتى. ئېھتىياتچان سودىگەرلەر ماللىرىنى، دېھقانلار ئاشلىقلىرىنى يوشۇرۇشقا باشلىدى، ئۇرۇشنى كۆپ كۆرگەن خەلق يەنە بىئارام بولۇشقا باشلىدى.

نەۋائى ئۆز ھويلىسىدا قولىنى كەينىگە قىلىپ يۈرەتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ بىرسىگە ئېتىراز بىلدۈرگەندەك قىلىپ باش چايقايتتى، پىچىرلايتتى. دەرۋىشئەلىنىڭ مۇلازىمى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن بەلختە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ۋەزىيەت ھەققىدە باش قاتۇراتتى: «قانداق قىلسامكىن، پالاكەتنىڭ ئالدىنى قانداق ئالسام بولىدىكىن؟ — دەپ پىچىرلايتتى

ئۇ، — ئېنىقكى، رەقىبلەر كەينىمگە چۈشۈپ، ماڭا ئورا قېزىشماقتا. ناۋادا، بەلخ قوزغال-سا، بېشىمغا يەنە بالا - قازا تاشلىرى يېغىشقا باشلايدۇ. ئىنىمنىڭ ئالدىغا بىر ئادەم ئەۋەتسەممىكىن؟ ياق، بۇنى بىلىپ قېلىشسا، بەلختە يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ۋەقەلەردىن خەۋەردار ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ قويغان بولىمەن. دۈشمەنلەر ئىغۋا تارقىتىپ، نەۋائى ئىنىسى بىلەن بىر ياقىدىن باش چىقارماقچى دەپ پادىشاھنىڭ كۆڭلىدە شۈبھە ئىلانىنى ئويغىتىدۇ. قانداق قىلسامكىن؟ قانداق قىلىپ، ئىنىمغا ئۆز پىكرىمنى يەتكۈزسەمكىن!»

نەۋائى چۈۋۈلۈپ كەتكەن كاللەك يىپىنىڭ ئۇچىنى تاپالماي گاڭگىراپ تۇرغاندا، سارايدىن كۈتكۈچى كېلىپ، باغى زاغاندا بولىدىغان چوڭ زىياپەتكە نەۋائىنى پادىشاھ نامىدىن چىللىدى.

ئەتىسى جۈمە نامىزىدىن كېيىن مېھمانلار باغى زاغانغا توپلىنىشقا باشلىدى. كىمخاپ، زەرباپ، شايى تون كىيگەن مۇتەكەببىر ئەكابىرلەر، ئەمەلدارلارنىڭ بەزىلىرى تەختىراۋاندا، بەزىلىرى ئاتلىق، ئالدىغا بىر توپ ئىشلەمچىلەرنى سېلىپ بىر - بىرلەپ ساراي بېغىغا يېتىپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەربىرسى پادىشاھ ئولتۇرغان راۋاقنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، ئۈچ قېتىم تىز پۈكۈپ قول قۇشتۇراتتى. ئاندىن كۈتكۈچى ئورۇنغا بېرىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۈچىسىغا يېشىل يىپەك كىيىم كىيگەن، بېشىغا ئالماس ۋە لەئىل تاشلار قادالغان تاج كىيگەن ھۆسەيىن تەخت تۆپىسىدە مەغرۇر ئولتۇراتتى، مېھمانلارنىڭ تەزىمىگە كۈلۈمسى-رەپ، ئاستا باش لىڭشىتىش بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

مىزان ئېيى بولسىمۇ ھاۋا ئوچۇق، كۈن ئىسسىق ئىدى. بۇنداق ۋاقىتتا باغى زاغاندا چوڭ چېلىش باشلىناتتى. خوراساننىڭ مەشھۇر پالۋانلىرى بۇ يەردە ئۆز كۈچى ۋە ماھارىتىنى كۆرسىتەتتى.

مېھمانلارغا تاماق تارتىلغاندىن كېيىن چېلىش باشلاندى. ئالدى بىلەن پالۋان، ئەبدۇ سەئىد بىلەن پالۋان مۇھەممەد بەل باغلاپ چېلىشقا چۈشتى. ئۇلار بىر - بىرسىنى سىناش ئۈچۈن بەل تۇتۇشۇپ ئۇزۇن ئايلىنىشتى. سۇلتان زېرىكىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا ئۇ مېھمانلار ئارىسىدىن كېلىۋاتقان مەجدىددىننى كۆرۈپ، سەگەكلىشىپ قالدى.

— مىرزام، — دەپ پىچىرلىدى تەخت ئالدىغا كېلىپ مەجدىددىن، — كۆڭۈلسىز خەۋەر ئېلىپ كەلگىنىم ئۈچۈن ئاچچىقلانماڭ.

— چاپسان سۆزلەڭ، نېمە بولدى؟

— دەل مۇشۇ تاپتا شاھزادە ئىبراھىم بەلختىن ھىراتقا يېتىپ كەپتۇ. شاھزادىنىڭ چاپارمەنى بىلەن ھازىرلا سۆزلەشتىم.

ھۆسەيىن بايقارانىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كۆزلىرى چەكچىيىپ قالدى:

— شاھزادە نېمىشقا مېنىڭدىن رۇخسەتسىز كەپتۇ؟

— چاپارمەنىنىڭ سۆزىگە قارىغاندا شاھزادە جانابىڭىزدىن چاپسان ھىراتقا يېتىپ كەل، دېگەن مەزمۇندا بىر مەكتۇپ ئالغانمىش.

— مەن بۇنداق مەكتۇپ يازمىغانمەن.

— بىلىمەن، سىز شاھزادىغا خەت ئەۋەتمىگەن ئىدىڭىز، مەكتۇپ يالغان بولسا كېرەك.

— يالغان؟ — ھۆسەيىننىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى.

بەزى ئەمەلدارلار پادىشاھنىڭ چىرايى ئۆزگەرگەنلىكىنى كۆرۈپ، چېلىش تاماشاسىغا قىزىقماي قالدى.

— ھە، يالغان خەت، — دەپ تەكرارلىدى مەككار ۋە ھوشيار ۋەزىر، — بۇ ياش شاھزادە نامىمدىن بەلخنى ئىدارە قىلىپ تۇرغان دەرۋىشەلىنىڭ ئىشى.

— ئاللاھ، ئاللاھ، — دېدى كۆزلىرى ئالاقزادە بولۇپ كەتكەن سۇلتان، — نېمە ئۈچۈن ئۇ ئەبلەخ مېنىڭ نامىمدىن خەت يېزىپ، ئىبراھىمنى ھىراتقا چاقىرتىدۇ؟ بۇنىڭدا نېمە سىر بار؟

«ئىچىملىكنى كۆپ ئىچىپ قويۇپ، ئەقلىدىن ئازدىمۇ بۇ تەنتەك» دەپ ئويلىدى مەجىددىن، ئەمما مۇلايىم ۋە ھۆرمەت بىلەن باش ئىگىپ دېدى:

— بۇنىڭ سىرى شۇكى، بەلخ ھاكىمى ئىسيان تۇغىنى كۆتۈرمەكچى بولغان، بۇ ئىشقا توسقۇن بولىدىغان شاھزادىنى مېلى بىلەن بەلختىن ماڭدۇرىۋەتكەن. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي، دەرۋىشەلى ھىسار ھاكىمى بىلەن ھىراتقا يۈرۈش قىلسا ئەجەب ئەمەس.

سۇلتان باش بارمىقىنى چىشلەپ، ئويلىغان پېتى تۇرۇپ قالدى. تاماشىبىنلارمۇ چېلىشقا قارىماي قويۇشتى. پادشاھ بۇنى بايقاپ چېلىشنى توختىتىپ، مېھمانلارغا رۇخسەت قىلىشقا ئەمىر قىلدى.

كەچتە سۇلتاننىڭ كەيپى يانغاندىن كېيىن، مەجىددىننى خىلۋەتخانىغا چاقىرتىپ، شۇنداق دېدى:

— مەۋلانا، دەرۋىشەلىنىڭ نېمىشقا پىتنە قىلىۋاتقانلىقى ماڭا مەلۇم، سىزنىڭ ھۆكۈمەت ئىشىدا بولغانلىقىڭىزدىن ئۇمۇ، ئاكىسىمۇ قاتتىق نارازىدۇر. مەقسىتى سىزنى ئورنىڭىزدىن چۈشۈرۈپ، دۆلەت ئىشلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇشتۇر. ئۆزىڭىزمۇ ياخشى بىلىسىزكى، ئۇلارنىڭ فىرقىسى كۈچلۈك، خەلق ئالدىدا ئېتىبارى زور. مەن ئويلايمەنكى، بىز ئاۋۋالراق ھەرىكەت قىلىپ ئىسياننىڭ ئالدىنى ئالساق، ياخشىراق بولار. سىز ئىستىپا بەرسىڭىز، ئورنىڭىزغا ھىجازدىن يېنىپ كەلگەن خوجا ئەفزەلنى قويساق ... — مەجىددىننىڭ ئويلىنىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاستا قوشۇپ قويدى، — سىزنى مۇكاپات ۋە ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئىشتىن قالدۇرىمىز.

— مەن رازى، ھەربىر سۆزۈڭىز مەن ئۈچۈن قانۇن، ئەمرىڭىزگە تەييارمەن.

— ئۇنداق بولسا، بۇ ھەقتە پەرمانى ئالىي ھازىرلاڭ، ئەتە ئېلان قىلىمىز.

بىراق پادشاھنىڭ بۇ تەدبىرىمۇ پايدا بەرمىدى. دەرۋىشەلى مەجىددىننىڭ ئىستىپاسى بىر ھىيلە-نەيرەڭ ئىكەنلىكىنى بايقىغانىدى. شۇڭلاشقا پادشاھنىڭ تەسلىم بولۇش ھەققىدىكى تەكلىپىنى رەت قىلدى.

نەۋائىنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈنلەر چۈشتى. سۇلتان مەجىددىننىڭ قۇترىتىشىغا ئالدىنىپ، دەرۋىشەلىنىڭ گۇناھىنى ئاكىسىنىڭ بوينىغا ئارتىپ، ھەركىمگە ئۇنىڭ كەينىدىن شىكايەت قىلىپ سۆزلەيتتى. بېشىغا تۆھمەت تېشى يېغىۋاتقان شائىر روھىي ئازاب چېكەتتى. بىر-بىرىگە قارشى بولغان پىكىرلەر بېشىنى ئاغرىتاتتى.

نەۋائى «ئۇھ» دەپ ھويلا ئىچىدە ئايلىناتتى، ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەيتتى. ئۇنىڭ سادىق مۇلازىمى بېھلۇل بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ:

— تەقسىر، بۇ بەش كۈنلۈك ئالەمدە نېمانچە ئازابلىنىسىز، — دېدى، — ئۇلۇس ئارىسىدا ئابرويىڭىز چوڭ، پادشاھقا ۋە ھاكىملارغا مۇھتاجلىقىڭىز يوق. شۇنداق بولۇپ تۇرۇپ، نېمانچە ئازاب چېكىسىز؟ دەرۋىشەلى ئۆز بېشىغا تاپقان بالايىقازانى ئۆزى بىر تەرەپ

قىلسۇن، سىزگە نېمىيىتتى؟

— سۆز ھىرلا دەرۋىشەلىنىڭ ئۈستىدە بولسا غەم يېمەيتتىم، — دېدى شائىر مىڭىشتىن توختاپ، — بەلخ ۋە ھىرات بىر - بىرسى بىلەن توقۇنۇشسا، خەلقنىڭ ھالى نېمە بولىدۇ، دەپ ئويلايمەن. ھەممە پاجىئە شۇنىڭدىكى، بۇ پالاكەتنىڭ سەۋەبچىسى ئۆز ئىنىمەدۇر. ئەپسۇسكى، بۇ قاملاشمىغان ھەرىكەتنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولمىدى. بەزىدە ئەڭ يېقىن ئادەملەر ياخشىلىق قىلماقچى بولۇپ، بېشىغا بالايىقازا كەلتۈرگەنلىكىنى ئۆزلىرى بىلمەي قالىدۇ.

— ئەپسۇسكى، سىزگە ياخشىلىق قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ، — دېدى بېھەلۇل شائىرنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ، — لېكىن دوستلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېقىش زىيانلىق بولماس.

— راست ئېيتتىڭىز، مەھدۇم، — دېدى نەۋائى كۆلۈمسىرەپ، — سىز دەرھال خوجا دېھدارنى چاقىرىپ كېلىڭ، مۇھىم ئىشى باركەن دەپ ئېيتىڭ.

خوجا غىياسىددىن دېھدار ئەسلى ئەزەربەيجانلىق بولۇپ، نەۋائىنىڭ ياردىمى بىلەن سارايغا ئىشقا ئورۇنلاشقانىدى. ئۆزى خوشئاۋاز ناخشىچى، چاقچاقچى ئادەم بولۇپ، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشى يوق ئىدى. ئىستىبدادلىق ئادەملەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاشنى ياخشى كۆرىدىغان سۇلتانمۇ ئۇنى ئۆزىگە يېقىن تۇتقانىدى.

نەۋائى ئۆزىگە سادىق ۋە پادىشاھلىقنىڭ ئىشەنچىنى قازانغان بۇ ئادەمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جاڭجاڭنى تىنچ يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى.

ئارىدىن بىر-ەر سائەت ئۆتكەچ، بېشىغا كىچىككىنە سەللە ئورىغان، سېمىز، ئىككى يۈزى قىپقىزىل، قىزىل ساقال بىر ئادەم كېلىپ، نەۋائىغا تازىم قىلدى.

— كەلسىلە، كەلسىلە، كەمدىدار بولۇپ كەتتىلە، — دەپ مېھمانخانىغا تەكلىپ قىلدى شائىر، — باشقا ئازراق بىر ئىش چۈشكەندە دوستلارمۇ ئۆزىنى چەتكە تارتىدىكەن - دە.

— ياق، تەقسىر، بۇنداق سۆزلەرنى ئېيتمىسىلا، مەن ئۇنداق دوستلاردىن ئەمەسمەن، — دېدى خوجا دېھدار كۆرپىگە ئولتۇرۇپ.

دۇئا قىلىپ، ھال - ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن شائىر دەرت تۆكۈپ مۇنداق دېدى:

— ئىنىمنىڭ بولمىغۇر ھەرىكىتى ئارقىسىدا، بېشىمغا كەلگەن پالاكەت سىزگە مەلۇم. سىز بۇ ماجىرانى تىنچ بىر تەرەپ قىلىشقا ياردەم بېرىسىڭىز ...

— ئاللاھ، ئاللاھ، بۇنداق ئېغىر ۋەزىپە مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەس.

— كەلمىسە، مەن سىزنى چاقىرتاتتىممۇ، — دېدى نەۋائى قېشىنى يىمىرىپ، — مىرزىدىن ئىجازەت ئېلىپ، ئەلچى بولۇپ بارسىڭىز ۋە دەرۋىشەلىنى مېنىڭ نامىمدىن ئىتائەتكە دەۋەت قىلسىڭىز ئىكەن. ئەگەر ئۇ تەسلىم بولمىسا، مېنىڭ دەرۋىشەلى دېگەن ئىنىم يوق. ناۋادا قولىدىكى تىغنى ئىشقا سالسا، بىزنىڭ بەخت يۇلتۇزىمىز زەبۇن بولغۇسىدۇر، ئەگەر ئىنىم سۆزىڭىزگە كىرسە، ئۇرۇش تىنچلىق بىلەن مۇبەددەل بولسا ... مەن قولىڭىزغا مەكتۇپ بېرەيمەن، پىكىرلىرىمنى ئاغزاكى ئېيتىڭ. دەرۋىشەلى سىزگە يېقىن، ئوتتۇرىمىزدا بولغان بۇ سۆھبەت ئۆز جايىدا قالسۇن.

— بېشىم بىلەن، ئىلتىماسىڭىزنى مەمنۇنىيەت بىلەن بەجىرىمەن. ھەممە گەپ پادىشاھنىڭ ئىجازىتىگە باغلىق. ئەگەر رۇخسەت بەرسە، ئەتىلا قىرچاڭغۇ ئېتىمنى تەتۈر مىنىپ

ئىلاننى قامچا قىلىپ، بەلكى قاراپ راۋان بولغايمەن.

— سىزگە ئەڭ ياخشى ئارغىمىقىمنى تەقدىم قىلىمەن، — دېدى نەۋائىي ئۇنىڭ ئىماسىنى چۈشىنىپ، — پادىشاھ تەكلىپىڭىزنى رەت قىلماس. سىزنىڭ سۆزىڭىز ئۇ كىشىگە مەنزۇر، ھەربىر سۆزۈڭىز مەقبۇل. بىر - ئىككى سۆز بىلەن كۆڭلىنى كۆتۈرسىڭىز. ئالەم گۈلىستان بولغۇسى.

— خوپ، ئەمدى ماڭا ئىجازەت بېرىڭ، ھەربىكەتكە چۈشەيلى.

بېھلۇل ئېغىلدىن ئىگەرلىك بىر ئارغىماقنى ئېلىپ چىقىپ، ھاپىزغا توغرىلىدى. ئافىزى قۇلىقىغا يەتكەن خوجا دېھدار بىر سەكرەپ ئاتقا مىندى - دە، نەۋائىيغا تەشەككۇر بىلدۈرۈپ، سارايغا قاراپ ماڭدى.

بەلخ ۋەقەسىدىن كېيىن ھۈسەيىن بايقارانىڭ كۆڭلى قاراڭغۇ، چىراغ ياندۇرسا يورۇمايتتى. مەملىكەت ئەمدى تىنچىدى دېگەندە، يەنە سادىر بولغان بۇ ھادىسە تاماقتا چۈشكەن چىۋىندەك ئۇنىڭ كەيپىنى ئۇچۇردى. تەنتەنىلىك مۇراسىملار، زىياپەتلەرگە، تىنچ راھەت تۇرمۇشقا ئۆگىنىپ قالغان ھۈسەيىن ئۇچۇن يەنە سەپەرگە ئاتلىنىش ئېغىر كېلەتتى.

سۇلتان ئۆزىنىڭ خالىي ھۇجرىسىدا خىيالغا پاتتى، ئېغىر خىياللار ئاچچىق تۇتۇندەك ئۇنىڭ بارلىقىنى زەھەرلەيتتى. ئىچىدە دەرۋىشەلىنى تىللايتتى، ئۇنى ساراي كىتابخانىسى دارۇغەلىقىدىن بەگلىك دەرىجىسىگە كۆتەرگىنىگە ئېچىناتتى: «قەدىمكى ھۆكەمالار سۆزىنى ئۇنتۇدۇم. ئۇلار، پادىشاھ بىر ئادەمنى ئۆزىگە ۋەزىر ياكى بەگ قىلىشۋالسا، ئۇنىڭ تۇغقانلىرىغا مەرتىۋە بەرمەسلىكى كېرەك، دەپ ئېيتقانىدى. مەن بولسام ئەلىشىرنىڭ ئىنىسىغا بەگلىك ئۇنۋانىنى بەخش ئەتتىم، جىيەنى مىرھەيدەرگە قوشۇندا ئۇلۇغ لاۋازىم ھوقۇقىنى بەردىم. نەتىجىسى مەن ئۇچۇنمۇ، ئەلىشىر ئۇچۇنمۇ يامان بولدى». ئۇ ئويلىغانسېرى تىت - تىت بولۇپ، جېنى ھەلقۇمىغا كېلەتتى. ئۇ كەيپىياتنى ياخشىلاش ئۈچۈن شارابچىسى چاقىرتىپ، بىر قاچا مەي ئىچىۋەتتى. بىراق ئىچىملىك كۆڭلىنى تېخىمۇ غەش قىلدى.

شۇ ۋاقىتتا خوجا دېھدار پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە ئىشىك ئاغىسىدىن رۇخسەت سورىدى.

— مەيلى، كىرسۇن، — دېدى ھۈسەيىن، — بىر - ئىككى لەتىپە ئېيتىپ، سۇنۇق كۆڭلۈمنى كۆتۈرەر ...

دېھدار ئىشىكتىن كىرىپ، تەزىم قىلدى - دە، كەش سالىدىغان يەردە ئولتۇردى.

— بېرىراق كېلىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى ھۈسەيىن يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ.

— ياق، تەقسىر، ماڭا بۇ ئورۇن مۇناسىپ.

— ئېشىكىگە يارىشا چۇشكى[1] دەڭ.

— ھە، تەقسىر، شۇنداق، قىرچاڭغۇ ئېشەك بىلەن جەڭدە مىنىدىغان ئاتنى بىر ئوقۇرغا باغلىغىلى بولمايدۇ.

سۇلتان خوجا دېھدارنىڭ بۇ گېپىدىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

— ئات تاپىدۇ، ئېشەك يەيدۇ، دېگەن ماقال بار. قېنى دەڭ، سىزگە نېمە كېرەك؟ تەلىپىڭىزنى ئېيتىڭ.

---

[1] چۇشەك — ئات - ئېشەكلەرنىڭ پۇتىنى باغلاپ قويىدىغان ئارغامچا.

— ماڭا بىر ئىش تېپىپ بېرىڭ، بىكار قالدىم.

— خوش؟

— بىرەر ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىڭ.

— ۋاي، ئېمىشقا بىر ھاپىزنى ئەلچى دەرىجىسىگە كۆتۈرەي.

— بىر كىتابخانا باشقۇرغۇچى قۇل بەگلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلسە بولىدىكەنغۇ، كەمىنە ئەلچىلىك مەنسىپىگە ئېرىشسەم نېمە بوپتۇ؟

— بارىكاللا، — دېدى ھۆسەيىن روھى كۆتۈرۈلگەن ھالدا، — بىر ھاپىزنى ئەلچىلىككە كۆتۈرۈشنىڭ ساۋابى بىر كىتاب باشقۇرغۇچىغا بەگلىك ئۇنۋانى بېرىش بىلەن تەڭدۇر. ئەمما كۆرۈپ تۇرۇپسىزكى، بۇنداق ساۋابنىڭ تېگى تۆشۈك ئىكەن. مەيلى، بىر قېتىم سىنىغان نەرسەمنى ئىككىنچى قېتىم يەنە سىناپ باقاي. سىزنى قايسى مەملىكەتكە، قايسى ھۆكۈمدارنىڭ ھوزۇرىغا ئەۋەتەي؟

— كىتاب باشقۇرغۇچىلىقتىن بەگلىك مەنسىپىگە كۆتۈرۈلگەن دەرۋىشئەلىنىڭ ئالدىغا.

— ياق، — دېدى پادىشاھ بىردىن قاپىقىنى تۈرۈپ، — قولىغا قورال ئالغان كىتاب باشقۇرغۇچىنى قىلىچ كۈچى بىلەن ئىتائەت قىلدۇرغايمەن.

— رۇخسەت قىلىڭ. ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچنى مەن خىمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك تارتىۋالاي. جانابلىرى، مىسىر پادىشاھىنىڭ ئۇسسۇل ئويناشقا ئۆگىتىلگەن مايمۇنلىرى ھەققىدىكى مىسالنى ئاڭلىغانمىكىن؟

— قېنى، سۆزلەڭ، — دېدى ھۆسەيىن زوقلىنىپ.

— لوقمان ھەكىمدىن نەقىل كەلتۈرەرلەركىم، — دەپ سۆز باشلىدى خوجا دېھدار ئىشارەت بىلەن باش لىڭشىتىپ، — مىسىر پادىشاھىنىڭ ئۇسسۇل ئۆگىتىلگەن بىرنەچچە مايمۇنى بار ئىكەن. مايمۇنلار ئەسكىرىي كىيىم كىيىپ، قىلىچ بىلەن ئويۇنغا چۈشىدىكەن. بەزى ئادەملەر، مايمۇنلار ھايۋانلىق ھالىتىدىن چىقىپ، مىجەزلىرىنى ئۆزگەرتىپتۇ، دەپ ئويلايدىكەن. بىر ئالىم ۋە دانىشمەن كىشى ئۇلارنىڭ پىكرىي خاتالىقىنى كۆزلىرىگە كۆرسەتمەكچى بوپتۇ. مايمۇنلار ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندا، يانچۇقىدىن تۆت ياڭاق ئېلىپ ئوتتۇرىغا تاشلاپتۇ. ئۇسسۇلچىلار قىلىچلىرىنى تاشلاپ، ياڭاققا يېپىشىپتۇ، بىر-بىرسى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇچىلىرىدىكى كىيىملەرنى پارە-پارە قىلىۋېتىپتۇ. شۇنىڭدەك قولىغا قىلىچ ئالغان كىتابدار مايمۇنمۇ مېنىڭ قوينۇمدىكى ياڭاقلارنى كۆرگەچ، قولىدىن قىلىچنى تاشلىغۇسى ۋە ئەسلىگە قايتقۇسىدۇر. مەن ئۇنى زەنجىربەند قىلىپ، ھوزۇرىڭىزغا ئېلىپ كېلىمەن.

— مەگەر بۇ ياڭاقلارنى قوينىڭىزغا ئەلىشىر بەگ سېلىپ قويغان بولمىسۇن، — دېدى ھۆسەيىن كۈلۈپ.

— تاپتىڭىز، ئالىي ھەزرەت، — دېدى ھاپىز ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — سىزدىنمۇ ئۈچ-تۆت ياڭاق ئالغان بولسام ياخشى بولاتتى ۋە لېكىن پوچەك بولمىسا.

ھۆسەيىن بارمىقى بىلەن تەھدىت قىلىپ، كۈلۈپ قويدى ۋە كېتىش ئۈچۈن رۇخسەت بەردى.

— ئەگەر دەرۋىشئەلى سۆزگە تەسلىم بولسا، مەيلى، جېنىغا قەست قىلمايمەن. يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزى خالىغان بىر يېزىنى سۇيۇرغال قىلىپ بېرىمەن، مېنىڭ ۋەدەم پوچەك

ياتاق ئەمەس.

خوجا دېھدار شۇنداق چاقچاق سۆزلەرنى قىلىپ، بەلخقە مېڭىشقا ئىجازەت ئالدى. پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تەييارلىنىپ، ئىككى نەۋكەر بىلەن يولغا چىقتى.

سۇلتان ھۇسەيىنمۇ جاڭجالنى تىنچ يول بىلەن بىر تەرەپ قىلىشنى خالايتتى. بىراق خوجا دېھدارنىڭ بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشىغا كۆزى يەتمەيتتى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى بەلخكە ئەسكەر تارتىپ بېرىشقا جەزىم قىلدى. ئۇ بەلغ قوشۇنى بىلەن ھىسار قوشۇنىنىڭ ئارىسىغا شىنىدەك ئۆرۈلۈپ كىرىپ، ھەر بىرىنى ئايرىم - ئايرىم جايلاشنى مۆلچەرلەپ قويدى.

پادىشاھ جەڭگىۋار بەگلىرىنى چاقىرىپ، قىلىدىغان ئىش - ھەرىكەتنى مۇھاكىمىگە قويدى. بەگلەر ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى قوللىدى. كېيىن ئۇ ئۆز ئەسكەرلىرىنىڭ قورال - ياراقلىرى ئۇرۇشقا قانچىلىك يارامىلىق ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى. كاردىن چىققان قوراللارنىڭ ئورنىغا دۆلەت قورال - ياراق ئامبىرىدىن يېڭى قوراللارنى ئالدى. تاقىچىلار جەڭ ئاتلىرىغا تاقا قاقتى، ئوقچىلار تىنماي ئوق تەييارلىدى، ياماقچىلار چېدىر - ئوتاۋلارنى يامىدى، ئۇستىلار ئوق چاچىدىغان قازان قوياتتى.

ئاقىۋەت، ھەممە تەييارلىق تەق بولغاندا ئەسكەرلەر پادىشاھنىڭ كۆرىكىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن سەپ تارتتى. پادىشاھ ئېتىنى ئاستا ماڭدۇرۇپ، ئەسكەرلەرنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى، قورال - ياراقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ چىقتى، ئاندىن مېڭىشقا بۇيرۇق قىلدى. ناغرا چېلىنىپ، ئات قۇيرۇقىدىن ياسالغان تۇغلار ئېگىز كۆتۈرۈلدى. قوشۇننىڭ كەينىدىن پادىشاھنىڭ ئۆزى بىۋاستە باشچىلىق قىلىدىغان ئېغىر قوراللىق ئەسكەرلەر ماڭدى.

قوشۇن مۇرغاب دەرياسى ياقىسىغا يېتىپ كەلگەچ، ئېگىز بىر دۆڭلۈكنىڭ يان باغرىغا لەشكەرگاھ ياسالدى. ئۇنىڭ ئەتراپىغا خەندەك قېزىلىپ، بۇلۇڭ - بۇلۇڭلىرىغا قاراۋۇللار قويۇلدى. لەشكەرگاھنىڭ ئوتتۇرىسىغا تۆت ئەتراپى ئەمىرلەر، بەگلەرنىڭ چېدىرى بىلەن قورشالغان يىپەك چېدىر تىكلەندى.

ھۇسەيىن بايقارا بۇ چېدىر ئىچىدە ئولتۇرۇپ، بەلخكە ئەۋەتىلگەن دېھدارنىڭ يېنىپ كېلىشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتەتتى. ئۇ ھەيۋەتلىك يىپەك چېدىرنىڭ تۆرىگە سېلىنغان زەرباب كۆپە ئۈستىدە بەدەشقان قۇرۇپ، ئوڭ قولىنىڭ مۇشىنى چېكىسىگە تىرەۋالغانىدى.

ئىككى چېكىسى ئاقىرىپ قالغان نەۋائىيمۇ ئۆز چېدىرى ئىچىدە ئېغىر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇراتتى. بەلختىكى مۇزاكىرىلەر قانداق بولىدىكىن، دەپ ئەنسىرەيتتى. ئىچىنى تاتىلاۋاتقان پىكىرلەردىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن، نەۋائىي ئۆز ئۇستازى جامىينىڭ «باھارىستان» ناملىق كىتابىنى قولغا ئېلىپ ئوقۇشقا تۇتۇنۇپ باقتى. بىراق لەۋلىرى پىچىرلاپ تەلەپپۇز قىلغان سۆزلەر ئۇنىڭ ئېڭىغا بېرىپ يەتمەيتتى . ئاقىۋەت، كىتابنى ئاستا يېپىپ، ئاۋايلاپ رەيىل[1] ئۈستىگە قويدى - دە، دەم ئېلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. ئوتتۇز قەدەمچە نېرىدىكى يىپەك چېدىرنى قوللىرىدا ئايپالتا تۇتقان ساقچىلار قوغداپ يۈرەتتى.

ئىككى قىرغىقىنى توقايلىق قاپلىغان مۇغاپ دەرياسى بۇ يەردىن ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چۈشتىكى قۇياشنىڭ تىك چۈشكەن نۇرلىرى ئاستىدا دەريا سۈيى جىمىرلاپ تۇراتتى.

---

① ئۈستىگە كىتاب قويۇپ ئوقۇيدىغان جازا.

مۇرغاپنىڭ نېرىقى ياقىسىدىكى بىپايان يەرلەر ئەپسانىلاردىكى هايۋانلارنىڭ ئۆلۈكىدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى. كەچ كۈز بولۇشىغا قارىماي، هاۋا ئىسسىق، ئاسمان سۈزۈك ئىدى.

نەۋائى يۈرىكى بىر نەرسىنى سەزگەندەك دەريا بويىغا چۈشۈپ، مۇزدەك سۇدا يۈزىنى يۇيدى ـ دە، نېرىقى قىرغاققا، ئاسمان بىلەن يەرنى تۇتاشتۇرغان ئۇپۇق سىزىقىغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئاقىۋەت، ئۇپۇقتا بىر نۇقتا پەيدا بولدى ۋە ئاستا ـ ئاستا يېقىنلىشىپ كېلىشكە باشلىدى. بارا ـ بارا بۇ نۇقتا چاڭ ـ توزان بۇلۇتى بىلەن ئورالغان ئاتلىققا ئايلاندى.

نەۋائى ئاتلىقلارنىڭ سالغا ئولتۇرۇپ، بۇ تەرەپكە ئۆتۈشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتى.

يۈز ـ كۆزىنى چاڭ باسقان، ئىككى مەڭزى بۆرتۈپ چىققان خوجا دېھدار سالدىن قىرغاققا سەكرەپ چۈشتى، نەۋائىغا قاراپ يۈگۈردى ۋە ئۇنىڭ قولىنى يۈزىگە سۈرتۈپ:

ــ خۇش خەۋەر، ــ دېدى ئەنتىكىپ، ــ سۆيۈنچىڭىزنى بېرىۋېرىڭ، تىنچلىق پەرىسى غالىب كېلىپ، ئەزرائىلىنىڭ بازىرى كاسات بولدى.

ــ سۆيۈنچىگە بىر ئات تەقدىم قىلدىم، ــ دېدى نەۋائى چەكسىز خۇش بولۇپ، ــ ئۆزىڭىز هارماي ـ تالماي، ساق ـ سالامەت كەلدىڭىزمۇ؟

ــ ئوغانىغا[1] شۈكۈر، ئاتتەك ساقمەن.

ئەلچى دەريادا قول ـ يۈزىنى يۇيۇپ، پوتىسى بىلەن سۈرتتى ـ دە، نەۋائى بىلەن بىللە دۆڭگە چىقىپ، يېپەك چېدىرغا كىردى.

ــ شاهىم، ــ دېدى تېز پۈكۈپ، ــ سائادەت قۇياشى هەمىشە بېشىڭىزدا نۇر چاچسۇن. بۇ قېتىممۇ ئامەت ۋە زەپەر بىزگە يار بولدى. كىتابدار قۇلىڭىز قىلىچنى تاشلاپ باش ئېگىپ كەلدى. ئۆزى بۇ يەردىن تۆت تاش نېرىدا پەرمانىڭىزنى كۈتۈۋاتىدۇ. ئەپسۇسكى، بەلخدە ئۇنى باغلاشقا زەنجىر تاپالمىدىم.

ــ ئەگەر دەرۋىشئەلى ئىسيان قىلىچىنى ئىتائەت غىلاپىغا سالغان بولسا، بىز گۇناهىدىن كەچتۇق، ــ دېدى سۇلتان كۈلۈمسىرەپ، ــ ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردىمۇ زەنجىر تېپىلماس. بىز ئۆچ ئېلىشنى ئەيىب، ئەپۇنى ئۆزۈمىزگە هۇنەر، دەپ بىلىمىز.

ئەتىسى ئەتىگەن دەرۋىشئەلى پادىشاهنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىز پۈكۈپ، قىلغان ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزرە سورىدى.

هۇسەيىن بايقارا ئىككى دۈشمەنىنىڭ بىرىدىن شۇ يوسۇندا ئاسانلا قۇتۇلغاندىن كېيىن، ئىككىنچى دۈشمەننى بىر ياقلىق قىلىش پىلانىنى تۈزۈشكە باشلىدى. بىراق قىش بۆرۈنراق كېلىپ قالغانلىقتىن، بۇ ئىشنى باهارغا قالدۇرماقچى بولدى.

بەگلەر قىشنى بەلختە ئۆتكۈزۈپ، باش باهاردا هىسار قەلئەسىنى هۇجۇم بىلەن ئىشغال قىلىشقا مەسلىهەت بېرىشتى. سۇلتان بەلخكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆز ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، دەرۋىشئەلىنى شەهەر قەلئەسىدە قولغا ئالدى. قىش تۈگىگەندە، ئەلىشىرنى مۇۋەققەت هاكىم قىلىپ، ئۆزى هىسارغا ماڭدى.

ئۆز ئىنىسى تۇرمىدە ياتقان قەلئەدە هاكىم بولۇپ تۇرۇش، شائىرنى بەكمۇ ناقۇلاي ئەهۋالغا سېلىپ قويدى. پادىشاه نەۋائىنى خورلاش ئۈچۈن ئۇنى ئۆز ئىنىسىنىڭ زىندانچىسىغا ئايلاندۇرغانىدى ....

---

[1] تەڭرى

شائىر قاراڭغۇ ۋە ئەبەدى ئاپتاپ كۆرمىگەن ئايلانما زىنداننى بېسىپ، قەلئەنىڭ تۈنياق تەرىپىدىكى بۇلۇڭغا چىقتى. بۇ يەردىن بەلخنىڭ شىمالىدىكى كەڭ دالا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ياپيېشىل دالىلار، رەڭمۇ-رەڭ لالىلەر بىلەن بېزەلگەن ئېتىزلار، پاختىدەك چېچەكلىگەن ئالمىلىقلار ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ، دىلىدىكى چىگىشلەرنى يېشىپ تاشلايتتى. بىراق بۇ ئاجايىپ مەنزىرە ئۇنىڭ خورلۇقىنى كەلتۇردى. شۇنداق چىرايلىق، ئاجايىپ تەبىئەت ئالدىدا بۇ ئادەم ئۆزىنى بەكمۇ بەختسىز ھېس قىلدى. شائىر پۇتى ئاستىدا ياتقان بەلخكە قاراپ، خىيالەن: «ئەي كەيكاۋۇسنى كۆرگەن كونا شەھەر، ئىككى يېرىم مىڭ يىلدىن بېرى مەندەك بەختسىز بىر ھاكىمنى كۆردۈڭمۇ؟!» دەپ خىتاب قىلدى.

نەۋائى زەنجىرگە باغلاپ قويۇلغان شىردەك قورغان تۆپىسىدە ئۇياق-بۇياققا ماڭاتتى، ئەلىمگە چىدىيالماي ئىڭرايتتى.

كۈن پېتىپ، قاش قارايغاندىن كېيىن ئالدىدىكى باغلاردىن، دالىلاردىن شامال كېلىشكە باشلىدى. شائىر خۇددى قوغۇشۇندەك ئېغىرلاشقان پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ، ئايلانما پەلەمپەيدىن تۆۋەنگە چۈشتى. زىندانچىدىن ئاچقۇچ ئېلىپ، بىر ھۇجرىنىڭ ئىشىكىگە سېلىنغان بۇرىما قۇلۇپنى ئاچتى. ئېغىر ئىشىك غىچىرلاپ ئېچىلىشى بىلەن زىنداندىن زەي پۇراپ، ئۇنىڭ نەپىسىنى قىستى. بىر قۇچاق مەنگەن تۆپىسىدە ياتقان دەرۋىشەلى زەنجىرلەرنى شىرىقلىتىپ ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى. نەۋائى شام تۇتۇپ، ئىنىسىنىڭ مۇردىدەك سارغىيىپ قاتقان يۈزىنى كۆرۈپ — ئىختىيارسىز كەينىگە بىر قەدەم داجىدى.

— مېنى ئەپۇ قىل ئىنىم، زەنجىردىن ئازاد قىلىشقا ھازىرچە ئاجىزمەن، — دېدى ئۇ، — سېنىڭ جىسمىڭ ئازابتا بولسا، مېنىڭ روھىم قىيىنالماقتا. قانداق قىلاي، قىسمىتىمىز شۇنداق ئىكەن.

— سىزدە ئەيىب يوقلۇقىنى بىلىمەن، ئاكا. لېكىن ۋەدىگە خىيانەت قىلىپ، ئېگىلگەن باشقا مۇش ئۇرغان زالىمدىن خاپىمەن، بېشىمغا قىلىچ كەلسە ئىدى ...

— قورقما، سېنى ھېچنەرسە قىلالمايدۇ. پادىشاھ مېنى خورلاش ئۈچۈنلا سېنى شۇ كويغا سېلىپ قويغان.

— بۇنداق خورلۇقتىن ئۆلگەن ياخشىدى. ئاكا، نېمە ئۈچۈن مېنى يولدىن ئازدۇردىڭىز؟


پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان شام يورۇقىدا ئاكا-ئۇكا خېلى ۋاقىتقىچە ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرۇشتى. زىنداننىڭ تېمىدىكى تۆڭلۈكتىن ئاي مارىلاپ، بۇ ئىككى بىچارىنى ھەيرانلىق ئىچىدە تاماشا قىلدى.

ھۇسەيىن بايقارا ھىسار قەلئەسىنى بىر نەچچە ئاي قامال قىلىپ ياتتى. ئاقىۋەت، ئۇ سۇلتان مەھمۇد بىلەن سۈلھ تۈزۈپ، بەلخكە يېنىپ كەلدى ۋە دەرۋىشەلىنى تۈرمىدىن ئازاد قىلىپ، قوشۇنى بىلەن ھىراتقا مېڭىپ كەتتى.


(داۋامى بار)

(ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ)

(ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ سابىق باش مۇھەررىرى)








源泉 （布拉克）（维吾尔文）总101期

بۇلاق (قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي101-سان

MAGAZINE OF BULAK UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر )
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65-1063/I
ISSN 1005—0876/ 国外代号：Q1118
本刊代号：58—108 定价：6.50元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1118
ۋاكالەت نومۇرى : 108—58. باھاسى : 6.50 يۈەن